# تەڭرىتاغ

TANGRITAG

2002.5
天尔塔格



ۋياش بىلەن تەن ئارىسىدا
ۆدالىق كۆيى
ەتتە باشلىق ئايال

ISSN 1004-1745



شائىر ئادىل تۇنىياز

## ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتىۋالايلى!

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# 2002.5

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئايگۈل ئىسمائىل،
ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت
ئىمىن، ئەكبەر ئېلى، ئىمىن ئەھمىدى،
بۇغدا ئابدۇللا، مۇختار مەخسۇت،
مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى
قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

# مۇندەرىجە

## مەخسۇس سەھىپە

شېئىرلار ........................................ روزى رازىق، سادىر قادىر (4)

## ھېكايىلەر

يەتتە باشلىق ئايال ........................................ ئەخمەتجان ئوسمان (58)
جۇدالىق كۆيى........................................ دىلبەر ھامۇت (5)
ئازابلىق خىيال ........................................ ئايشەمگۇل غوپۇر (108)

## شېئىرلار

قوياش بىلەن تەن ئارىسىدا........................................ ئادىل تۇنىياز (26)
دىل تىۋىشلىرى ........................................ بوۋاقى (29)
شېئىرلار ........................................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد (30)
چۈش ........................................ يالقۇن ئەزىزى (32)
شېئىرلار ........................................ غەيرەت غوپۇر (32)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەزىزى (تەكلىپ قىلىنغان)
ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 94 - سان

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

دۇنيا نەزىرىدىكى كىرىيە دەريا بويى ............ جۇمەنىياز تۇرسۇن (33)
مېنىڭ ئەدەبىي خاتىرىلىرىم ............ قادىر ئەكبەر (48)
ئەدەبىي خاتىرىلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (52)

## نەسرلەر

نۇر ئىزدەش ............ ئوسمان قاۋۇل (68)
كۆتۈش ............ مەريەمگۇل ئابدۇرېھىم (71)
مۇھەببەت ناخشىلىرى ............ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى (72)

## كلاسسىكلىرىمىز

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ............ فارابى (77)

## جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئېرىم ئۆيدە يوق (ھېكايە) ............ فىلىڭ يەن (100)
دېرىزە ئالدىدىكى ئاي نۇرى (ھېكايە) ............ رووئالكارلا (104)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تور ئادرېس: http://www.tangritagh.net
E—mail:polat@tangritagh.net,editor@tangritagh.net
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن

ياشىسۇن ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!

# ئىككى شېئىر

**روزى رازىق**

## ۋەتەنگە مۇھەببەت

يانىدۇ ئىشقىم لاۋۇلداپ ئەي جۇڭخۇا ئېلىم ساڭا،
مەدھىيە - ئوتلۇق قوشاقلار ياڭرىتار تىلىم ساڭا.

تۇغۇلۇپ قوينۇڭدا ئۆستۇم، ئاسرىدىڭ پەرۋىش قىلىپ،
قەلب سۆزۈم شۇكى: تەسەددۇق بارلىقىم - جېنىم ساڭا.

شۇ ئۇلۇغ چاڭجياڭ، خۇاڭخې سۈيى ئوخشاش ھەر قاچان،
ئاقىدۇ دولقۇنلىنىپ مۇھەببىتىم - مېھرىم ساڭا.

قەست قىلىپ گەر شۇم رەقىبلەر تەڭلىسە قانلىق پىچاق،
يوقىتارمەن تەلتۆكۈس، بولغاچ تۇتاش تېنىم ساڭا.

سەن ئۈچۈن لازىم ئىكەن، بۇرچۇم كۆتەرمەك تاغنىمۇ،
مەن ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق، ئاقسا كۆپ تەرىم ساڭا.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش نۇرىدا كۈلدىڭ - ياشنىدىڭ،
مەڭگۈ سادىق بولىمەن ئەي ئۇلۇغ ۋەتىنىم ساڭا.

## كومپارتىيىگە مەدھىيە

ئەي ئۇلۇغ كومپارتىيە، جانجان ئۇستازىمىز،
سىز بىلەن كۈلدى چېچەكلەپ، گۈلباھار ھەم يازىمىز.

كۈيلىسەك سىزنى شۇڭا ئالەمشۇمۇل ھۆرمەت بىلەن،
كائىناتنى لەرزىگە سالدى جاراڭلىق سازىمىز.

شۇم ئۆتمۈش - قانلىق دوزاختا ئىتتىنمۇ خار ئۆتكەن ئىدۇق،
ھە بۈگۈن بىز ناخشا ئېيتساق كۆكنى قۇچار ئاۋازىمىز.

كۆرسىتىپ توغرا نىشان ماڭغاچ يېتەكلەپ بىزنى سىز،
تەرەققىيات دولقۇنلىرىدا يۈكسەلدى پەرۋازىمىز.

مىڭ ياشاڭ ئەي بەختىمىزنىڭ نۇر قۇياشى پارتىيە،
سىز ياراتقان بۇ زاماندىن تائەبەدكە رازى بىز.

# قەدىردانىم پارتىيە

**سادىر قادىر**

پارتىيە قەدىردانىم،
زەر كەۋسەر بۇلاقىمسەن.
مېھرى ئىللىق، تەپتى ئوت،
يالقۇنلۇق چىراغىمسەن.

مېھرىڭ بىلەن يېتىلدىم،
يېڭى سەپكە قېتىلدىم.

بولغاچقا سەن يېتەكچىم،
پورەكلىدىم ئېچىلدىم.

شۇڭا سېنى كۈيلەيمەن،
دىلغا پۈككەن ئارمانىم.
سەن بەختىمنىڭ چولپانى،
يول باشچىسى قەدىردانىم.

(بۇ سەھىپىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى: **ھەببۇللا مۇھەممەت**)



# جۇدالىق كۈيى

(ھېكايە)

دىلبەر ھامۇت

1

تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، ئەتراپنى توپا - چاڭ باستى، ئۈلشىپلا شەھەرنى تۈن پەردىسى قاپلىدى. ئىنس - جىن قالمىغان كوچىدا پەقەت بىرلا ئادەم — يەنى مەنلا كېتىۋاتىمەن. بىرەر پاناھلىق جاي ئىزدىگۈمۇ، ئۆيگە قايتقۇمۇ يوق. نەگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي كۆڭۈلسىز، چۈشكۈن، غەلىتە بىر ھالدا ئاستا كېتىۋاتىمەن، خىيالىمدا بىرلا سەن...

بۈگۈن — سەن كەتكەن، ئىلاجسىز، پەرىشان، ئۈمىدسىز كەيپىياتتا كەتكەن. مېنىڭ چاقىرىشىمنى، «قايتىپ كېلىڭ» دېيىشىمنى كۈتكەندەك ئارقىڭغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ مەندىنمۇ ئاستا، مەندىنمۇ كۆڭۈلسىز، مەندىنمۇ ۋەيرانە ھالەتتە كەتكەنىدىڭ. بۇ ئۆزۈڭنىڭ قارارى بولسىمۇ، ئۆزۈڭدىن بېرى مۇشۇ ئايرىلىشنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان بولساڭمۇ پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس بولغان تۇغما چىدىماسلىق بىلەن نېمىلەرگىدۇر تارتىنىشقان، نېمىلەردىندۇر ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمىگەن ھالدا كەتكەنىدىڭ. ئىلھام، سەن كەتتىڭ، پەقەتلا كەتكۈڭ كەلمەيۋاتقانلىقىڭغا، بۇ قەدىمىي شەھەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭغا، زادىلا قىيالمايدىغانلىقىڭغا قارىماي يەنىلا كەتتىڭ. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، سېنىڭ كەتكىنىڭ بەكلا ياخشى بولدى. مەن گويا ئۈستۈمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك ئىنتايىن يېنىكلەپ قالدىم. كۆڭلۈم ئېپادىلەپ بەرگۈسىز خۇشاللىققا تولدى. بۇنداق دېسەم، سېنىڭ مەندىن رەنجىپ: «سېنىڭ بۇرۇندىن نىيىتىڭ ئالا ئىدى، ئەمدى مۇرادىڭ ھاسىل بولۇپ خاتىرجەم بولۇپ قالغانسەن؟» دەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ياق، ئىلھام، مېنىڭ نىيىتىم ھېچقاچان ئالا بولۇپ باققان ئەمەس. بولۇپمۇ لەۋلىرىم سېنىڭ تۇنجى سۆيۈشلىرىڭ تۈپەيلىدىن ئازابلىق تىترىگەن ئاشۇ مىنۇتلاردىمۇ ئۆزۈمنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلدۇرغان. سەن قوللىرىمدىن تارتىپ باغرىڭغا مەھكەم باسقان ئاشۇ كۆڭۈللۈك سائەتلەردىن تارتىپلا مەن ساڭا ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلگەن. سەن مېنى ھەرقانچە رەنجىتسەڭمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا كۈنلەپ - كۈنلەپ تەتۈر قاراپ ياتقان، مېنى ئەسلا ئويلاپ قويمىغان بولساڭمۇ، بۇ بىرقانچە يىللىق ھايات مۇساپىسى جەريانىدا مېنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز غەم - قايغۇلارغا، پۈتمەس - تۈگىمەس پۇشايمانغا، زادىلا قۇرىمايدىغان كۆز يېشىغا بەنت قىلىۋەتكەن بولساڭمۇ، سەندىن باشقا ھېچكىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمەي ياشىغان. ھاياتىمنى، گۈزەللىكىمنى، غايە - ئىستەكلىرىمنى، ئارزۇ -

ئارمانلىرىمنى بىر ساڭىلا مەنسۇپ، مەڭگۈ مەنسۇپ دەپ كەلگەنىدىم. لېكىن بۈگۈن ھېچ ئىككىلەنمەيلا سەندىن كەچتىم. ساڭا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتمىدىم، تارتىشمىدىم. . . ئاشۇ جۇدالىق پەيتلىرىدە، مەن گويا دىۋەڭلەردەك ھېچ ئىپادىسىز ھالدا ساڭا ھەممىنى دەپ بولغان. «سۆزلەپ - سۆزلەپ» ھارغان، «ۋاتىلداپ - ۋاتىلداپ» ئاغزىم تالغان، كۆز ياشلىرىممۇ قۇرۇپ تۈگىگەن. ئاغرىشىممۇ قالمىغان، قەلبىمدە ساڭا تەئەللۇق ھېچنەرسە قالمىغانىدى. ھەتتا ساڭا خوش دېگۈممۇ كەلمىدى. چۈنكى شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن سېنى «خۇداغا ئامانەت» دەپ سانسىز قېتىم ئۇزاتقان، يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ قولۇم ئىشقا بارماي سەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ، تالاي كېچىلەرنى غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، سەن ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئادەم يوق يەرلەردە قانغۇچە ياش تۆككەن، ساڭا كۆپ قېتىم يالۋۇرغان، نەسىھەت قىلغان، تويدىن ئىلگىرى ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىڭنى قايتا - قايتا ئېسىڭگە سالغان. بەزى كېچىلىرى بىر - بىرىمىزگە بولغان بارلىق ئاداۋەتلىرىمىزنى ئۇنتۇپ تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشقان، سىرداشقان ھەتتا بەزىدە كېچىچە تىللىشىپ، جېدەللىشىپ چىققان. . .

مەن چارچىغان، قاتتىق چارچىغانىدىم. . . بۇ خىل تۇرمۇش مېنى چارچىتىپ ھالسىدىن كەتكۈزگەنىدى، ئاخىرىدا ساڭا گەپ قىلغۇممۇ، قارىغۇممۇ كەلمەس بوپ قالغان، مۇھەببەت ئۆلگەن، نەپرەتمۇ ئۆلگەن، سەن قەلبىمدە پۈتۈنلەي ئۆلگەنىدىڭ. شۇڭا سېنى كىشىنى بىزار قىلىدىغان مەنىسىز قاراشلىرىم بىلەن ئۆزىتىپ قويدۇم.

بىز بىر ئۆيدە ياشىغاندا ھەممە گەپنى مەن قىلاتتىم، ساڭا دېمىگەن گېپىم قالمىغانىدى. بۇ جۇدالىق پەيتلىرىدە بارلىق گەپلەرنى سەن قىلدىڭ، بۈگۈن پەقەت بۈگۈنلا مەندىن ئەبەدىلئەبەد ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىڭنى ھېس قىلغاندەك، ئىلگىرى ئەسلا ھېس قىلىپ باقمىغاندەك، كۆڭلۈڭدىكى گەپلەرنىڭ بىرىنى قويماي دەۋېتىش قارارىغا كەلگەندەك ناھايىتى كۆپ سۆزلىدىڭ، مۇڭلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ ئاۋازىڭ بوغۇلغان ھالدا سۆزلىدىڭ. سەن ماڭا نېمىلەرنى دەۋەتكەنسەن؟ مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرەي. سەن مېنى تولىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن:

- يۈزسىز، ئۇرۇشقاق، ھازازۇل،- دېدىڭ. بىراق ساڭا ھەممىدىن بەك ئايانكى، مەن جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئۆزىنى توختاتقان ئەڭ تەمكىن ئەزاسى. خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا چىقىشقاق ئايال، قولۇم - قوشنىلارنىڭ نەزىرىدە ئىشچان، كۆيۈمچان، كۆكسى - قارنى كەڭ ئايال ئىدىم، سەن ماڭا ھېچبىر ئەيمەنمەي:

- سەن ماڭا سەككىز يىلدىن بېرى كۈلۈپ باقمىدىڭ،- دېدىڭ. مەن كۈلۈپ باقتىم. بۇ دۇنيادا پەقەت ساڭىلا كۈلۈپ باقتىم. مەن ئەزەلدىن ئەرلەرنى ياقتۇرمايتتىم، ئۇلارنى «ماڭا لايىق كەلمەيدۇ، ياخشى كۆرۈشۈمگە ئەرزىمەيدۇ» دەپ قارايتتىم. لېكىن ساڭىلا، پەقەت ساڭىلا كۈلۈپ قارىدىم. توپتوغرا سەككىز يىل، تا بۈگۈنگە قەدەر سەندىن ھېچنەرسەمنى ئايىمىدىم. مەن سېنىڭ قايسى تەلىپىڭنى رەت قىلىپ باقتىم؟ سەن كۈلۈپ باقمىغانلىقىم سەۋەبىدىن مېنىڭ نېمەمگە ئېرىشەلمىدىڭ؟ نېمىلەردىن مەھرۇم قالدىڭ؟ بوپتۇ، كۈلۈپ باقمىغانمۇ بولاي. بىراق سەن ماڭا كانىدەك چاپلاشقاندىن باشقا مېنى كۈلدۈرگىدەك، ھۆرمەتلىشىمگە، قەدىرلىشىمگە ئەرزىگۈدەك نېمە ئىش قىلالىدىڭ؟ بىر ئوغۇل بالا، بىر ئەر، بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە ئۆزۈڭنىڭ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭنى قانچىلىك ئادا قىلالىدىڭ؟ . . .

- سەن ھەر قېتىم ئۇرۇشقاندا «ئاجرىشىمەن، ئاجرىشىمەن» دەيتتىڭ. مەن سېنى «بۇ قېتىم چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا بۇ ئۆيدىن ئاللىقاچان رايىم قايتقانىدى. بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆچمىمىز بولۇپ باقمىغان.

ئەمدى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم، ئايرىلىش ئازابى سېنى چىدىماس قىلىپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ ئۆيىمىز بولغان، ھەمىشە چىنىدەك پاكىز تازىلاقلىق تۇرىدىغان ئاشۇ ئۆيلەر، ئەڭ تىنچ، خاتىرجەم ئۆيلەردىمۇ ئىتىلمەيدىغان، ئادەمنىڭ دىمىغىنى غىدىقلايدىغان، تاماق رىسالىسىدىن ئۆگىنىۋالغان خىلمۇخىل مەززىلىك تائاملار، ئۈزۈلدۈرمەي كېلىپ تۇرىدىغان ئويۇنغا ئامراق

ئاغىنىلىرىڭ، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان خىزمەتداشلىرىڭ. . .

ئەجەبا، بۇلار ئىللىق، قارىماققا ناھايىتى كۆڭۈللۈك، بەختلىك ياشاۋاتقان بىر ئائىلىنىڭ شاھىدى ئەمەسمىدى؟ . . .

– سەن ماڭا تەگكىنىڭگە رازى بولۇپ باقمىغان، مېنى ياخشى كۆرمەيسەن! – دەيسەن.

راست، ساڭا تەگكىنىمگە ئۆزۈممۇ رازى ئەمەس. پۇشايمان قىلغان چاغلىرىم كۆپ بولۇپ كەتتى. ھازىرغىچە قانچىلىق پۇشايمان قىلىمەن، بىلەمسەن؟ نېمىشقا پۇشايمان قىلىمەن؟ سەن ئۇن نەچچە يىل ئوقۇدۇڭ، يەنە كېلىپ شۇنداق ياخشى ئوقۇغانىدىڭ، لېكىن خىزمەتكە چىقىپلا ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتتىڭ. خۇددى بىر كونا كىگىزدەك ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتتىڭ. سەن پۇلدىن، راھەت - پاراغەتتە ياشاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، كىتاب - ماتېرىيال كۆرمەيدىغان بولۇۋالدىڭ. كۈنلىرىڭ زېرىكىش، مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. . .

مەن تويدىن كېيىنكى شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان يېڭى كېلىنچەكنىڭ ئۆزى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان ئېرىگە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى، نېمىدەپ ئەركىلىشى، قانداق كۈتۈش، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىش، ئۇتۇۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا سەندىن زېرىكتىم. سېنىڭ ھۇرۇنلۇقۇڭ، ئەزمىلىكىڭ، ئوقۇغانلارغا خاس بولمىغان لەقۋالىقىڭ مېنى زېرىكتۈردى. ئەمما سېنى ياخشى كۆرمىگىنىم يالغان. مەن سېنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرگەن. مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم ئەينى ۋاقىتتا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا سەككىز يىل، توپتوغرا سەككىز يىل تارتىشتىم. ئەجەبا، سەككىز يىل ۋاقىت ئاز ۋاقىتمۇ؟ ئەمدى ئويلىسام پۇشايمان قىلىمەن. ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خاتالىقىم سەن بىلەن تونۇشۇش، سەن بىلەن توي قىلىش بولغان. ئىككىنچى خاتالىقىم، بۇ ئالەمگە گويا بىر ئەر ئۈچۈن، يەنى سەن ئۈچۈنلا تۆرەلگەندەك، خاتا قىلىۋاتقانلىقىمنى، بەكمۇ خاتا قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ سەن ئۈچۈن، سېنىڭ بەختىڭ، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ. . . ئۈچۈن سەككىز يىلنى ئاتىۋېتىش بولغانىكەن. مەن نېمىشقا ساڭىلا مەنسۇپتەك، ساڭىلا تەئەللۇقتەك، سەن ئۈچۈنلا يارالغاندەك، سەن ئۈچۈنلا ياشىشىم كېرەكتەك ياشلىقىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن پەسىللىرىنى ساڭا، پەقەتلا ساڭىلا ئاتىۋەتكەندىمەن. . . بۇ مۇھەببەت، بۇ سۆيگۈ، ئاشۇنداق غايەت زور قۇربانلارنى بېرىشكە ئەرزىمدۇ؟ !

## 2

كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. گۈللەر توزىدى، ئەتراپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سېرىق غازاڭغا تولدى، يېشىم ئوتتۇزغا باردى. بۇ ھاياتقا ھەمىشە كۈلۈپ قارايدىغانلارنىڭ، ساڭا ئوخشاش بىغەملەرنىڭ نەزىرىدە ئانچە چوڭ ياش ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بۇ ئوتتۇز يىل ماڭا ئورنىنى تولدۇرغۇسىز بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. پىكىرلىرىم قېتىپ، خىياللىرىم قالايمىقانلاشتى، نېمىنى ئارزۇ قىلسام قىلالايدىغان، نېمىگە ئىنتىلسەم ئېرىشەلەيدىغان ئاجايىپ ئۆتكۈر، ئەقىللىق چاغلىرىم كەلمەسكە كەتتى. سەزگۈلىرىم، نېرۋىلىرىم كېرەكتىن چىقاي دېدى. مەنىۋى جەھەتتە تارتقان زىيانلىرىمنى ئاز دەپ، سالامەتلىكىممۇ ناچارلىشىپ كەتتى. تۇغۇت چەكلەش دورىلىرىنىڭ كار قىلماسلىقى، ئارقىمۇ ئارقا بالا ئالدۇرۇش، تۇغۇتۇمنىڭ نورمال بولماسلىقى مېنى خوراتتى. روھىي جەھەتتىنلا ئەمەس، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ھارغىنلىق يېتىپ ئۇھ دېگۈدەك ئەھۋالىم قالمىدى. نە كىتاب كۆرگۈم كەلسە، نە بىرەر ئىشتىن كۆڭلۈم سۆيۈنسە كاشكى. كۈن بويى خامۇشلۇق، گاڭگىراش ئىلكىدە، دورا يەۋالغان بېلىقتەك ياشايدىغان بولۇپ قالدىم. مانا بۇ سەن بىلەن بىللە ئۆتكەن ئازابلىق يىللارنىڭ ماڭا قالدۇرغان يالدامىسى. بۈگۈنمۇ سەن كېتىپ تولىمۇ چۆلدەرەپ قالغان ئۆيۈمدە بوران ئۇچۇرتۇپ تاشلىۋەتكەن قامغاقتەك تېنەپ يۈرىمەن. ئۆرە تۇرۇش پۇتلىرىمنى تالدۇرغاچقا، ئولتۇرۇۋېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. تويىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۇۋاھچىسى بولغان، ھازىر ئۆڭۈپ كونىرىغان

ئەتىللا كۆرپىدە ئولتۇرغىنىمچە خىيالغا پاتتىم. . .

ئىلھام، سەنمۇ، مەنمۇ چوڭ بولدۇق. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قاراشلىرىمىزدا، نۇرغۇن - نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولدى. «مۇھەببەت» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتتىم، ئەمما تا بۈگۈنگە قەدەر بىرلا نەرسىنى، يەنى ئىلگىرى ساڭا كۆيۈپ - پىشىپ مەستانە بولۇپ كەلگەنلىكىمنى، بۇ مەستانىلىقنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر مېنى چىرماپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئەرلەرگە قويىدىغان تەلىپىم بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەنمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ؟ يېشىم يىگىرمىدىن ئېشىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىم ئاياغلىشىشقا بىر يىل قالغانغا قەدەر بىرەر يىگىت توغرىسىدا تەپسىلىيرەك ئويلىنىپ باققىنىمنى، ياش قىزلارغا خاس شېرىن ئارزۇ - ئىستەكلەردە بولغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەخلاقىمغا، چىرايىمغا ئىشىنىپ بەزى يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت تەكلىپىنى سوغۇقلۇق بىلەن رەت قىلىۋەتكەنىدىم. كۈن بويى ئۆگىنىش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈش، خاتىرە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم. ئاقىۋەت مۇھەببەت ئىلاھى مېنىڭ قەلب دەرۋازامنى شۇنداق چىڭ قاققانىدىكى، مەن ئەقىلغە توشقان قىزلار ئۈچۈن خەۋپلىك ھېسابلىنىدىغان خەتەرلىك بىرقانچە يىلنى خېلى بۇرۇنلا تىنچ كۆل سۈيىدەك ئۆتكۈزۈۋەتكەن. تەمكىن، ئېغىر - بېسىق چاغلىرىمدا ساڭا سەۋدايىلارچە كۆيگەنلىكىمنى، سەن بىلەن كۈندە دىدارلىشىپ تۇرساقمۇ، سەندىن ئايرىلساملا سېنى سېغىنىپ ساڭا تەلمۈرۈپ كەتكەنلىكىمنى، ئۆز مۇھەببىتىم ئۈچۈن قايغۇرۇپ سەۋەبسىزلا كۆپ قېتىم كۆز يېشى قىلغانلىقىمنى ئۆلۈم ئالدىدىمۇ چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئاللا مەندەك بىر سوغۇققان قىزغا شۇنداق بىر چوڭقۇر سۆيگۈنى، شۇنداق بىر نازۇك ھېسسىياتنى ئاتا قىلغانكى، بۇ مۇھەببەت، بۇ سۆيگۈ پۈتۈن جىسمىمنى، يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ۋۇجۇدۇمدا مۇھەببەتكە ئائىت ھېچنەرسە قالمىغاندا مېنى بۇ ۋەيرانچىلىققا سالدى. . .

باھار كەلدى، تەبىئەت ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

مەن سېنى ئۆز ياتىقىمدا، ئۆز كارىۋىتىمدا كۆردۇم. بۇ بىزنىڭ بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشىشىمىز ئىدى. سېنى كۆرۈش نېمىشقىدۇر مېنى خۇشال قىلدى. شۇ كۈنى كەيپىياتىم ياخشى، ئۆگىنىش پىلانلىرىم تولۇق ئورۇندالغان بولغاچقىمۇ، ياكى سېنىڭدەك كېلىشكەن، مۇلايىم يىگىت بىلەن پاراڭلىشىش مېنى سۆيۈندۈردىمۇ بىلمەيمەن. ھەرھالدا بىر مەھەل كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئېھتىمال، سېنىڭ ماڭا كونا تونۇشلاردەك تولىمۇ قىزغىن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىڭ مەندە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغاندۇ، شۇ كۈنى سەن كېتىپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە سېنى، سەن بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىمنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ قالدىم. سەن ساۋاقدىشىم ئاينۇرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىكەنسەن. ئالىي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەپسەن، تەقسىمات كۈتۈپ ئولتۇرۇش سېنى زېرىكتۈرگەچكە، ئالايىتەن ئاينۇرنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتتىڭ. كېيىن بۇ ھەقتە گەپ بولغاندا، سەن تولىمۇ سىرلىق قىياپەتتە لەۋلىرىمگە يېنىككىلا سۆيۈپ تۇرۇپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا: «مەن ياتاقتا ئاينۇرنى ئەمەس سېنى ئىزدەپ كەلگەن، چۈنكى سېنى بازاردا، كىيىم - كېچەك ماگىزىنىدا كۆرۈپ قالغان. شۇ كۈنى ساڭا ئەگىشىپ خېلى يەرلەرگىچە ماڭدىم. لېكىن سەن ماڭا قاراپمۇ قويمىدىڭ، مەن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. مەن ياتاققا قايتىپ نەچچە كۈنگىچە سېنى ئەستىن چىقىرالمىدىم. سېنى كۆرۈش ئىستىكى مېنى بىر مىنۇتمۇ تىنچىتمىدى، خېلى سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ئىسمىڭنىڭ مېھراي، ئاينۇر بىلەن ياتاقداش ئىكەنلىكىڭنى بىلگەندە ھېچنېمىگە قارىماي، سېنى قوغلاشتىم» دېگەنىدىڭ. بۇ تەسىرلىك، بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قېلىش ھېكايىسى مېنى ئىشەندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، شۇ كۈنى ماڭا خېلىلا تەسىر قىلغانىدى. بىزنىڭ بۇ مۇھەببەتلىك شېرىن ھاياتىمىز قانداق باشلاندى؟ بىز بارلىق ئاشىق - مەشۇقلار بېسىپ ئۆتكەن بۇ

مۇشكۈل مۇساپىنى قانداق بېسىپ تۈگەتتۇق، ئېسىڭدە بارمۇ؟! يازنىڭ ئۇزۇن، زېرىكىشلىك كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئىككىمىز چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ قالدۇق. سەن مېنى يېڭىلا سېتىۋالغان موتسىكلىتىڭغا ئولتۇرغۇزدۇڭ، بېشىڭدا قالپاق، ئۈستۈڭدە ئۇستىلارنىڭ كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ، مېنىش ماھارىتىڭ ئۈستۈن بولۇپ، بىز خۇددى ئۇچقۇر تۇلپاردەك كېتىۋاتاتتۇق. دەسلەپتە قورۇنغاندەك بولدۇم، كېيىن ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. شەھەر كوچىلىرى، ئۆيلەر، ئاشپۇزۇللار، ماگىزىنلار بىر - بىرلەپ ئارقىمىزدا قالدى. بىز خۇددى ماھىرلار مۇسابىقىسىگە چۈشكەن چېمپىيونلاردەك شەھەرنى راسا ئايلاندۇق، موتسىكلىت ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر ھاياجاندىن ئەنسىز سوقاتتى. چاچلىرىم توزۇپ چىرايلىق گىرىپ كۆڭلىكىم شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، بىز شۇ ئايلانغانچە ئىنتايىن چىرايلىق، بىر گۈلزارلىققا كېلىپ توختىدۇق. ئەتراپ نارىغايلار بىلەن ئورالغان، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، مەيىن شامال ئەركىلىتىپ تۇرغان بۇ گۈلزارلىق كۆڭۈللەرگە ئاجايىپ بىر خىل زوق بېغىشلاپ تۇراتتى، ھەر ئىككىمىز چارچىغانىدۇق. سەن يولدىن ئېلىۋالغان توخۇ گۆشى ۋە كونسېرۋالارنى داق يەرگىلا قويدۇڭ. ئاندىن رەسمىي بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يانچۇقۇڭدىن پاكىز قولياغلىقىڭنى چىقىرىپ يەرگە سالدىڭ ۋە مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭ.

— قېنى، كۆرپىگە مەرھەمەت قىلىڭ.

مەن كۈلۈۋەتتىم. بىراق ئولتۇرمىدىم.

— كەچ كىرىپ كەتتى، قايتىپ كېتەيلى.

— ھە، چىدىماسلىق قىلغىلى تۇردىڭىزمۇ؟ ئۇنتۇپ قالماڭ، بىز باغلاشقان. سىز ماڭا يەنە ئىككى سائەت ھەمراھ بولىسىز، — دېدىڭ سەن كۈلۈپ تۇرۇپ. شۇ چاغدا نېمە توغرۇلۇق باغلاشقان بولغىيتتۇق؟ مېنى كەچۈرگىن ئىلھام، قايتا - قايتا ئويلاپمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم. كۆپلىگەن شېرىن ئەسلىمىلىرىمگە ئوخشاش بۇ ئەسلىمىلەرمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بىز كۆڭۈللۈك غىزالاندۇق، شۇنداقتىمۇ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ياتىقىمغا قايتىپ كېتىشكە ئالدىرايتتىم. سەن بولساڭ شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ قورقماڭ، مەن سىزنى قوندۇرۇۋالمايمەن. . .

سېنىڭ سۆزلىرىڭ، ئوتلۇق قاراشلىرىڭ يۈرەك باغرىمنى لەرزىگە سېلىپ مېنى خىجىلچىلىقتىن باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. كۆڭلۈم نېمىنىدۇر تىلەۋاتقان، نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، جىددىي قىياپەتتە:

— مەن ھازىرلا كەتمىسەم بولمايدۇ، چوقۇم كېتىشىم كېرەك، — دېدىم.

— كەتسەك كېتەيلى، — بىر چاغ بولغاندا سەن مېنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورققاندەك تېزلا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. مەنمۇ تۇردۇم. لېكىن سېنىڭ ھېچبىر رازىلىقىمسىز قوللىرىمدىن تارتىپ، مېنى مەھكەم قۇچاقلايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلەي. قاتتىق ئىزاھ ۋە ھودۇقۇشتىن خۇدۇمنى يوقاتقاندەك بولدۇم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمۇ سەۋەبىنى چۈشەنمەيدىغان غەلىتە بىر ئاجىزلىق، چارىسىزلىق بىلەن سېنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ بوشقىنا قارشىلىق قىلدىم. مەن سېنىڭ باغرىڭدا بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتىم. پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ، ۋۇجۇدۇم تىترەپ كېتىۋاتاتتى. شۇ دەقىقىلەردە مەن چەكسىز بەخت دېڭىزىغا غەرق بولغانىدىم. ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىم، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. . .

شۇ كۈنى لەۋلىرىمىز جۈپلەشكەن، تىنىقلىرىمىز قوشۇلغان، يۈرەكلىرىمىز تېڭىلغان ھالەتتە نەچچە سائەت ئۆرە تۇردۇقكىنتاڭ، ئاخىر قولۇڭدىن بوشىنىپ چىقتىم. خېلىلا كېچىدە، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ كېچە ئىككەنلىكىگە قارىماي، بىر - بىرىمىزگە قاراشقىمۇ پېتىنالمىغان، پۈتكۈل جىسمىمىز تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھاياجان، بەخت تۇيغۇسىدا ئوت بولۇپ يانغان ھالدا قايتىپ كەلدۇق. . . سەن مېنى ياتاقنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويغۇچە زۇۋان سۈرمىدىڭ، ھەتتا قاچان كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئېيتماي قايتىپ كەتتىڭ. . . شۇنداق ئىلھام، سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم. لېكىن ئاشۇ كېچىدىكى ئازاب ھازىر مەندە يوق، مەن شۇ كۈنى تاڭنى قانداق

ئاتقۇزدۇم، بىلەمسەن؟ تۇرۇپ سەن ئاتا قىلغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار ئۈچۈن ياش تۆكسەم، تۇرۇپلا بەكلا يېنىكلىك قىلغانلىقىم، بۇ يېنىكلىكىمنىڭ سەندە قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ پۇشايمان ئىلكىدە ياش تۆكتۇم. يەنە كېلىپ سېنىڭ جىمجىتلا كېتىپ قېلىشىڭ مېنىڭ قىزلىق ئىززەت - نەپسىمگە قاتتىق تەگكەندى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاشۇ ئامراقلىقلار يۈز بەرگەنگە قەدەر سەن ماڭا تەلەپ قويمىغان، خەت يازمىغان، مېنى مەپتۇن قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز تاتلىق سۆزمۇ قىلمىغانىدىڭ. ئەسلىدە مەن سىنىپتىكىلەرنىڭ، مەكتەپتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە «ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدىغان قورغان» ، «ياۋايى، غەلىتە مىجەزلىك قىز» ئىدىم. ئەمما بۇ قورغان سېنى كۆرۈپلا، سەن بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى بىر ئايلىنىپلا، سېنىڭ يېنىڭدا بىر قېتىم يالغۇز ئولتۇرۇپلا ھەش - پەش دېگۈچە يىمىرىلدى. بۇ تەقدىرنىڭ مېنى قەستەن مەسخىرە قىلغىنى بولماي نېمە؟ . . . مەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنچىلىك نەپرەتلىنىپ كەتتىمكى، سېنىڭ ئالدىڭدىكى شاللاقلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر كەچۈرمەسلىك نىيىتىگە كەلدىم. . . كېيىن بۇ ھەقتىكى ئاغرىنىشىمنى ئېيتقاندا، سەن تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ: «مەن سەن بىلەن تونۇشقان كۈندىن ئېتىبارەن ساڭا ئېرىشەلمەي قېلىش ۋەھىمىسى مېنى كېچە - كۈندۈز قىيناۋاتاتتى. سېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلىشىڭ تۈپەيلىدىن، مەن روھىي جەھەتتە تۈگىشىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم. سەن يېنىمدا ئولتۇرغاندا شۇ قەدەر ھاياجانلاندىمكى، ئۆزۈمنى چۈشەنمەيدىغان غايىۋى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ساڭا ئىنتىلدىم. قاچانلاردا بۇنچىلىك جاسارەتلىنىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. بىلەمسەن، شۇ كۈنى سەن ماڭا ئاتا قىلغان شېرىنلىكلەر، خۇشاللىقلار ئۈچۈن ‹مەن مېھرايىنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلىمەن، كۆڭلىگە قىلچە ئازار بەرمەيمەن› دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات سەپىرىمىزدە ھەممە ئىش سەن دېگەندەك، سەن ئارزۇ قىلغاندەك بولىدۇ. مەن سەن ئۈچۈن ھەممىگە تەييار، ھەممىگە رازى» دېگەنىدىڭ. . . ھالبۇكى، سەن بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ.

پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىڭ. ئاشۇ ئازغىنە ياخشى كۆرۈشۈش بىلەن «مېھرايىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشىمغا پۈتۈنلەي ھەققىم بار، ئۇ مەن ئۈچۈن ياشىشى، مەندىن باشقىنى ئويلىماسلىقى كېرەك» دېگەن شەخسىيەتچى ئىدىيەڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ. ئېيتقىنا، نېمىشقا ئۇنتۇپ كەتتىڭ؟ ئەر كىشى بولغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ! ؟ ۋاپاسىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ! ؟ ھەممىنى تاشلاپ، ھەممىدىن ئايرىلىپ ھاياتلىق مۇساپىسىدە تەنھا كېتىۋاتقىنىڭدا، سەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشۇ شېرىن كېچىلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس كۆلەڭگىلىرى يۈرەك - باغرىڭنى چىمداپ ئۆتكەندەك بولمىدىمۇ؟ . . . ئەجەبا، ئەقلىنى لال قىلالىغۇدەك ئاشۇ چىرايلىق ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ بىرقانچە يىللىق كۆڭۈلسىز تۇرمۇشىمىز يەر ئاستىغا مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋەتتىمۇ؟ . . .

## 3

ئەتىسى بېشىم ئېغىرلاشقان، كۆزلىرىم يىغىدىن قىزارغان، چىرايىم تاتارغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىنىپقا چىققۇم، ھېچكىمنى كۆرگۈم يوق ئىدى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دەرس ئاڭلاش، ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن خوشۇم قالمىغانلىقىنى، ئەتراپىمدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ شۇنچىلىك قۇرۇق، مەنىسىز تۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى، سېنى، پەقەت سېنى ئويلاشلا كۆڭلۈمگە ئازراق ئارام بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. كەچقۇرۇنلۇقى سەن كەلدىڭ. ئۇستۇڭدە يارىشىملىق تەنھەرىكەت كىيىمى، لەۋلىرىڭدىن، چىرايىڭدىن تۈنۈگۈنكىدەك شادلىق ئەمەس، ئاللىقانداق بىر خىل غەم - مۇڭ چىقىپ تۇرغان ھالەتتە كەلدىڭ. كۆزلىرىڭ ئەندىشە، بىئاراملىق ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئىزلەۋاتقان بىر ھالەتتە كەلدىڭ. سېنى كۆرۈشىنىڭ مېنى نەقەدەر ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى يەنە قانداقتۇر بىر ئىچكى تۈيغۇنىڭ يۈرىكىمنى ھەم ئاچچىق، ھەم تاتلىق چىمداپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ساڭا قاراپ سۆزلىمەكچى بولدۇم، بىراق ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. ھەتتا يېنىڭدىن قېچىپ كەتكۈم كېلىپ كەتتى.

- ياخشىمۇسىز مېھراي...- ئاھ، نېمدېگەن يېقىملىق، نېمدېگەن سېھىرلىك ئاۋاز - ھە!

- ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟...- لەۋلىرىم تىترەپ ئارانلا شۇ سۆزنى قىلالىدىم. سەن كۆزلىرىمگە، ياق، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدىڭ.

- مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ كېچىچە يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، سىزدىن ئەنسىرەپ كېلىشىم...

- رەھمەت...- ئىچ - ئىچىمدىن بىر سۆيۈنۈش، ئىچ - ئىچىمدىن بىر يىغا ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ھەتتا سېنى ياتاقتا تەكلىپ قىلىشمۇ يادىمغا كەلمەپتۇ. قانداق چۈش كۆرگەنلىكىڭنىمۇ سورىيالمىدىم. سەنمۇ خۇددى مەندەك كەيپىياتتا ئىدىڭ، نە ياتاققا كىرىشىڭنى، نە مېنى سىرتقا تەكلىپ قىلىشنى بىلمىگەندەك بىرنەچچە مىنۇتقىچە سەن ياتاقنىڭ سىرتىدا، مەن ئىچىدە تۇرۇپ قاپتىمەن.

- مېھراي، ئاخشام مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟

- ھە... ياق، رەنجىمىدىم.

- قايسىسى راست؟

- كېيىنكىسى...- گەپلىرىم ئىرادەمگە بويسۇنمايۋاتاتتى.

- سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەك بولارمۇ؟

- ماقۇل...- يارىماس ئېغىزىم مېنى يەنە بىر قېتىم ئوسال قىلدى. مەن ساڭا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتىم. ئىلھام، شۇ كۈنى سەن كەلمىسەڭ بوپتىكەن. مەن ئىزا، خورلۇق، ئۆكۈنۈش ئىچىدە سېنى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە يەتكۈچە تىللىغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. لېكىن سەن كەلدىڭ. ئەتىسى، ئۆگۈنى شۇنىڭدىن كېيىن كۈندە بىر قېتىم كەلدىڭ. مېنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىم بۇزۇلدى، كۈنلىرىم سەن بىلەن، سېنى ئويلاش، سېنى سېغىنىش، سېنى كۈتۈش، سەن بىلەن مۇڭدىشىش، پىنھان جايلاردا ئانچە - مۇنچە چاقچاقلىشىۋېلىش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. سەن بىر بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە تەقسىملەنگەنىدىڭ. مەن ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا تۇرغاچقا دوست - بۇرادەرلەردىن، ساۋاقداشلار-دىن خىجىل بولۇشنى ئۇنتۇپ، سەن بىلەن كۈن بويى بىللە بولىدىغان، بىللە تاماق يەيدىغان، بىللە كىنو كۆرىدىغان، ئاخشاملىرى خېلى بىر چاغلارغىچە ياتاقتا قايتقۇم كەلمەي ساڭا ھەمراھ بولىدىغان بولدۇم. مۇناسىۋىتىمىز بەكمۇ نازۇكلىشىپ كەتتى. سېنىڭ ئايرىلىشنى ئەسلىتىپ ئېيتىدىغان ئاددىيغىنە چاقچاقلىرىڭمۇ، قوشۇلۇش ھەققىدىكى ئۆمۈرلۈك تىلەكلىرىڭمۇ مېنى ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ھاياجانغا سېلىپ، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى.

- ئىختىيار سىزدە، قارار قىلىش ھوقۇقى سىزدە،- دەيتتىڭ دائىم بىر خىل ئەلەملىك نارازىلىق بىلەن،- سىزنى نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان قىلسۇن دېيەلمەيمەن. ئۇنداق دېيىشكە ھەققىممۇ يوق.

سېنىڭ «نۇرغۇن نەرسىلەر» دېگىنىڭ نېمە بولغىيتتى؟ ئېھتىمال پاك سۆيگۈ، ھېسسىيات، شېرىن ئارزۇ - ئىستەك، ياشلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىدۇر؟! سەن مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقانمىدىڭ؟...

ھازىر مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالدىم. كۆڭلۈمدە قالغىنى پەقەت بىچارە، كۆلكىلىك، ئەخمىقانە سۆيگۈمنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ئەسلىمىسى، يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن جانان چىنىنىڭ چېقىلغان چاغدىكى كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان ئاۋازىلا، خالاس.

بىر كۈنى ئىككىمىز كىنو كۆرمەكچى بولدۇق. كىنونىڭ ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ، ئەمما قىزىقارلىق، تەسىرلىك فىلىم ئىكەنلىكىگە قارىماي سېنىڭ زادىلا ئولتۇرغۇڭ كەلمىدى، كۆڭلۈڭ مەن بىلەن يالغۇز قېلىشنى ئىزلەۋاتاتتى. مېنى زورمۇزور ئېلىپ چىقىپ كەتتىڭ. مەن نارازى بولۇپ قېيىدىغان ھالدا سورىدىم:

- نەگە بارىمىز؟ بىر ئوبدان كىنونى كۆرگىلى قويماي...

- بىزنىڭ ياتاقتا ياكى باغچىغا بارايلى.

مەن قارشىلىق قىلدىم.

- تايىنلىق بىر ئۆيگىلا كىرىۋالمايلىمۇ؟

- بوپتۇ ئەمىسە، كىنو كۆرۈۋېرەيلى،- سەن ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندا ئارقاڭغا ياندىڭ.

تۇرقۇڭدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك، ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى. بىردىنلا كۆڭلۈم يۇمشىدى، قويۇق سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان سالقىن، نەمخۇش دەريا بويىغا باردۇق... ئاھ، شۇ سۆيۈشلەر، شۇ مۇھەببەتلىك بېقىشلار ھازىرغىچە داۋام قىلغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئاشۇ سۆيگۈلەردىن يۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدىمىز-نىڭ بىر پارچىسى بولغان بىگۇناھ پەرزەنتلىرىم مەجبۇري ھالدا يېتىملىك بوسۇغىسىغا ئىتتىرىلگەن، چاڭگىمىز ئېچىنىشلىق ھالدا بۇزۇلمىغان بولار ئىدى.

ئائىلىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمىگەن ئوغلۇم ئەتىگەندىن بېرى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يازغانلىقىمدىن ئىچى پۇشتى بولغاي، ئاستا قېشىمغا كېلىپ دومسىيىپ:

- دادام نەگە كەتتى؟ - دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلەتكەچ، - مۇسابىقىگە قاتناشقىلى كەتتى. خېلى ئۇزۇندا كېلىدۇ، - دېدىم. سېنىڭ ئۆيدە تۇرمايدىغان ئادىتىڭنى بىلگەچكە ئوغلۇم زۇۋان سۈرمىدى. ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقان قىزىم دىلنار بولسا سېنى تولا سوراپ زېرىكمىدى، مەنمۇ ئوخشاش بىر جاۋابنى تەكرارلاۋەردىم.

- دادىڭىز ئاكىڭىزغا سومكا، كىچىك ۋېلىسىپىت، سىزگە چىرايلىق كىيىم، سېغىز كەمپۈت، بىڭگور ئالغىلى كەتتى. بەش كۈندىن كېيىن كېلىدۇ.

بۈگۈن قىزىمنىڭ گۈدەكلىكىدىن، ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئالدىيالىدىم. لېكىن ئوغلۇمغا بۇ ئىشلارنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇلارنى يەنە قاچانغىچە ئالدىيالايمەن؟... ئۇلار زادى قاچان بىزنى چۈشىنەلەيدىغان، بۇ پاجىئەلىك رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلالايدىغان بولىدۇ؟ زادى قاچان؟...

**4**

ئىككىنچى يىلى باھاردا بىز توي قىلدۇق. مەن خاتىرجەم بىر ئائىلىگە ئېرىشتىم. سەن ئەمدى ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك: «بەخت مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزىدىغان» پۇرسەتكە ئېرىشتىڭ. سەن بەختلىك ئىدىڭ، خۇشال ئىدىڭ. مەنمۇ ئۆزۈم كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان بەختكە ئېرىشكەنىدىم. چېكىدىن ئاشقان ئامراقلىقىمىز بىزنى ئېيتىشقا خىجىل بولىدىغان بەزى كۈلكىلىك ئىشلارغىچە قىلغۇزدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى چۇۋۇلغان چاچلىرىمنىڭ ئۇچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇتلا تارغاقنى قولۇڭغا ئېلىپ، چاچلىرىمنى تاراشقا باشلىدىڭ.

- سەتلىشىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ - ساڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدىم.

- ياق، ھەيران قالدىم مېھراي، سەن نېمىلا قىلساڭ، نېمىلا كىيسەڭ يارىشىدىكەن. ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەنسەن، - سەن مېنى تۇنجى قېتىم «سەن» دېدىڭ. مەن قىلچە غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىم. لېۋىمدە خۇشاللىق پارلىدى، ئەينەككە قاراپ سېنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتىم.

- مېھراي، ئالدى تەرەپ چىرايلىق بولدىمۇ؟

سەن بۇ سوئالنى قويغاندا، كۈلكىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم ۋە قەستەن چىشىڭغا تەگدىم: «خىيالىڭدا مېھرايىنىڭ چېچىنى تۈزەپ قويالايمەن دەپ ئويلاپسەن - دە، شۇمۇ چاچ تاراش بولدىمۇ؟ ئون مىنۇتتا ئاران ئالدىنى ئەپلەشتۈردۈڭ، گەدەن چاچلىرىمنى تارىغۇچە ئۇخلاپ قالىدىغان ئوخشايمەن» دېۋىدىم، سەن قاتتىق كۈلۈپ كەتتىڭ. ئاندىن: «سېنى تازا بىر ياسىۋېتەي دېۋىدىم، ئەپلەشتۈرەلمىدىم» دەپ غۇدۇڭشىدىڭ.

- بولدى، ئەينەكنى تۇتۇپ بېرىڭ. مەن ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈۋالاي.

بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن چاچلىرىمنى چىرايلىق تاراپ، ياغلىقىمنى بېشىمغا چەگدىم، ئاندىن سېنىڭ چۇۋۇلغان قويۇق چاچلىرىڭنى رەتلىك تاراپ قويدۇم. تاماقتىن كېيىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ سەندىن ئۆزۈم ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بۇ مەسىلىنى سوراپ قالدىم:

- ئىلھام، سېنىڭ ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان نەرسەڭ زادى نېمە؟ - مەن بۇ سوئالنى مۇنداقلا سورىغان بولسامۇ، سەن ئۇزۇنغىچە ھېچنەرسە دېمىدىڭ، كېيىن راستىنى ئېيتىپ:

- مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىپ

باقماپتىمەن، ھازىرغا قەدەر سەندىن باشقا بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ ئارزۇلاپ باققىنىمنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. سەن نېمىنى بەكرەك ياخشى كۆرىسەن؟

— مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم ساناقلىقلا نەرسىلەر: كىتاب، قونچاق، ئەتىر، رەسىم. مەن سۈرەتكە چۈشۈشكە، دوستلىرىمغا ئەتىر سوۋغا قىلىشقا ئامراق.

— سەن قونچاقنى ياخشى كۆرەمسەن، مېھراي؟

— بەكلا ياخشى كۆرىمەن، كىچىكىمدىن قونچاققا ئامراق ئىدىم، ھازىرمۇ ئىزا تارتمىسام قونچاق ئوينىغۇم كېلىدۇ.

بۇ خۇسۇسىيىتىمنىڭ ساڭا شۇقەدەر قىزىق تۇيۇلۇپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي. بەكمۇ ساددىلىق بىلەن گەپ قىلىپ كېتىپتىمەن. سەن بولساڭ مېنى مەسخىرە قىلىپ راسا كۈلۈپسەن. سېنىڭ پىخسىلداپ كۈلۈشلىرىڭدىن نارازى بولۇپ:

— نېمىدەپ مەنىسىز كۈلۈۋېرىسەن؟— دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم.

— بىلەمسەن مېھراي، خۇشاللىقىمدىن كۈلۈۋاتىمەن. مەن تېخى سېنى قونچاق بىلەن خوشى يوقمىكىن دەپ ئەنسىرەپتىكەنمەن. ئەمدى غەمدىن قۇتۇلدۇم. مەن ساڭا بىر ئەمەس، بىرقانچە قونچاق ھەدىيە قىلاي، قانغۇدەك بېقىۋالغىن. . .

سېنىڭ سۆزلىرىڭدىكى مەنىنى چۈشىنىپ قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. دۈمبەڭگە شاپىلاقلاپ خىجىلچىلىقىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشتىم: «ھۇ ئەسكى، قېلىن. مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭ ساڭا قونچاق بېقىپ بەرگۈم يوق».

سۆھبىتىمىز شۇ يەردە ئۈزۈلدى. كەچقۇرۇنلۇقى سەن ئۇخلاش ئالدىدا تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— مېھراي، مەن بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچنەرسىنى ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن. لېكىن سەن بەرگەن ھەرقانداق نەرسە مەيلى ئۇ قانچىلىك قىممەتلىك، ياكى ئەرزىمەس نەرسە بولسۇن مەن ئۈچۈن بەرىبىر قەدىرلىك ۋە ئېزىز بىلىنىدۇ، — دېگەنىدىڭ. مانا ئەمدى سەن كەتتىڭ. مەن ساڭا بىرەر ئەستىلىك قالدۇرۇش تۇگۇل خوشمۇ دېيەلمىدىم. ئەمدى ئويلىسام، بەكمۇ يۈزسىزلىك قىلىپتىمەن. سەن بىلەن ئۆتكەن زېرىكەرلىك، جانغا تېگىدىغان تۇرمۇش مېنى تولىمۇ رەھىمسىز، يۈزسىز قىلىپ قويۇپتۇ. ئىلھام، سەن بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىۋېلىشىم، سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشىم، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىنى بىللە ئولتۇرۇپ ۋاراقلىشىم، خاپىلىقتا، دەرد - پىراقتا تولغان كۈنلىرىمىزنى قايتىدىن باشلىشىمىز تامامەن مۇمكىن ئىدى. سۆيگۈ دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن سانسىزلىغان ئائىلىلەرگە ئوخشاش چاندۇرماي، ھېچنېمىگە قارىماي بىر ئۆيدە ياشاۋەرسەكمۇ بولىۋېرەتتى. بۇنىڭغا سەنمۇ، مەنمۇ قارشى ئەمەستۇق. لېكىن بۇنداق ياشاشتىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆردۇق. سەن مېنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىمنى، سولغۇن يۈزلىرىمنى، پۇشايماندىن ئۆرتەنگەن ئەلەملىك چىرايلىرىمنى تولا كۆرۈپ زېرىكتىڭ، مەن بولسام سەن تېپىپ بەرگەن بىر تالاي ئاۋارىچىلىقلاردىن تويۇپ كەتتىم. ھەر ئىككىمىزگە ئايرىلىپ كېتىشتىن بۆلەك يول قالمىغانىدى. ئاخىر ئايرىلىپ كەتتۇق. بىراق بۇ نەقەدەر دەھشەتلىك ئايرىلىش - ھە! بۇ ئايرىلىش مېنى بۇ ئالەمدىكى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى. مېنى ھەممىدىن ئايرىپ يالغۇزلا تاشلاپ قويدى. . .

## 5

تالادا بوران گۈركىرەۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا يامغۇرمۇ شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتىدۇ. بالىلار ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتتى. مەن بولسام چاچلىرىم چۇۋۇلغان، كۆزلىرىم تالغان، باشلىرىم ئېغىرلاشقان ھالدا بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتىمەن. دېرىزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلىۋاتقان يامغۇر سۇلىرى خاتىرەمنىڭ بەتلىرىگە ئانچە - مۇنچە چاچراپمۇ كەتتى. نېمىشقىدۇر بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، يۈرىكىم پۇشايمان ھەم ئاچچىق ئەلەمدىن ئىڭرىماقتا.

ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىش مېنى ئاجايىپ ئازابلايدۇ ئىلھام، بىراق تىلغا ئالمايمۇ ئامال يوق، «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» كېرەك.

سەن بىلەن بىللە ئۆتكەن بەختىيار كۈنلەر، خەيرلىك چاغلار ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. شۇنداقتىمۇ، قىسمەن كۆڭۈللۈك، قىسمەن كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزگەن بەزى يىللارنىڭ ئەسلىمىسى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ مېنى قىينىماقتا.

ئىلھام، سەن مېنى قاقشاتقان، خاپا قىلغان. ئەمما مېنىڭمۇ سېنى قاقشاتقان، خاپا قىلغان چاغلىرىم بولغانىدى. ئاشۇ بىتەلەي ھەم بەختسىز يىللاردا سەن ماڭا بىر ئەمەس، ئارقىمۇ ئارقا بەش «قونچاق» ھەدىيە قىلدىڭ. بۇ قونچاقلارنىڭ بەزىلىرى ھەر ئىككىمىزنى خۇشال قىلدى. بەزىلىرى بولسا شۇقەدەر جاپا ۋە ئازاب سالدىكى، ئاخىرقى ھېسابتا سەندىن، بۇ «قونچاقلار» دىن بەكمۇ تويۇپ كەتتىم. ھەر قېتىملىق ھامىلىدارلىق، بالا ئالدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى مېنى شۇنچىلىك قىينايتتىكى، ئائىلىمىزدە ھەمىشە قىيامەت قايىم بولاتتى. سەن مېنى سەللىمازا ساقايغۇچە ئوبدان كۈتسەڭمۇ، سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي ياخشىلانغىچە يىغا - زارە، تاپا - تەنە قىلىپ، ئەر بولۇپ تۇرۇلۇپ قالغىنىڭغا تويغۇزۇۋېتەتتىم.

مەن بىلىدىغان بەزى ھامىلىدار ئاياللارنىڭ نېمىلەرنىدۇر يېگۈسى، نېمىلەرنىدۇر پۇرىغۇسى كېلەتتى. ئۆزى ئامراق نەرسىلەرنى خۇشاللىق بىلەن يېگەندە كۆڭلىمۇ، جىسمىمۇ ئارام تېپىپ قالاتتى. ھالبۇكى مەن سېزىكلىكتە ھەممىدىن چىقىپ كەتتىم، تاكى بالا يەرگە چۈشكۈچە بىرەر نەرسىنى كۆڭلۈم تارتىپ يېگۈم كەلگىنىنى، بىرەر ئىشقا كۆڭلۈم خۇش بولغىنىنى بىلمەيتتىم. كۈن بويى كۆڭلۈمنىڭ ئېلىشقىنى ئېلىشقان، ئىچىمنىڭ سىقىلغىنى سىقىلغان، ئاچ قالغىنىم قالغانىدى. بۇ باللار بىزگە بالا بولماي «بالا» بولغان. مېنى يەتكۈچە قىيناپ ئون جېنىمنىڭ بىرسى قالمىغان. سېنى يەتكۈچە ئازابلاپ «خوتۇن ئالغانغا تويغۇزغان»، ھەتتا «ئىككىنچى يېنىڭغا كەلمەيمەن» دېگەن چاغلىرىڭمۇ بولغانىدى. بىر كۈنى ئائىلىمىزدە مۇنداق بىر جېدەلمۇ بولۇپ ئۆتتى. دوختۇرخانىدىكى تەكشۈرۈش يەنە قورسىقىمدا قالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ ئەلەم بىلەن: «قانداقچە قالىدۇ؟ بىز شۇنچىلا دىققەت قىلغان تۇرساق. . .» دېدىڭ. يىغانىم ئۆرلەپ ئاران تۇرغاندا سۆزلىرىڭ يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. بىشەملىكىم ئەۋجىگە چىقتى. ۋارقىراپ - جارقىراشقا، ئۆينى بېشىمغا كىيىپ يىغلاشقا باشلىدىم. سەن ئۆزۈڭنى ئاقلاپمۇ، سۆزلىرىڭنى ئىزاھلاپمۇ كەچۈرۈم قىلىشىمغا ئېرىشەلمىدىڭ. سەن كۈن بويى تەرسالىق بىلەن ماڭا ئىنتىلگەن، ئىنتىزار بولغان، مەن بولسام مۇھەببەتنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغان ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، تەلپىڭنى رەت قىلالمىغان تۇرسام، يەنە گۇناھنى مەندە قويساڭ بولامتى؟ ئەجەبا، ئوپېراتسىيىدە تارتقان جاپالىرىم، سېزىكلىكتە كۆرگەن كۈنلىرىم ئازلىق قىلغانمىدى؟! . . . ئاخىر سەن يالۋۇرۇشقا باشلىدىڭ.

- بولدى، گەپ قىلمىساملا بولىدىغۇ؟ سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپلا ياشىدىم. نېمە دېسەم گېپىمدىن پۇتاق چىقىرىسەن. مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭ راست بولسۇن. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ شۇنىڭ مەسلىھەتىنى قىلايلى. بولدى، رەنجىمە، مېنى ئۇرۇۋال، تىللىۋال، لېكىن يىغلىما، بولامدۇ؟ سەن يىغلىساڭ مەن چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن. . .

ئەمما، مەن شۇنچىلىك بوغۇلۇپ، شۇنچىلىك ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتتىمكى، ھەرقانچە ئالدىساڭمۇ كۆز يېشىم قۇرۇمىدى. توۋا دەيمەن، شۇ چاغدا قۇرىماس بۇلاقنىڭ سۈيىدەك ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلار نەدىن كەلگەن بولغىيتتى!

مۇناسىۋىتىمىزگە ئاللىقاچان دەز كەتكەن. ئارىمىزدا ئادەمنى جاق تويغۇزۇۋېتىدىغان جەڭگە - جېدەللەرنىڭ بولۇپ ئۆتۈشىگە قارىماي بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولدۇق. ئۇلارغا خۇشال - خۇرام ئات قويدۇق ۋە دوست - بۇرادەرلەرگە چاي بەردۇق. ئۆزئارا دەتالاشلىرىمىز ئۆزىمىزنى ئاللىقاچان زېرىكتۈرۈپ تويغۇزۇۋەتكەچكە، بىز ئاسانلا كېلىشىم تۈزۈۋالدۇق. باللار ئالدىدا ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشتۇق. پەرزەنتلىرىمىز ئىككىمىز ئارىسىدىكى نىزام - كېلىشىملەردىن، سوغۇق ھېسسىياتلاردىن تامامەن بىخەۋەر ھالدا بىزنى قىسمەن

ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن خۇشال، تولىمۇ ساغلام چوڭ بولدى. بىز ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئازار يېتىشتىن قورقۇپ، دەيدىغاننى ۋاقتىدا دېيەلمىگەن، ۋارقىرىشىدىغان چاغدا ئاۋازىمىزنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىيالمىغان، قوللىرىمىزنى شىلتىيالمىغان، سەن مېنى ئۇرۇشقا ئالدىمغا يۈگۈرمىگەن، مەن بولسام بىشەملىك قىلىپ «ئۇرمامسەن قېنى؟ مەن سەن قول تەگكۈزگۈدەك ئالدىڭدا نېمە گۇناھ سادىر قىلدىم؟» دەپ ساڭا ئېسىلىۋالمىغاندىم...

ئەمدى ئويلىسام، بارلىق قورساق كۆپۈكلىرىمىز، بارلىق غۇملىرىمىز يىغىلىپ كېيىنكى كۈنلەردە قاتتىق ئاداۋەتكە، ئادەم تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ئاداۋەتكە، نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن... گەرچە بىر - بىرىمىزنى ئاياپ، بۇنى بەك ئاشكارا ئىپادىلىۋەتمىگەن بولساقمۇ، ھەر ئىككىمىز سوۋۇپ كەتكەن، كۆڭلىمىز قالغان ھەتتا سەللا يۈز - خاتىرە قىلماسلىق، دۈشمەنلىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدۇق... ئاھ، بۇ كۈن بويى بىر ئۆيدە ياشايدىغان، بىر داستىخاندا تاماق يەيدىغان، بىر ياستۇققا باش قويىدىغان ياش ئەر - ئاياللارغا نىسبەتەن نەقەدەر ئېغىر روھىي بېسىم؟ نەقەدەر كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر ئازاب - ھە!

## 6

نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. قانداق خىياللار مېنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، بىلمەيلا قالدىم. يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ تۈگىگەن دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا، قەيەرلەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ساداسىغا زەن سالغىنىمچە، مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. زورمۇزور ئورنۇمدىن تۇرۇپ باغقا كىردىم. خۇشياقماسلىق بىلەن دەرەخ تۈۋلىرىگە، ئېتىزلىقلارغا، قىرلارغا تاشلىۋېتىلگەن شاپتۇل ئۇچكىلىرىنى بىر - بىرلەپ تەردىم. ئالاھەزەل بىرەر چىنە ئۇچكە يىغقاندىن كېيىن ھويلامغا قايتىپ چىقتىم. شۇ مىنۇتلاردا سەن بىلەن «قوشماق ئاداش» ئوينىغانلىقىمىز، مەن ئۇتتۇپ كەتكەن ئاشۇ ئەسلىمىلەر يەنە يادىمغا كەلدى. ئەينى چاغدا سەن ماڭا ئىككى تال دانە - دانە مېغىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قوشماق ئاداش ئوينايلى، مېھرايي،— دەپ ئېغىزىمغا قوشماق مېغىزنىڭ بىرىنى مەجبۇرىي سېلىپ قويغانىدىڭ. ئۆزۈممۇ بۇنداق باغلىنىشلارغا ئامراق ئىدىم. شۇڭا دەرھال قوشۇلدۇم.

— قانداق شەرت بىلەن ئوينايمىز؟

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، قېنى، دەپ بېقىڭا.

— ياق، سىز دەڭ ئىلھام.

— ماقۇل ئەمىسە، سىز يېڭىلىپ قالسىڭىز، مەن نېمە دېسەم شۇنى ئېلىپ بېرىسىز. مەنمۇ سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى تەييار قىلىپ بېرىمەن.

— ئەمىسە باغلاشتۇق. ساق يىگىرمە كۈندىن كېيىن ئەتىگەندە ئۇچرىشىمىز.

— ماقۇل مېھرايي، نېمىشقا ئەتىلا ئوينۇنى ئاياغلاشتۇرمايمىز؟

— چۈنكى بۇ دېگەن ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى سىنايدىغان ئويۇن. ۋاقىتنى ئۇزارتمىساق قىزىق بولمايدۇ،— مەن چوقۇم سىزنى ئۇتۇۋالىمەن.

— قېنى، شۇ چاغدا كۆرەرمىز.

سەن مېنى ئەمەس، مەن سېنى ئۇتۇۋالدىم. بىراق بۇ ئۇتتۇرۇپ قويۇش سەۋەبىدىن ئىچىڭ پۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن يەنىلا سېنىڭ رايىڭغا باقتىم. مەيلى سەن خالا ياكى خالىما، مەن سەندىن ئارتۇقچە ھېچنېمە تەلەپ قىلىپ باقمىغان. ئاياللار قەلبىنىڭ تەرسالىقى، نازۇكلۇقى بىلەن سېنىڭ مەن تەلەپ قىلمىغان، ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىشىڭنى ئانچە - مۇنچە ئۇمىد قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ساڭا ھېچقانداق يوللۇق ياكى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان يولسىز تەلەپلەرنى قويمىغاندىم. سەن ماڭا ھېچنەرسە سوۋغا قىلىپ باقمىغان. ھەتتا كۆپ قېتىملىق باغلىنىشلاردا ئۇتتۇرۇپ قويغان بولساڭمۇ، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشمىغان بولساڭمۇ، سەن بىلەن شۇقەدەر كېچىكىپ ئايرىلغاندىم. مانا بۈگۈن ئىچ - ئىچىمدىن ئېچىنىشلىق بىر پەرياد، بىر ئىسيان، بىر پۇشايمان ئېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ. مەن

توختىماستىن پىچىرلاۋاتىمەن: «ئىسسىت، ئىسسىت، ئىسسىت».

ئىلھام، كېيىنكى ئازابلىق كۈنلەر، ئازابلىق سائەتلەردە مەن ئۆزۈمنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كۆيۈپ ئۆچكەن سەرەڭگە تىلىغا ئوخشاش تولىمۇ يارقىن، ئەمما تولىمۇ قىسقا ۋاقىتلىق ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن بۇ تۇيغۇغا كەلگەندىن كېيىن قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە ئاقتۇرۇپ كۆردۈم. چۈنكى ھېسسىيات ياكى باشقا جەھەتتىن بولسۇن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشنى، ئەڭ مۇھىمى ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتىم. ئەگەر كۆڭلۈمدە ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ھېسسىيات بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ساڭا، ساڭىلا تەئەللۇق بولغان (كېيىنچە نەپرەتكە، ئاداۋەتكە، ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ) ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە يېنىك تىندىم. بىر ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئۆز ھېسسىياتىغا خىيانەت قىلىشتىن، ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلىمەسلىكتىن، ئاسرىماسلىقتىن ئارتۇق ئېغىر ئىش يوق. لېكىن مېنىڭ بۇ مۇھەببەتتىن ئېرىشكەنلىرىم بەكمۇ ئاز، بەكمۇ ئاز بولۇپ قالدى. شۇڭا مۇھەببەتنى، ئائىلىنى، پەرزەنتلىرىمنى قوغداش ئۈچۈن ھېچنەرسەمنى ئايىمىغان، بارلىق كۈچ - قۇدرىتىمنى سەرپ قىلغان بولسامۇ، بارغانسېرى ھالىمدىن كەتتىم. ھالىمدىن كەتتىملا ئەمەس، ئۆزۈمنىمۇ ئۆزۈم قوغداپ قالالمايدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالدىم. نېمىشقا شۇقەدەر ھالىمدىن كەتتىم؟ چۈنكى سەن ماڭا نىسبەتەن بېسىم، ئېغىر بىر يۈك بولۇپ كەلدىڭ. ھېسسىياتلىرىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم، كۆز ياشلىرىم، جەبرى - جاپالىرىم بەدىلىگە شۇقەدەر ئەركىن، شۇقەدەر بىغەم بىر ھالەتتە ياشىدىڭكى، مېنىڭمۇ بىر ئادەم، ساڭا ئوخشاشلا ئادەم ھەتتا ئارزۇ - ھېسسىياتلىرى سەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئەسلا ئويلاپ باقمىدىڭ. جىسمانىي جەھەتتە سەندىن نەچچە ھەسسە ئاجىز، سەندىن نەچچە ھەسسە نازۇك ئادەم ئىكەنلىكىم خىيالىڭغا كەلمىدى. مەن سېنىڭ قۇلۇڭمىدىم؟ سەن ئۈچۈنلا بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنمىدىم؟ سېنى دەپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ھەممىدىن ئايرىلىپ ياشىشىم كېرەكمىدى؟ ياق، ئىلھام، مېنى كەچۈر. بۇ يول تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ مۇشكۇل، تولىمۇ جاپالىق ئىكەن. بۇ ئۇزۇن، مۇشكۇل مۇساپىنى سەن بىلەن بىللە بېسىپ بولۇشقا ھەقىقەتەن ماجالىم يەتمىدى، ئاھ، مېنى كەچۈر. راستتىنلا كەچۈرگىن. ساڭا روھىم، جىسمىم مەپتۇن بولۇپ مۇھەببەت سەۋداسى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، مەن بۇ يولنىڭ نەقەدەر مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمىگەن. راستتىنلا ئويلىمىغانىكەنمەن. مەندە ھازىر ماغدۇر قالمىدى. ماغدۇر قالمىدىلا ئەمەس، سەن ئۈچۈن ھېچنەرسىنى قۇربان قىلغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ پاجىئەلەرنىڭ جاۋابكارى كىم؟ سەنمۇ؟ ياق، سەن ئەمەس، مەنمۇ ئەمەس، ئائىلە قۇرۇش، بالا تۇغۇش، بالا بېقىش تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي قانۇنىيىتى، باشقا قىزلار، باشقا ئاياللار، بۇ يولدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ، مەن ئۇچرىمايمەن. ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ۋە باشقىچە بولىدۇ، دەپ ئەخمەقلەرچە ئۆزۈمنى ئالداپتىكەنمەن. «باشقىچە» بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەممۇ، ئۆزۈمگە شۇ قەدەر ئىشەنگەن، شۇ قەدەر تەمەننا قويغانىكەنمەن. ئەمما. . .

ئىلھام، مەن سېنى ماڭا كۆيۈندۇ، يار - يۆلەك بولىدۇ، بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ ئويلىغان. ئەمما سەن ماڭا قانچىلىك غەمخورلۇق قىلالىدىڭ؟ بىر ئەر سۈپىتىدە ئائىلىنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان باش - ئايىغىغا يەتكىلى، كىشىلەرگە دېگىلى بولمايدىغان سانسىزلىغان ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلىپ بېرەلىدىڭ؟ . . . ياق، سەن ھېچ ئىشتا يۆلەك بولمىدىڭ. يۆلەك بولمىدىڭلا ئەمەس، ئادەمنىڭ جەھلىنى قاتۇرىدىغان نۇرغۇن خاپىلىقلارنى، ئازارچىلىقلارنى تېپىپ بەردىڭ. ئېسىڭدىمۇ؟ ئوغلىمىز ئىرزاتنى ئىككى قېتىم يىقىتىۋېتىپ، نەچچە ھەپتە گەپ قىلىشماي، ئائىلىدە تاماقمۇ ئەتمەي قورساق ئۇرۇشى قىلىپ يېتىشقانلىرىمىز. . .

بىرىنچى قېتىملىقى ئەمدىلا ئالتە ئايلىق

بولغان ، تازا پاخلان بولۇپ ئۆملىگەن ۋاقتى ئىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن بالىنىڭ زاكىلىرىنى، ئىشتانلىرىنى يۇيۇپ - تازىلاپ ئۆيىنى كۆڭلۈمدىكىدەك سەرەمجانلاشتۇرغىچە سائەت ئون بولدى. مىجەزىم يوقلۇقىنى ئېيتىپ، تۈنجى قېتىم بالىنى ساڭا تاپىلاپ يوتقانغا كىردىم. كۆزۈمنىڭ شۇنداق يۇمۇلغىنىنى بىلىمەن، «ۋاررىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. كۆزلىرىم ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپقا تىكىلگەندە، سەنمۇ سەكرەپ كارىۋاتتىن چۈشكەنچە بالىنى يەردىن ئېلىۋېتىپسەن. بالىنى قولۇڭدىن غەزەپ بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ يۈز - كۆزىنى سىلاشقا، پەپىلەشكە باشلىدىم، بالىنىڭ يىغا - زارىسىغا ئەگىشىپ پېشانىسىنىڭ ئىششىپ چىقىشى مېنى ساراڭ قىلغىلى تاسلا قالدى. سىقىلىش، غەزەپ، تىت - تىتلىق، نارازىلىق قوشۇلۇپ مېنى بوغۇشقا، ياشقا ئايلىنىپ مەڭزىمگە قۇيۇلۇشقا باشلىدى. سەن بولساڭ بىردەم بالىنى، بىردەم مېنى ئالداشقا ئۆتتۈڭ.

- قاتتىق چۈشمىدى، يىغلىما مېھراي، قورقما، ھېچنەرسە بولمايدۇ. بالا قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ، ساڭا قاراپ تېخىمۇ يىغلاۋاتىدۇ.

- پېشانىسىدىكى مۈنەكنى كۆردۈڭمۇ؟ «ھېچنەرسە بولمايدۇ» دېگىنىنى، ئۆلسە بولامتى. بۈگۈن بىر سائەت بېقىشقا چىدىماي تاشلىۋەتكىنىنى، سەنمۇ ئادەممۇ؟ نومۇس قىلساڭچۇ. . .

- تېلېۋىزور بىلەن بولۇپ كېتىپ. . .

- سەن قاچان تېلېۋىزورغا، ئويۇنغا قانغان؟ ھايۋان جېنىدا بالىسىنى باقالايدۇ، سەن قانداق قىلىۋاتىسەن؟ باقالمايمەن دېسەڭ جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ ئۆزۈم باقمامتىم؟

مەن ئەزۋەلەۋەردىم، بالا يىغلاۋەردى، سەنمۇ سۆزلەۋەردىڭ:

- نېمانداق ئۇششۇقلۇق قىلىسەن؟ بالا مېنىڭمۇ بالام، مېنى پۇشايمان قىلمىدى دەمسەن؟ قارا، يىقىلغاننى ئاز دەپ ئىككىمىزنىڭ ۋارقىراشقىنىمىزدىن قورقۇپ كەتتى. ئۆزۈڭنى بېسىۋال، بالىغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. . .

ئەمما، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالمىدىم، شۇ كۈنى ساڭا دېمىگەن گېپىم، تىللىمىغان تىلىم قالمىدى. سەن ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ تۈن تەڭگىچە ياش تۆكۈپ چىقتىم.

ئىككىنچى قېتىملىقى بالا بىر ياشقا كىرگەن يىلى يۈز بەردى. شۇ كۈنى مەن سۇغا چىقىپ كەتتىم. تۇرۇبىدا سۇ ئاز، ئۆچىرەت ئۇزۇن بولغاچقا ئازراق ھايال بولۇپ قاپتىمەن. ئىشىكتىن كىرىشىمگە كۆزۈم تايتاڭلاپ مېڭىپ، تام جاۋەننىڭ قىرىغا كېلىپ قالغان ئىرزانقا چۈشتى. چېلەكنى تاشلاپ، ئانىلاردا بولىدىغان تۇغما چاققانلىق بىلەن بالامغا ئېتىلدىم. ئۆزۈم شۇنداق سەت يىقىلغاننى ئاز دەپ ئىرزاننى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. سەنمۇ چۆچۈپ ئويغاندىڭ. سەن ئىرزانقا قاراپ تۇرۇشنى تاپىلىغان ئاشۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۆلۈك مەستتەك ئۇخلاپ قالغاندىڭ. . . سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى پۇشايمان يېشىمۇ، قايتا - قايتا كەچۈرۈم سوراشلىرىڭمۇ مېنى ئېرىتەلمىدى. تاشنى يېرىۋەتكۈدەك ئاچچىق ئاھانەتلەر، زەھەرلىك تېگىشلەر، غەزەپلىك ھومىيىشلار، ئىنساننى ھەممىدىن بەك بەزدۈرىدىغان جېدەل - ماجىرالار ئىچىدە بالىنىڭ سۇنغان قولىنى ئۈچ ئايدا ئاران ساقايتتۇق.

ئىلھام، ئائىلىمىزدە تىلغا ئالسا نومۇس بولىدىغان، لېكىن ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئوغىسىنى قايناتىدىغان ئىشلاردىن نەچچە ئونى بولۇپ ئۆتتى. ئەجەبا، بۇمۇ مېنىڭ «يۈزسىز، ھازازۇل ئايال» لىقىمنىڭ دەلىلىمۇ؟ بالىلار نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بەرگىنىڭ، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلغىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئامراقلىقىڭنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ سەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاخشامدا ئويغىنىپ بالىلارنى بېقىشىمغا ياردەملىشىپ باقتىڭمۇ؟ بىرەر قېتىم تامىقىنى يېگۈزۈپ باقتىڭمۇ؟ . . . ياق، ياق. سەن كۆپلىگەن ئىشلارنى «بىلمەيمەن» ، «قىلالمايمەن» دەپلا تۈگەتتىڭ. مەنمۇ سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ بەزى ئىشلارغا بوپتۇ دېدىم. مەن ئەزەلدىن ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلاتتىم. قىلالمايدىغانلىرىمنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆگىنىشكە تىرىشاتتىم. لېكىن سەندە ئۇنداق نىيەت يوق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە

ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىڭنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدىڭ. مېنىڭ نۇرغۇن قېتىم سەندىن:

- بۇ دۇنيادا ياشاشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟- دەپ سورىغۇم كەلدى. لېكىن سېنىڭ تۇرقۇڭ بۇ نۇرسا، ساڭا ئەسلىدە ۋۇجۇدۇڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى زورلاپ تېڭىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ مەن بوغۇزۇمغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى يۇتۇۋەتتىم. بىراق بۇ زېرىكەرلىك، غەم - قايغۇغا تولغان كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سەككىز يىلدىن بېرى ژۇرناللاردىن شۇنچىلىك كۆپ تەلىم ئالدىمكى، ئاڭلىق، ئاڭسىز رەۋىشتە ياخشى مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىپ باقتىم. لېكىن سەن بۇ ماتېرىياللاردىكى ھەقىقىي ھېسسىياتنى چۈشىنىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدىڭ. مەنمۇ رىۋايەتلەردىكى چىدامىلىق، سەۋرچان، ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىدىغان پەرىشتىلەردىن بولالمايتتىم. رىۋايەت دېگەن رىۋايەت، كىتاب دېگەن كىتاب، رېئاللىق بولسا شەپقەتسىز نەرسە. بىز شۇنچىلىك بىمەنە، شۇنچىلىك ئاۋارە، ئاجايىپ تېتىقسىز ياشىدۇقكى، ئاخىر ھەر ئىككىمىز زېرىكىپ يەر شارىنى تاشلاپ، باشقا پىلانېتلاردا ئۆزىمىز تونۇشمايدىغان ئادەملەر بىلەن ئوي - پىكىرسىز، ھېسسىياتسىز، پاراڭسىز، سۈكۈت ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق.

7

مەن ھەر كۈنى سەھەر ئىشقا ماڭغۇچە - كەلگۈچە يول بويىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ياغاچلارنى، ئىشىك ئالدىلىرىدا ئويناپ يۈرگەن يېرىم يالىڭاچ بالىلارنى، ئۆيلەرنى، توختىتىپ قويۇلغان ماشىنا، هارۋىلارنى، قىسقىسى خىلمۇخىل نەرسىلەرنى، خىلمۇخىل ئىشلارنى كۆرىمەن. ئىدارىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان شۇنچە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئۇھ دېگۈدەك ھالىمنى قويمايدۇ. ئېشىپ كېتىۋاتقان شەكىلۋازلىقلار مېنى تويغۇزۇۋەتكەچكە، ئۆيۈمگە قايتىشقا شۇنچىلىك ئالدىرايمەن. ئىشىكتىن كىرىپلا، تاماققا تۇتۇش قىلىمەن. تاماقتىن كېيىن سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن ياكى بۇيرۇقىڭ بىلەن زورمۇ زور قايسىبىر رېستورانلارغا چايغا ياكى قايسىبىر تويغا، بۆشۈك تويغا ئالدىرايمەن، ياكى ئۆيۈمگە كەلگەن ھەر خىل، ھەر ياڭزا مېھمانلىرىڭنى كۈتۈشكە باشلايمەن. ھېچبولمىغاندا، سەن تېلېۋىزور كۆرىسەن، مەن كىر - قات يۇيىدىغان، ئۆي يىغىشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن. بىزدە پىلان بولمىغاچقا ئىشلىرىمىزنىڭ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممىسى تەرتىپسىز، ئاخشىمى سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن يوتقانغا بالدۇرلا كىرىمەن. ئامراقلىق بىلەن ئەركىلەشلەر، ئەركىلىتىشلەر، كۈچىيىپ بېرىۋاتقان جىسمانىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشلار. . . ھەتتا تۈنۈنى تاڭغا ئۇلاپ چاقچاقلىشىپ چىقىشلار تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، كۈندۈزدىكى جەڭگە - جېدەل، سوغۇقلۇقلار يوقىلىپ ئائىلىدە يېڭىچە بىر ھايات شەكىللىنىدۇ. ئەتىسى سەھەردە پاكىز يۇيۇنۇپ، ھويلا - ئاراملارنى تازىلاپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرىمەن، ئاندىن ئىدارىگە ئالدىرايمەن. ئوخشاش قېلىپتا تەكرارلىنىدىغان، ئۈزلۈمەي، ئۆزگەرمەي داۋام قىلىدىغان بۇ خىل تۇرمۇش جەريانىدا، مەن ئۇشتۇمتۇت ئاجايىپ بىر زېرىكىشنى، ئىنساننى ھەممىدىن بەزدۈرىدىغان، ھەممىدىن ئايرىيدىغان قورقۇنچلۇق بىر زېرىكىشنى ھېس قىلدىم. بۇ ئالاھەزەل توي قىلغىنىمىزغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان ۋاقىت ئىدى. مەن ۋۇجۇدۇمدا تۇيۇقسىز قوزغالغان بۇ ھېسسىياتتىن قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى بارغانسېرى بۇ خىل ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن زېرىكىۋاتاتتىم. مەشھۇر روسىيە يازغۇچىسى تولستوي بىلەن ئايالى سوفىيە ھەققىدىكى مۇنۇ ھېكايە داۋاملىق خىيالىمدىن كەتمەيدىغان بولدى:

سوفىيە بىلەن تولستوي بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىشىدىكەن. ھەر قېتىم جىنسىي ھەۋىسى قوزغالغاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئەسەبىيلەرچە مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىكەن. ھالبۇكى، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن - دە، بىر - بىرىگە قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي بىر - بىرىنى شاللاقلىقتا ئەيىبلىشىدىكەن. بىر - بىرىگە قاتتىق ئازار بېرىدىكەن. شۇڭا تولستوينىڭ پۈتۈن ئۆمرى بەختسىزلىك ئىچىدە

ئۆتكەن. سوفىيە بولسا «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن رومانىنى يېزىپ، تولستوينى قاتتىق ئەيىبلىگەن ھەم مەسخىرە قىلغان. ئۇلار قىسقىغىنە ھاياتىدا «شۇنداق شېرىن، شۇنداق بەختلىك ئاجايىپ بىر مىنۇتلارنى، سائەتلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن، بىراق ھاياتىنىڭ بۇ ئۇزۇن، زېرىكىشلىك مۇساپىسىدە بىرگە مېڭىشنى، ھەمدەم بولۇشنى، يار - يۆلەك بولۇشۇپ، غەمخورلۇق قىلىشنى ئەسلا خالىمىغان. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى ئازاب، ھەسرەت، پۇشايمان، ئېچىنىش ئىچىدە جان تالىشىپ، يەككە - يېگانە ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن... ئىككىمىزمۇ مۇشۇ ئەر - خوتۇنلاردەك، مىخ بىلەن زىقتەك ياشاپ ئۆتۈپ كېتەرمىزمۇ؟...

ئەمما سوفىيەدەك ياشاش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. سەن بولساڭ تولستوي تۈگۈل سايىسىمۇ بولالمايتتىڭ.

مەن بۈگۈن ئازابلىق تولغىنىپ ئولتۇرۇپ توي ئىككىمىزنىڭ تويى. بۇ تويىنىڭ ھەر ئىككىمىزگە كەلتۈرگەن پايدا - زىيىنى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلانماقتىمەن. بۇ توي ئالدى بىلەن سېنىڭ بىر دادا، مېنىڭ بىر ئانا بولۇش لاياقىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئاندىن ساڭا بىر چىرايلىق ئايالنى، ماڭا كېلىشىملىك، قامەتلىك بىر ئەرنى ئاتا قىلدى. بىزنىڭ ئۆيىمىز، بالىمىز بار بولدى. ئەمما بىزنىڭ توي قىلىشتىكى مەقسىتىمىز پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلىمىدى؟ بىز پەقەت نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن، يېگانىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا بىر - بىرىمىزنى تاللىۋالدۇقمۇ؟ سەن بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ھاۋا ئانىمىز، ئادەم ئاتىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، ئىنسانلار ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن بىرلىكتە ھۇزۇرلىنىپمۇ، قەلبىمىنىڭ ھەر قاچاندىكىدەك بوش، كۆڭلۈمنىڭ ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك سۇنۇق، پۈتكۈل جىسمىمنىڭ كۈندىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئېغىر، ھارغىن تۇرغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. سەن مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتىڭ. بارغانسېرى بەكمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتىڭ...

سەن مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانسېرى ئۆزۈمنى سېنى كۆپرەك ئويلاشقا، سەن بىلەن ئۆزۈمنى زىچ باغلاپ بىرلەشتۈرۈشكە، سېنىڭ كەڭرى ۋە ئىسسىق كۆكرەكلىرىڭدە ھالسىز تىترىگەنلىكىمنى، ھۇزۇرلانغانلىقىمنى... ئەسلەشكە زورلىدىم. لېكىن يېنىمدا ياتقان كىشى سەن ئەمەس، باشقا بىر ئادەم. تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ياكى ئىلاجىسىز توي قىلغان كىشىم، ناتونۇش كىشى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ تېنىدە مېنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچ يوق، تونۇش پۇراقمۇ يوق. ھەتتا ئىنسانغا خاس بولغان ھېسسىياتمۇ يوق ئىدى.

ئۆتكەن ئىشلار... ھەممە ئىش يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا قالغان، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەندى...

## 8

كۆڭلۈمنى غەلىتە، ئېغىر، چۈشىنىكسىز بىر خىيال ئەسىر قىلىۋالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل سۇنۇقلۇق، زەئىپلىك، ئاللىقانداق بىر ئاغرىق بار. بۇ خىل چۈشكۈنلۈكنى يېڭىش ئۈچۈن ئەتراپىمدىن ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەيمەن. ئىدارىدە ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن ھال - مۇڭ ئېيتىشىمەن، سائەتلەپ سىردىشىمەن، پاكىز تازىلانغان ئازادە ھويلامدا ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرىمەن. ياپيېشىل يوپۇرماقلار بىلەن تولغان باراڭغا، چىرايلىق ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر ئارىسىدىن لەرزان ئايلىنىپ يۈرگەن ئاپئاق كېپىنەكلەرگە، كىچىككىنە ئېتىزلىقتىكى ھەر خىل كۆكتاتلارغا، قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان يوپۇرماقلارغا قاراپ كۆڭلۈمنى ئاچماقچى بولىمەن. لېكىن كاللام قۇپقۇرۇق، كۆڭلۈممۇ شۇنداق. مەن ھامان سۈكۈتكە پاتقان، غەمگە پاتقان، مۇڭغا پاتقان...

ئاخىر ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىپ، قاتتىق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم - دە، كىتابلىرىمنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلاشقا كىرىشتىم... ھەر بىر كىتابنىڭ تېمىسى، مۇنداقلا ئېچىپ باققان ھەر بىر ۋاراقلار، تېز - تېز ئوقۇۋاتقان بەزى قۇرلار... مېنىڭ قېتىپ قالغان سەزگۈلىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندەك، نېمىندۇر ئويغاتقاندەك

بولدى. بالىلىق چاغلىرىمدىكى كەپسىزلىكلىرىم، شوخلۇقلىرىم... ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرلىرىمدىكى قىزغىن ئارزۇ - ئىستەكلەر، شېرىن ھېس - تۇيغۇلار، ھاياجانلىق مىنۇتلار... تويدىن كېيىنكى ئۇيقۇسىز كېچىلەر... شاۋقۇن - سۈرەنلەر، كىشىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان جاراڭ - جۇرۇڭ سادالار... ھەممە نەرسىلەر ھەر بىر كۆرۈنۈش بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەسلىمىلىرىم بىلەن غايىۋى قەھرىمانلىرىم بىرلىشىپ، ئوي - پىكىرلىرىم ئۇچقۇر تۇلپاردەك قاناتلاندى... چىرايلىق مۇقاۋىلانغان كىتابلار ئارىسىدا نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا سىنىڭ ئاۋازىڭ قۇلىقىمغا كىردى.

- نېمىشقا يىغلايسەن؟ يەنە كېسىلىڭ قوزغالدىمۇ؟- بېشىمنى كۆتۈرۈپ ساڭا قارىدىم. مەن يىغلىمىغانتىمغۇ؟ ياق، يىغلاپتىمەن. مەڭزىمنى بويلاپ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىم ئېتەكلىرىمنىمۇ ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ھازىرمۇ ئىچ - ئىچىمدىن كۈچلۈك بىر ئېسەدەش چىقىۋېتىپتۇ. سەن ئازابلانغان قىياپەتتە ئىككى قولۇڭنى مۈرەمگە قويۇپ كۆزلىرىمگە تىكىلدىڭ.

- نېمىشقا قۇرۇق خىيال سۈرۈشكە ئامراقسەن، مېھراي... رېئاللىققا يۈزلەنسەڭ بولمامدۇ؟ قاچانلا قارىسا پەرىشان يۈرىسەن. كۆزۈڭدىن ياش قۇرىمايدۇ. مۇنداق كېتىۋەرسەڭ سالامەتلىكىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتمەمدۇ؟

كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ۋۇجۇدۇمدا يېڭىلمەس بىر كۈچ، ئېيتقۇسىز بىر جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇشتۇمتۇتلا نېمىنىدۇر بىرنەرسە توغرۇلۇق قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن دەماللىققا قانداق قارارغا كەلگەنلىكىمنى بىلەلمىدىم.

- ماڭا قارا مېھراي، تۇرمۇشتىكى مېھراي ھەرگىزمۇ رومانىڭ خىيالدىكى مېھرايغا تەڭ تۇرالمايدۇ. كىتاب دېگەن كىتاب، رېئاللىق دېگەن رېئاللىق. سەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلاپ ياشايسەن؟ سېنىڭ زادى نېمەڭ كەم؟

- مېنىڭ ھەممە نەرسەم كەم. سەن بىلەن توي قىلىپ مەن ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالدىم،- ئەلەملىك شىكايەت بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم.

سىنىڭ چىرايىڭ سەل ئۆڭدى، ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، كۈلۈمسىرەپ سورىدىڭ:

- قېنى، ئاڭلاپ باقاي، نېمەڭ كەم قالدى؟ مەن بىلەن توي قىلىپ نېمىگە ئېرىشەلمىدىڭ؟

- ئالدى بىلەن مەن كۆڭلۈمدىكىدەك بىر ئەرگە ئېرىشەلمىدىم. بىلەمسەن، مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەر سەندەك ياشىماسلىقى، سەندەك پىكىر قىلماسلىقى، سەندەك ئويۇن - تاماشا ئىزدەپ يۈرمەسلىكى، يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى، مەنىلىك ياشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما سەن قانداق ياشىدىڭ؟ بىر ئىلىم - پەن خادىمىنىڭ ئائىلىسى سەن بىلەن مەندەك ياشامدۇ؟ سىنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمۇڭ ئۆزگەردى. ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭ ئۆزگەردى، ھەتتا ياشاش ئۇسۇلۇڭمۇ ئۆزگەردى...

- يەنىچۇ، سۆيۈملۈك خوتۇن... بۇ كىتابىي گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭلا؟

- مەن ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدىكى قىزغىنلىقىڭغا قاراپ، جىمجىت، شاۋقۇن - سۈرەنسىز، گۈزەل ھەم يېقىملىق بىر ئائىلە قۇرىمىز، تىنچلىق، پىنھانلىق ئىچىدە كىتاب بىلەن ھەپىلىشىپ مىنۇت، سېكۇنتنى قەدىرلەپ ھەقىقىي مەنىلىك ياشايمىز دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن سەن مەن ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئويۇنچى، نانقىپى بولۇپ چىقتىڭ. مەن سەن بىلەن كەسىپ، غايە، خىزمەت ھەتتا كىنو - تېلېۋىزورلاردىكى قەھرىمانلار ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشنى، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىنى ئاغىزى - ئاغىزىغا تەگمەي سۆزلىشىشنى، سەن يازماقچى بولغان بىرەر ئىلمىي تېما ھەققىدە قايتا - قايتا پىكىرلىشىشنى ئويلايتتىم. ئەمما بىز ئۆلۈكتەك ياشىدۇق، بىزدە غايە قالمىدى. ئارزۇ قالمىدى، ھەتتا كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشمۇ قالمىدى. مەن ماشىنىدەك مېخانىك، ئۆلۈك، ھېچبىر مەنىسى يوق بىر خىللا ئۆتىدىغان بۇ خىل تۇرمۇشتىن قاتتىق زېرىكتىم...

- شۇنداقمۇ؟ يەنە بارمۇ؟

ئېشىپ بېرىۋاتقان ھاياجان، ئەلەم بىلەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

- بار، مەن ئۆيىمىزگە كېلىپ - كېتىۋاتقان بارلىق مېھمانلاردىن... سەندىن، ئۆزۈمدىن ھەتتا پەرزەنتلىرىمدىنمۇ شۇقەدەر زېرىكتىم... ھازىر زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. نېمىشقا ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتتىم؟ چۈنكى سەن مېنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن

ئايرىۋەتتىڭ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدىڭ. مەن ھاياتنى باشقىچە سۆيىدىغان قىز ئىدىم. بىلەمسەن، مېنىڭ بۇنداق تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ساڭا ئېيتقان سۆزلەر مەن ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن، ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر، يەنە كېلىپ كىشىگە بىر تالاي خانىۋەيرانچىلىقلارنى ئەسلىتىدىغان سۆزلەر بولسىمۇ، مەن قىلچە ئازابلانماستىن ھەم تارتىنماستىن دەۋەردىم. راست، مەن ئاللىقاچان ھەممىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتىم. ئۆزۈممۇ بۇ نىيىتىمنى پەقەت ساڭا دېگەن چاغدىلا ئاندىن بىلدىم. سەن ئۇزۇنغىچە مېنىڭ شىكايەتلىرىمنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇڭ. مەن سۆزلەۋەردىم، سۆزلەۋەردىم. ئاخىر ساڭا نۆۋەت كەلدى. شۇ چاغدىلا مەن سېنىڭمۇ مەن بىلەن بىرگە ياشاشتىن خېلى بۇرۇنلا بىزار بولغانلىقىڭنى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىزىڭدىن چىقىرالماي يۈرگەنلىكىڭنى، ئۇزۇندىن بۇيان بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە سىقىلىپ ياشىغانلىقىڭنى بىلدىم. سېنىڭ سۆزلىرىڭ ماڭا شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قىلدىكى، بۇ سۆزلەر ھازىرمۇ قۇلىقىم تۈۋىدىن كەتمەيدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سەن تولىمۇ نازۇك، بەكمۇ چىرايلىق، بىراق كىشىگە ھېچقانداق زوق بېغىشلىيالمايدىغان پۇراقسىز بىر گۈل بىلەن ياشاپ كەپسەن. تويدىن ئىلگىرى سەن مېنىڭ ئۆزۈمنى قاچۇرۇشلىرىمنى، سالقىن بېقىشلىرىمنى نومۇسچانلىق، تارتىنچاقلىق ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنگەن، ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى سەن شۇنچىلىك يېپىشقان بولساڭمۇ، توي قىلىپ ئۇزۇن بولمايلا ئۆزۈڭنىڭ بەكمۇ خاتالاشقانلىقىڭنى ھېس قىپسەن. سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ساپ، ھەقىقىي، ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەتكەن. مېنىڭ بولسا قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، كىشىگە ھېچقانچە ئەمەلىي خۇشاللىق بېغىشلىيالمايدىغان غايىۋى مۇھەببەت ئىكەن. يەنە كېلىپ مېنىڭ خىيالپەرەسلىكىم تۈپەيلىدىن سەن ئۆزۈڭنى ئويۇن - تاماشاغا زورلىغانسېرى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىز، غەلىۋىخور، يىغلاڭغۇ ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاپتىمەن. سېنىڭ دېيىشىڭچە، بىر ئايال كىشى ھېچبولمىغاندا، ساڭا ئوخشاش ھەممە جەھەتتە يامان ئەمەس ئەرگە تەگكەن كىشى يەنە كېلىپ كۆڭۈلدىكى ئادىمىگە تەگكەن كىشى ماڭا ئوخشاش كۈن بويى يارىلانغان كېپىكتەك غەمكىن يۈرمەسلىكى، ئېرى ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە، يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ ئەركىلىشى، بوينىغا گىرە سېلىشى، ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈشى كېرەككەن.

مەن بىلەن كۈندۈزى بىرگە ياشاشمۇ، كېچىسى ئامراقلىق بىلەن قۇچاقلىشىپ يېتىشمۇ، سېنى سەن كۈتكەندەك تۇرمۇشقا ئىگە قىلالماپتۇ. سەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئايال كىشىگە خاس بولمىغان بىر خىل سوغۇقلۇقنى، يەنە قانداقتۇر بىر پۈتمەس - تۈگىمەس ھەسرەت - نادامەتنى سەزگىنىڭدە قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپسەن. بۇ دۇنيادا پەقەت مېنىڭ ياخشى كۆرۈپ باققىنىمنى، مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، بۇ مۇھەببەتنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بىر - بىرلەپ ئورنىشىپ كەتكەنلىكىنى بارا - بارا چۈشىنىپ يەتكەن بولساڭمۇ، بۇ خىل مۇھەببەت سېنى قانائەتلەندۈرەلمەپتۇ، بەزىدە ھەتتا ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالدا مېنى ئۇرۇپ چەيلىۋەتكۈڭ، بوغۇزلىۋەتكۈڭ كەپتۇ.

مەن سېنى بەختسىز قىلىپ قويۇپتىمەن، سەن مېنى ھەرقانچە پەپىلىسەڭمۇ، ھەرقانچە ئاسرىساڭمۇ، ھەرقانچە يار - يۆلەك بولساڭمۇ، مېنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشتىن رازى ئەمەسلىكىمنى، ئۆزۈڭنىڭ بىكاردىن بىكار ئاۋارە بولغانلىقىڭنى، مېنى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتقۇزالماي ئاخىر ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم... ھە، سېنىڭ دېيىشىڭگە قارىغاندا، ھەر ئىككى پەرزەنتىمىز تۇغۇلغاندا، سەن كۆرۈنۈشتە خۇشال بولغاندەك قىلساڭمۇ، نەچچە كۈنلەرگىچە غەم - قايغۇدا ياشاپسەن، چۈنكى ھامان بىر كۈنى ئايرىلىپ كېتىش ۋەھىمىسى سېنى قىيناپ تۇرغاچقا، پەرزەنتلىرىڭنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى سېنى قاتتىق قايغۇغا سېلىپتۇ... سەن يەنە شۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىلدىڭ:

- مەن ھەر كۈنى سەھەردە كۆزۈمنى ئېچىپلا، سېنىڭ ئۆز باغرىمدا سۆيگۈ خاتىرجەملىكىگە چۆمگەن ھالدا چىرايلىق باشلىرىڭنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ھالىتىڭنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما سەن بولساڭ مەن بىلەن بىرگە بولۇشتىن كۆرە، سۇبھىنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەندەك، ھاياتىڭنى پۈتكۈل دۇنيادا

ھېچكىم، ھەتتا مەنمۇ چۈشەنمەيدىغاندەك يالغۇز، تەنھا ھالەتتە ئايلىنىپ يۈرەتتىڭ. بىر ئازدىن كېيىن خۇددى ھەممە دەردىڭنى ئۆز ئەمگىكىڭدىن چىقارماقچى بولغاندەك زادىلا توختىمايدىغان، يەنە كېلىپ سەندەك جاپاكەش، ئىچى كۆچلۈك ئايالغا تېپىلىپلا تۇرىدىغان ئايىغى چىقماس ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بىرنەچچە سائەت ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كېتەتتى. ماڭا نېسىپ بولۇش تامامەن مۇمكىن بولغان بۇ بىرنەچچە سائەت مېنىڭ شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇلىرىمنى ئويغىتىپ، ساڭا نىسبەتەن پۈتكۈل جىسمىمدا ئاللىقانداق ئۆچمەنلىك پەيدا قىلاتتى. مەن سېنىڭ تېنىڭدىن تارقالغان پەقەت ساڭىلا خاس بولغان خۇشپۇراققا كۆمۈلۈپ ياتقىنىمچە «مېھراي ئاخىر مېنى ۋەيران قىلىدۇ. ھامان بىر كۈنى مېنى تاشلاپ كېتىدۇ، بىزنىڭ ئائىلىمىز، مۇھەببىتىمىز ھامان بىر كۈنى تۈگىشىدۇ» دېگەن ئىزتىراپلارغا چۆمەتتىم. چۈنكى مۇناسىۋىتىمىز مەڭگۇ بۇ خىل قېلىپتا داۋاملىشالمايتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلاشمايدىغان ھېچقانداق تۇيغۇ يوق. مەن سەندىن نەپرەتلىنىشكە تىرىشقان، سەندىن ئەيىب ئىزدىگەن، سېنى قەستەن رەنجىتكەن، قەستەن كۈنلەپ - كۈنلەپ گەپ قىلماي يېتىۋالغان ئاشۇ ئازابلىق سائەتلەردە، ھەسرەتلىك كۈنلەردە ئۆزۈم قانچىلىك تۈگىشىپ كەتتىم، بىلەمسەن؟ مەن ساڭا يار - يۆلەك بولىمەن، شەپقەت ياغدۇرىمەن، دەپ ئويلىغان. لېكىن سەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ياشىدىڭ. مەن بولسام، مېنى ۋەيران قىلىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن بولغان بۇ مۇھەببەتنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشتىم. ئاخىر يەڭدىم.

ئىلھام، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىمدىن بوينۇمغا گىرە سېلىۋالغۇم كەلدى. لېكىن مېنىڭ تەپەككۇرۇم تېز بولغان بىلەن قول - پۇت ھەرىكىتىم ئاستا ئىدى. شۇڭا ئورنۇمدىن مىدىرلىمىدىم. بۈگۈن تەنھالىقتا. . . يۈرىكىمدىكى جىمى نەرسىنى، ئازابنى، غېرىبلىقنى، چىداپ بولمايدىغان مىسكىنلىك بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس نالىسىنى تىڭشاپ ئولتۇرماقتىمەن. بۇرۇن ئۆزۈمنى «ھامان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى» ، «زەپەر قۇچقۇچى» دەپ قارايتتىم. ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىشىنەتتىم. ھازىر ھەممىدىن ئايرىلىپ بىر دۆۋە ۋەيرانە تۇيغۇلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ ئولتۇرغىنىمدا سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ تامامەن نازۇك بىر خىيالىي تۇيغۇ، ئالدامچىلىق، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتمەكتىمەن.

**9**

پۈراقسىز گۈل ھېكايىسى ئاياغلاشتى. بىز دېيىشىدىغاننى قالدۇرماي دېيىشىۋالدۇق. دېمەيدىغاننى ھەر ئىككىمىز ئېغىزغا ئالمىدۇق. ئوتتۇرىمىزدىكى ئىختىلاپلار تۈگەپ كەتكەندەك ياكى ۋاقتىنچە پەسىيىپ قالغاندەك قىلاتتى، «ئاجرىشىش» سۆزى ئائىلىمىزدە ئەسلا تىلغا ئېلىنىپ باقمىغاندەك، ۋاقىت رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆتمەكتە. تۇرمۇش بىر خىل قېلىپتا تەكرارلانماقتا ئىدى.

بىر كۈنى مەن يېنىڭدا يېتىپ تۇيۇقسىزلا ئىدارە دوسكىسىغا چىقىرىپ قويۇلغان، داۋالىنىش كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى يادىمغا ئالدىم. ئەتىدىن قالسا رەسمىيەتنى ئۆزىمىز بېجىرىشكە توغرا كېلەتتى. زورمۇ زور ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاقتۇردۇم، تاپالمىدىم. ئاقتۇرمىغان ھېچ يەر قالمىدى، يەنە تاپالمىدىم. ئەتىگەنلىكى بالىلارنى جابدۇپ، چوڭىنى مەكتەپكە، كىچىكىنى يەسلىگە يولغا سېلىپ ئىدارىگە ئارانلا ئۈلگۈرەتتىم. ئەتىگەندە ئاقتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، سېنى تۇرتۇپ ئويغىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

- ئىشكاپنىڭ ئىچىدە داۋالىنىش كىنىشكام بارمىكىن قاراپ باقساڭ. . .- سەن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزلىرىڭنى تەستە ئېچىپ:

- ئاچقۇچ شىمىمنىڭ يانچۇقىدا، ئۆزۈڭ قاراپ باق،- دېدىڭ. ھەر ئىككىمىزنىڭ، ئائىلىدە بىردىن شەخسىي ئىشكاپىمىز بولسىمۇ، سەنمۇ، مەنمۇ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتۇق. مەن كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى، بەزى مۇھىم دەپ قارىغان ئالتۇن جابدۇقلىرىمنى ساقلايتتىم. سەن بولساڭ پۇل - پۈچەك، كىنىشكا دېگەندەك نەرسىلەرنى ساقلايتتىڭ. سېنىڭ ئاچقۇچنى تاشلاپ بەرگىنىڭگە نارازى بولساممۇ، سائەت ئاللىقاچان 11 دىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئىشكاپىڭنى ئۆزۈم ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىر قولۇمدا شام، يەنە بىر قولۇمدا ئىرەنسىزلىك بىلەن تارتمىنى ئاختۇرۇۋېتىپ كۆزلىرىم ئىختىيارسىز بىر نەرسىگە - كونۋېرت ئىچىدىن چىقىپ قالغان بىرنەچچە پارچە رەڭلىك سۈرەتكە چۈشتى. ناسادىيىي يۈرسەتتە قولۇمغا چىقىپ قالغان بۇ

سۈرەتلەر تەبىئىيكى سەن بىلەن باشقا بىر ئايالنىڭ ئىدى. نېمىشقىدۇر قوللىرىم تىترەپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كۈچىيىپ بېرىۋاتقان قىزىقىش ۋە ئەلەملىك ئازاب بىلەن سۈرەتلەرنى قولۇمغا ئېلىپ بىر - بىرلەپ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. سۈرەتتىكى ئايال بەكمۇ گۈزەل، دىققەت بىلەن قارىغانسېرى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل ئىدى. ياشلىقچۇ تېخى. ئۇۋەنسىز يارىتىلغان نېپىز ھەم ياپراقتەك نازۇك لەۋلىرى سۇس كۈلۈمسىرەشكە تولغان، ئىنچىكە، چىرايلىق باشلىنىپ ئاستا - ئاستا ئاخىرلاشقان قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭقۇر ۋە چوڭ قاپقارا كۆزلىرى كىشىگە مەيۈسلۈك ۋە ئاللىقانداق غەمكىنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرىدۇ. سۇپسۈزۈك بويۇنلىرىغا ياراشقان قىممەت باھالىق مارجانلىرى سۈرەتتىمۇ ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ...

ئىلھام، شۇ مىنۇتلاردا قەلبىمنىڭ قانچىلىك دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، كۈنداشلىق ئوتى بىلەن تولغانلىقىغا، ئۇ ئايالنىڭ تولىمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن بېشىنى مۈرەڭگە قويۇۋالغىنىغا، مەڭزىنى ئېڭىكىڭگە تىرىۋالغىنىغا، ئىككىڭلارنىڭ شۇقەدەر يېقىن تۇرغىنىڭلارغا قارىماي، ئايالنىڭ ھەقىقەتەن گۈزەل، كىشىنى زوقلاندۇرغىدەك «پۇراقلىق گۈل» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدىم...

بىراق، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق، نەقەدەر ئازابلىق ئېتىراپ قىلىش - ھە!... يۈرىكىم قەپەستىكى قۇشتەك تىپىرلاۋاتقان، لەۋلىرىم قانداقتۇر بىر نالە - پەريادلار بىلەن پىچىرلاۋاتقان بولسىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بۇ بىرنەچچە پارچە خەتنى مىجىقلىغان ھالدا كرېسلوغا بېرىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ كۆزلىرىم خەتكە تىكىلدى. سۈرەتتىكى ئايالنىڭ ئىسمى زەينۇرە بولۇپ، سېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى بىر سىنىپتا ئوقۇغان ۋە ئۆز ۋاقتىدا ياخشى كۆرۈشكەن قىز دوستۇڭ ئىكەن. زەينۇرە بىر بالا بىلەن ئېرىدىن تۇل قالغىلى بەش يىل بولغان بولسىمۇ، قايتا نىكاھلىق بولۇشنى خالىماپتۇ. بىرقانچە يىلدىن بېرى سېنىڭ زەينۇرەنى قايتا - قايتا ئىزدەپ بېرىشىڭ، يىراق سەھراغا ئۈزۈلدۈرمەي تېلېفون ئۇرۇشۇڭ ۋە «تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر» يۈرىكى تاش بولۇپ قاتقان بۇ ئايالنى ئاخىر «تونجى مۇھەببەت، سۆيگەن ئادىمى» قوينىغا قايتۇرۇپ كەپتۇ...

كۆپ قېتىملىق ئۇچرىشىش، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشلار ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپتۇ، سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاش، كېلىشكەن جىسمىڭنى كۆرۈش كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنى شۇقەدەر مەست قىلغانكى، ھەر قېتىم سەن بىلەن ئۇچراشقاندا، ھېچنەرسىنى ئويلىيالمىغان، سېنىڭ ئىككى بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىڭ، ئايالىڭنىڭ بارلىقى، بۇ بەختنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولىدىغانلىقى ئەسلا خىيالىغا كەلمىگەن. نەتىجىدە ئاراڭلاردا ھەممە ئىش، ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى بارلىق مېھىر - مۇھەببەتلەر، ئامراقلىقلار تەكرارلانغان...

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن زەينۇرە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ھەتتا مۇھەببەت بىلەن ۋىجدان، ئار - نومۇس ئوتتۇرىسىدا يەتكۈدەك قىينالغان بولسا كېرەك. ئاخىرقى خېتىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئىلھام، خاتا قىلدۇق، بەكمۇ خاتا قىلدۇق. ئۆزۈمنىڭ كەچۈرگۈسىز خاتالىق سادىر قىلغانلىقىمنى، بىگۇناھ ئايالىڭنىڭ، ئاشۇ كىچىككىنە نارەسىدىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالغانلىقىمنى ئەمدىلا تونۇپ يەتمەكتىمەن. ھېسسىياتىمغا ئالدىنىپ، سىز بىلەن بىرگە بولغان ئاشۇ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر ماڭا كۈندۈزى تىنچلىق، كېچىسى ئۇيقۇ بەرمەي يۈرەك - باغرىمنى ئازابلايدىغان ئېغىر جازاغا ئايلاندى. كۈن بويى نومۇس ۋە ئىزا قەپىسى ئىچىدە پۇشايمان، ھەسرەت قامچىسى بىلەن ئۆزۈمنى يەتكۈدەك قىيناۋاتىمەن. يا ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدىغان، يا ئۆچۈپ كەتمەيدىغان، بۇ سولغۇن مۇھەببىتىمىز بىزنى ھارغىچە ئازابلىدى. ھەر خىل كويلارغا سالدى. بەس، ئىلھام، ئەمدى يېتەر، مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇ نومۇسسىزلىقلار قايتا تەكرارلانمىسۇن، مېنى قايتا ئىزدەپ كەلمەڭ، مەڭگۈ كەلمەڭ. ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن، سىزگىمۇ قاتتىق نەپرەتلىنىمەن» دەپ يازغانىدى. ئىلھام، ئاشۇ قاراڭغۇ، مۇدھىش كېچىدە يۈرەك - باغرىمغا بىر - بىرلەپ خەنجەردەك سانجىلىۋاتقان ئاشۇ نومۇسسىز، ئەمما ئەلەملىك قۇرلار ئارىسىدا ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بىچارە، شۇنچىلىك ئاجىز، يېگانە سەزدىمكى، ئۆزۈمگە ھەرقانچە جاسارەت ئىزدىسەممۇ قاراڭغۇلۇق، ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. پۈتكۈل ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا تولغان، نە يورۇقلۇق، نە ئۈمىد، نە گۈزەللىك يوق. ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان، مەڭگۈگە يۇتۇۋېلىنغانىدى. ئىلھام، ئاشۇ كېچە، ئاشۇ

مۇدھىش ھەم قورقۇنچلۇق كېچە ئەقىلدىن ئازغۇدەك تالاي ئەلەملىك مىنۇتلارنى بىر - بىرلەپ چىدام بىلەن ئۆزنىپ ئۆلتۈرۈپ، كۆزلىرىمگە يىغىلغان ياشنى ئاران - ئاران توختىتىۋېلىپ تۇرۇپ، سېنى، ئۆزۈمنى، بالىلارنى ئويلىدىم. قايتا - قايتا ئويلىدىم...

راست، ئىلھام، سەن بەختسىز ئىدىڭ. لېكىن سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ سېنىڭ دەردىڭنى يەتكۈچە تارتقان، ھەسرىتىڭنى چەككەن، بالىلىرىڭنى بىر - بىرلەپ قاتارغا قوشقان بىر بەختسىزنىڭ - مېنىڭ بەختسىزلىكىمنىڭ ئالدىدا ياماق بولالمايتتى. سەن تەسەللىگە موھتاج ئىدىڭ، ئەمما بۇ موھتاجلىق ماڭا ئوخشاش بىر قۇربان بەرگۈچى ئالدىدا ھەممە نەرسىسىنى بىر ئەر كىشىگە ئاتىۋەتكەن، ئەقەللىيسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز مىننەتدارلىق سۆزىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن بىر ئايالنىڭ موھتاجلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيتتى. سەن مۇھەببەتكە، سۆيگۈگە تەشنا ئىدىڭ. مەن سېنى بۇلاردىن بەھرىمەن قىلغان، تولۇقى بىلەن بەھرىمەن قىلغانىدىم. دەرۋەقە، بىز كىشىلىك ھايات ئاتا قىلغان تۇرمۇش مۇساپىسىدە نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشقان، نۇرغۇن قېتىم ياراشقان. لېكىن بارلىق كەچمىشلەرنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، مەن سېنىڭ ئىدىم. پۈتۈن قەلبىم، يۈرىكىم، جىسمىم ھەتتا سېنى بىزار قىلغان ئاشۇ كۆز ياشلىرىم بىلەن سېنىڭ ئىدىم. ئۆزۈم تۈگۈل چۈشلىرىممۇ ساڭا تەئەللۇق ئىدى. بۇ مۇھەببەت، بۇ ھېسسىيات، بۇ بىتەلەي، بىچارە ئائىلە سېنى قانائەتلەندۈرەلمىگەن بولسىمۇ مەن ساڭىلا، ساڭىلا تەئەللۇق، سەنمۇ ماڭا تەئەللۇق ئىدىڭ. جەزمەن ماڭا تەئەللۇق بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، سەن ئۇزۇندىن بۇيان باشقا بىرسىگە، باشقا بىر ئايالغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن، ماڭا ئاجايىپ رەھىمسىزلىك قىلغان، بەكمۇ شەپقەتسىزلىك قىلغانىدىڭ. مېنىڭغۇ ئويلىمىغان، مۇشۇ قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلى پەرزەنتلىرىڭنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئويلاپ قويمىغانىدىڭ. ساڭا بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئىنتىلىشلىرىم، قىزىقىشلىرىم پۈتۈنلەي يوقىلىش، پەرزەنتلىرىم مەھكەم باغلاپ تۇرغان مەڭگۈلۈك رىشتە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەن بارلىق ئىشلارنى قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك بىر چۈش، ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلار قاتارغا چىقىرىۋېتىشكە، پەرزەنتلىرىم ئۈچۈن ھەممىگە چىداشقا، سۈكۈت قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. مېنى بىر مەزگىل خۇش قىلغان، ھاياجانغا سالغان گۈزەل ئەسلىمىلەرنى - قىش پەسلىدە ياغقان ئاپئاق قارلارنى، ئاپئاق بۇلۇتلارنى، باھاردىكى يامغۇرنى، رەڭدار چېچەكلەرنى، يۇمران مايسىلارنى، يازنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋالىق ئايدىڭ كېچىلىرىنى، سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ يېقىملىق شىرىلداشلىرىنى - ئەتراپىمىزدىكى مەن ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا نامايان بولۇۋاتقىنى، پۈتكۈل ھاياتىمىز - سەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش... ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى، ھېلىقى نەس باسقان «قونچاقلار»، ئۇزۇن تۈنلەردىكى ئامراقلىقلار... جىڭغا توختىمايدىغان ئەمما بىزنى قىيناپ ھالىمىزنى قويمىغان خاپىلىقلار، تۈگىمەس - پۈتمەس ئائىلە ئىشلىرى، تەتۈر قارىشىپ ياتقان چاغلاردىكى تەنھالىق تۇيغۇلىرى، سېنىڭ خىزمەتنى باھانە قىلىپ داۋاملىق نەچچە كۈنلەپ يوقاپ كېتىشلىرىڭ... مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى كۈن بويى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمىسەڭمۇ... مەن بىلمەيدىغان... ئاشۇ يەرلەردە ۋاپاسىز بېشىڭنى كىملەرنىڭدۇ ياستۇقىغا قويغانلىقىڭ... ۋىجدانسىزلىق بىلەن ماڭا خىيانەت قىلغانلىقىڭ بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سۈكۈت قىلغىلى، تاقەت قىلغىلى، چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

شۇ كېچە سەن ھەممىدىن بىخەۋەر ئادەتتىكىدەك خاتىرجەم، بەخىرامان ئۇخلىدىڭ. مەن بولسام سەن بىلەن قايتا يارىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئائىلەمدە، ھاۋاسىز گەمىگە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك نەپسىم بوغۇلغان، يۈرىكىمنى دەھشەتلىك بىر ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالغان بىر ھالدا تۈننى تاڭغا ئۇلىدىم...

كېيىنچە، سەن ئۆزۈڭنى ئاقلاپ باقتىڭ. بالىلارنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم كەچۈرۈشۈمنى ئۆتۈندۈڭ، يالۋۇردۇڭ. ئەمما سېنى كەچۈرەلمەيتتىم. سېنى كەچۈرۈشۈممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىززەت - نەپسىم ئېغىر خورلانغان، ئانىلىق، ئاياللىق ھېسسىياتىم ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان، سېنىڭ قەلبىڭ ئاللىقاچان بۇلغانغان، جىسمىڭمۇ

بۇلغانغان، كۆرۈنۈشتە ماڭا مەنسۇپ بولغان، مېنى ھەممىنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ھەممە نەرسە غايىب بولغان، تۈگىگەنىدى.

مەن ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتمىدىم. كۆز يېشىمۇ قىلمىدىم. ھەتتا ئىككىلىنىشلارنىڭ سۈرىتىنى يىرتىپمۇ تاشلىمىدىم. بىز چىرايلىق كېلىشىپ ئايرىلىپ كەتتۇق. ئارىمىزدا تالاش - تارتىشمۇ بولمىدى. شۇنداق، ئىلھام، سەن كەتتىڭ. زەينۇرەنىڭ قېشىغا ئەمەس، نەگىدۇر كەتتىڭ. يالغۇز، يەككە - يېگانە، غېرىبانە ھالدا كەتتىڭ. مەن قالدىم. ئېسەنكىرىگەن، چارچىغان، روھسىزدىمۇ، تېنىمدىمۇ كۈچ - مادار قالمىغان زەئىپ ھالدا قالدىم. ھەممىدىن ئايرىلغان، ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن، ھەممىنى يوقاتقان ھالدا قالدىم.

- دادا، دادا مېنى كۆتۈيە. . .- قىزىمنىڭ ئۇخلاپ يېتىپ جۆيلىگەن ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. كارىۋاتقا ئېڭىشىپ مەڭزىگە سۆيۈپ پەپىلەۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ «دادا، دادا» دېگەن پىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىم سىلىپ پۈتۈن بەدىنىم يىلان چاققاندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتىم. كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كۈچلۈك بىر ھەسرەت، ئېچىنىش، ئاچچىق بىر نەپەس ئېتىلىپ چىقتى - «ئىسىت، ئىسىت، ئىسىت، بىچارە گۆھەرلىرىم، سىلەر توغرىسىدا سۈرگەن شۇنچە شېرىن خىياللىرىم، ئەمدى سىلەرگە چۈشۈڭلاردىمۇ نېسىپ بولمايدىغان بولدى. بىر ئۆمۈر دادا مېھرىگە قانماي، تىرىك يېتىم بولۇپ ئۆسىدىغان بولدۇڭلار. بىز بىغۇبار يۈرىكىڭلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن جاراھەتلەندۈردۇق. كۆڭلۈڭلارغا ئازار بەردۇق. ھەممە ئەيىب بىزدە. ياق، ھەممە ئەيىب مەندە. مەن دەسلەپتىلا قەدەمنى خاتا باسقان. ئۇنى خاتا تاللىغان. . . »

كېچە ھاۋاسىدىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك، يىراقلارغا، تولىمۇ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قارىدىم. بوران پەسەيگەن، يامغۇرمۇ توختىغانىدى. خورازلارنىڭ تىنماي قىچقىرىشلىرى تاڭ ئېتىشقا ئازلا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، يەنە بىر ئەتە يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. خۇرسىنغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىچىمنى بىرنەرسە تاتىلاپ يەۋاتاتتى، شۇنداقلا كۆڭلۈمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە ئاللىقانداق سۇس خۇشلۇقمۇ بار ئىدى. مەن خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان، ئىرزات، دىلنارلارغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى شادلىقلىرى، ساددا قىياپىتى، ھەرىكەتلىرى، تاتلىق سۆزلىرىنى. . . ئويلىدىم. ئۈستۈمدىكى مەسئۇلىيەت ھەقىقەتەن ئېغىر، مۇشكۇل ئىدى. شۇنداق ئىكەن، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئازابلايمەن؟ مەن شۇنچىۋالا يالغۇزمۇ؟ ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدىممۇ؟ پەرزەنتلىرىم مېنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقىم، خۇشاللىقىم، ئايرىلماس ھەمراھلىرىم ئىدى. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن بۇ دۇنيادا بالىدىن ئارتۇق تەسەللى، كۆڭۈل ئارامى بارمىدى؟! مەن يەنە ئەتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئويلىدىم. بۇ مەخسۇس يىلدا بىر قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» پەقەت بىر ئادەمگىلا نېسىپ بولىدىغان يىغىن ئىدى. بۇ يىغىن مەخسۇس مەن يازغان «ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن كىتابىم ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ئەتىكى باھالاشتا كىتابىم بازارغا سېلىنىپلا قالماي، ماڭىمۇ نۇرغۇن شان - شەرەپلەر نېسىپ بولاتتى.

ئاشۇ رەھىمسىز يىللار ماڭا دىشۋارچىلىقلارنى، تالاي بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يۈرىكىمدىكى تەلپۈنۈشنى، يۈكسەك ئارمانلىرىمنى يوق قىلىۋېتىشكە قادىر بولالمىغان، جاسارەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدۇمدىكى غۇرۇرنى، شىجائەتنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتالمىغانىدى. ئەكسىچە مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىشىمگە، ھاياتنى سۆيۈشۈمگە، ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئالغا بېسىشىمغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. . .

مېنىڭ يەنە نېمەم كەم قالدى؟ نېمىشقا زورمۇ زور ئەسلىمە پاتقاقلىرىغا پېتىۋالىمەن؟. . .

شۇنداق ئىلھام، سەن كەتتىڭ، مەڭگۈگە كەتتىڭ. مەن قالدىم. ئارىمىزدىكى مۇساپە كۈنسېرى ئۇزىراپ زادىلا يەتكىلى بولمايدىغان ئۇزاق، مۇشكۇل بىر مەنزىلگە ئايلاندى. ئىلھام، سەن كېتىپ قالدىڭ. مەن قالدىم. ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي تۈگىدىمۇ؟ ياق، ئىلھام، تۈگىمىدى. راستىنلا تۈگىمىدى. مەن ئىشىنىمەن، بىزنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن بۇ قەدەملەر ماڭا داۋاملىق بەخت ئاتا قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلارغا قايغۇرۇشمۇ، يوقاتقان پۇرسەتلەرگە ئېچىنىشمۇ، مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەن ھەسرەتلەرمۇ پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ. مەن ھاياتىمدا يوقاتقان بارلىق نەرسىلەرگە قايتىدىن ئېرىشىمەن. كۆڭلۈمدە ھېچقانداق سوغۇقلۇق، بوشلۇق قالمايدۇ!. . .




## ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافىترىيادا

يۇلتۇزلار كۈندۈزدە سۆزلىشىدۇ،
چاقنىمايدۇ.
يەر شارى ئالەمنىڭ بىر چېتىدە
ئاڭلايدۇ،
ئېسىدە ساقلىمايدۇ،
دۇبەي شەھىرىنىڭ مونولوگىنى.
دېڭىز سۇركىلىدۇ، ئېچىلىدۇ،
ئادەملەر مەڭگۈ بۇلغانمايدۇ،
يۆتىلىدۇ، يۇمشايدۇ، چېچىلىدۇ.
كونا ئىككى قولۋاق تورار لەپەڭلەپ
بىر تال بويۇن تۈكى بېلىقئالغۇنىڭ
سېمونت ئۈستىگە چۈشتى لەيلەپ.
راشىد پورتى
هارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ،
مەغلۇپ زامانلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئىككى ئۇيغۇر كافىترىيادا ئولتۇرۇپ
Caeser رىمدا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردەك
سۇس كەيپىياتنى كۆتەرمەك بولىدۇ.
مۇڭلۇق كۆزلەر پات - پات سەيلە قىلىدۇ،
ئېگىز كېمىلەر دېرىزىدىن ئېقىپ كېلىدۇ.
ئېگىز هارۋىلىقلار شەھەرلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ
ئەسلىمىلەرنى يېڭىلايدۇ. . .

ئەي ئوتلاقلارنىڭ خاقانى، تاجىڭغا
قىستۇرۇلغان بۈركۈت پېيىدىن غۇرۇرلىنىمەن.
ئاستىڭدا چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ ئاق رەڭگىگە دۇئا قىلىمەن.
شامال يۇلتۇزلىرى ئايغىرىڭنىڭ ئاق قاشقىسىدا ئەبەدىي چاقناپ تۇرغاي.
هۆل شەھەرلەر هاياجانلىق سىيلاشلىرىڭدىن ئاۋات بولغاي.
جاراڭلىغان ئاۋاز - پاكىستانلىق هامماللار تۆمۈر ساندۇقلارنى چۈشۈرمەكتە.
هايات دولقۇنى ئېقىتىپ كەلگەن سەرگەردانلار،

پۇۋلەنگەن مامكاپلار.
ھەيۋەتلىك پۇل يولۋىسى ئادەملەر ئورمىنىدا كېزەر ھۆركىرەپ.
ئورنۇم ئەمدى ئۇ جايدا ئەمەس، كىرىپ قالدىم ئۇپۇققا مەن پۇلنى دەپ.
ئاھ، ناتونۇش ئىككى سودىگەر، ئانا تىلىمدا قىلىشماقتا گەپ.
ئۇيغۇر تىلى كۆيمەكتە، كۆك يالقۇن چىقىرىپ دېڭىز سۈيى ئۈستىدە.
تىلىم كېكەچلىمەكتە، تارىخنىڭ ۋاراقلىرىدەك
ئۇزۇندىن بېرى كۆيۈۋاتقان چۇش پەيتىنى.
تىلىم تېتىماقتا، نېمىدېگەن ئازابلىق
خرۇستال جامدا شېكەر قوشۇلغان قەھۋە ئىچىش.
ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئىككى ئادەم، قارغىماقتا
ئۇيغۇر تىلىدا، كافتېرىيادا ئولتۇرۇپ.
مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن.
راشىد پورتى
ھارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ
مەغلۇپ زامانلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

## پىنھان سەھەر

زەڭگەر رەڭگە كىردى دەرەخلەر
چاقنار، ئۆچەر كۆك بىزگە پىنھان.
قوينۇمدا گۈل
بوينۇمدا قول، قولۇمدا سەھەر
تامدۇق، ئۇندۇق، ئىنسان ھەم پىنھان.

## دېرىزە ئالدىدا: قەشقەر

ئۈستى ئوچۇق مۇزېي بۇ
قەبرىسى بۇ تىرىك شەھەرنىڭ.

ناتونۇش مەرمەر ۋالىلدايدۇ.
يۇڭ ئەديالدەك ئېغىر ئەسلىمە
چۈشتى يەرگە
چۆمدۈم سوغ تەرگە
بۈيۈك ئىكەن بارلىق ئەسلىدە.

يۇز يىللىق تاملارنىڭ يارىسىدا
شەھۋەت بىلەن پۇل ئارىسىدا
سۇنىڭ مەنىسى تاش،
ئۆلۈمنىڭ مەنىسى ياشاش.

قاغا تۇمشۇق بۇزۇلمىغان
ئىشىك كەينىدە ياتتۇ نۇر.
ئەينەكلەردە كۆرۈنمەيدۇ قان
كوچىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر.

بىر ئىسكىلىت چۇشۇپ كارىۋاتتىن
دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
زوقلانماقتا قايناق ھاياتتىن.

## ھەسەنشېرىك

قىشنىڭ چەكسىز، ئاپئاق دولقۇنى
سىمونتتا تالاشماقتا جان
تولۇق يەرلەر ۋە كۈندۈز ئەل بولغان.

بىراق
سۇۋەرك تىركىشىدۇ،
قان رەڭدە يامىشىدۇ،
تەخسىگە، قورالغا، كېچىگە.

يەيمىز، ئۇخلايمىز
ۋەھىمە ئىچىدە.

كۈچ تولغان ئەتىياز.
ئايال جەسەتلەر تىرىلدى
قىرلىق تاشلار ياتقۇزۇلغان كوچىدا.
سىرلىق، قورغاق تېگىش لەززىتى،
سۇۋەرەكنىڭ جىسمى ئۇچىدا.

بىز تۇرمۇشقا يۇزلەندۇق
مەرمەر تاملار ئىچىدە،
دېلىغۇللۇق ئىچىدە.

كېچىدە
قارا تاش ئۈستىدە كېتىۋاتقان
قارا چۈمۈلىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى
نەقەدەر بۈيۈكسەن، بىلگۈچى ئەڭ
نەقەدەر كىچىك مەن ھەم قوڭۇررەڭ!

## بېلىق تۇتقۇچىلار

ئۆلۈم بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرىدۇ.
سۆسۈنرەڭ چېچەكلەر سۇدىكى سايە
كۆل توختىغان ھۆل بەدىنى ھەرىكەتتە.

قارىدىم ھەۋەستە
پىلتىڭلاپ ماڭغان بېلىقتەك قىزلار
چەكلەنگەن بېلىقچى، سۆسىمان چېگرا.

قىرغاقتا ئۈچ ئەرۋاھ موخۇركا چېكەر،
بوۋاي جىمجىت سۇغا كۆز تىكەر،
قولىدا قارماق؛
قات - قات قۇرۇق، قاتمۇ قات قاسراق
ئۈزۈپ كېتەر بوۋاي بىر كۈنى.

ئىچمەكتىمىز ھەسرەتلىك سۈنى.

يېقىنلاشتىم
بېلىقنىڭ خۇش ھىدى تارقىلار جىم،
نەم ۋە سىلىق قاراڭغۇلۇقتا
ئېتىلىمىز يەمچۈككە.

## ئوسما

ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە بىز،
قۇرغاقچىلىق ماڭار، پارقىرار.
تېنىمىزدە قۇرۇماس نەم ئىز،
يوشۇرۇن ئاڭ تىرەن شارقىرار.

پارقىراپ
شارقىراپ
ئورخۇن دەرياسىدا ئاقماقتا ۋاقىت،
مەلىكىنىڭ چاچلىرى ئاقار.
ئوسما قويۇپ قاشلىرىغا ئۇ
مىس كۆرگۈگە زوقلىنىپ باقار،
ئات يايلىدەك دولقۇنلايدۇ سۇ. . .
دولقۇنلايدۇ كىشىلەر توپى،
ئۆرۈمچىنىڭ ئۈچەي - باغرىدا.
كىچىك بىر قىز ئوسما ساتماقتا
يايما يېيىپ كوچا ئاغزىدا.
ھەممە جىددىي جان بېقىش بىلەن
يوق ئۆزئارا قاراشقۇدەك چول.
سۆزلۈك، ئويچان ئۇيغۇر شائىرى
بۇ شېئىرغا ئالغىنىدا يول.
يۈزلەر ئاقار ئېرىپ ئەينەكتە،
ئاھ، بالىلار قېرىپ كەتمەكتە،
ۋاقىتتىكى ئىشىكسىز كوچا
ئالەمدىكى بىز تۇرغان يۇلتۇز.
يايمىنى يۇز،
بازار باشقۇرغۇچىلار كەلدى!

قېچىۋاتقان بالىلار ئارا
تېرىۋالدىم بىر باغ ئوسمىنى
كۆكۈم كۆپكۆك، ئاسفالت قارا.

## ئاق رەڭ قەسىدىسى

قارا شارقىراتما چۈشمەكتە
ئاستا - ئاستا،
كەچ بولدى مامكاپ يېنىدا.
تاشلار چوقۇلغان، سىلىقلانغان
قاۋاقخانا تېمىدا
غەمكىن شولىلار.

بويالدۇق مۇزدەك بېلىق قېنىدا
ئۇپۇقىمىزدا ئويۇپ قالغان
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراملىقى.
تىرىلدۇرەر قاقشال ئەرلەرنى
ئۆلۈم بىلەن ئەمچەكنىڭ ھىدى.

مەسچىت گۈمبىزىدە
ئاي چىقتى،
يازدىم بۇ شېئىرنى ئاي شەكلىلىك
قەغەزنى تارتماقتا ئوغلۇم كېلىپ.

بەزى رەڭلەرنى يۇتۇۋەتتۇق،
بەزى غەملەر ئۆيگە كەلگۈچە
بەزى تەملەر كېچە ئاغزىدا.

ئاغزىڭدا گۈل،
مەدھىيىلەيلى
بارچە مەدھىيىگە لايىق زاتنى.

# دىل تىۋىشلىرى

**بوۋاقى**

## تۈز تەئەججۈپنامىسى

تۈز يارالمىش بولسا تاپمىغان،
تۈزلۈق ئەبەد بولماستى مەۋجۇت.
تۈزغا ھېچكىم چاپان ياپمىغان،
قىلالمىغان باھارنى جۈت.

قۇت ئەمەيدۇ تۈزغا دەسسىگەن،
نۇر چېھرىنى كۆرەلمەس كور يۈز.
ئادەملىكتىن بۈيۈك تۈز دېگەن،
تۈز يېمىگەن بولالمىغان ئەر.


بىراق، تۈزغا ئاسىي بەندىلەر،
ئۇچراپ تۇرار قەدەمدە خەستەك.
پەسەندىلەر بۇلغىغاچ، دۇنيا
تارايغاندۇر گويا قەپەستەك.

## ۋىجدان كۆزى

ئىرادەڭ دېڭىزىغا قۇيۇلغان جان،
مىڭ يېشىل قۇياش چۇشى ئۆرۈلدى سول.
ئوكيانلار تومۇرىدا كۈۋەجەر قان،
ئالدىغا ئىگىلگەچكە بارماق ھەم قول.

گۈل زېمىن كالپۇكىنى چىشلەپ شەيتان،
قىياس ھەم قىيامەتكە چاچار يالقۇن.
ئۆزى ئۇچۇن ياشايدىكەن تامام ھايۋان،
ئىشقىسىز دەججاللارغا تۇتۇپ يالقۇن...

سەن گويا ئالماس مۆچەل، زېرەك، ئىتتىك،
كىرپىكىڭ قاقمايسەن، راست، تەھدىت ئارا.
سەن بولغاچ بارچە دىللار روھىي تېتىك،
سەن بولغاچ چىن گىياھنىڭ باغرى يارا!



## سەن

سەن
مەۋجۇتلۇقۇم ياراتقان ئىلاھ
شادلىقىمغا ھامىلىدار ئارال.
مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە، نىگاھ،
پەرىشتىنى تاڭ قويغان ئايال.

سەن
ئايازلارنىڭ رەقىبى باھار
روھ كۆكىدە پاتماس نۇر - قۇياش.
مېھرىم پەقەت بىر ساڭا ئاقار،
ھەم سىرىممۇ بولار سەندە پاش.

سەن
دىل كۆزنىكىم روجەكلىرىدىن
زىلال نۇرۇڭ سېپىپ كۈلگەن ئاي.
بېغىشىڭغا چىكىپ يۈرىكىم
ھىجران تۈنىگە ھۆكەر بولغان باي.

سەن
ۋۇجۇدۇمنىڭ ئىرىقلىرىدا
كۆپجۈپ - كۆپجۈپ ئاققان زىلال سۇ.
ئەڭ پاك ھايات كۆلچەكلىرىمدە
قىيغىتىپ شوخ ئۈزگەن شاد ئاققۇ...

سەن
ئەڭ قەدىمكى گۈللەنگەن قىتئە
يا تارىخنى پۈتمىگەن ئىرا.
ياكى بۈركۈت ئۇۋۇلىغان چوققا
ۋەيا جەرەن ياشىنىغان جىرا...

سەن
ئارمىنىم، تىلىكىم، قۇياشىم، روھىم،
ئېتىقاد، ئەقىدەم، سۆيگۈم، ساپ قېنىم...
يۈرىكىم، ئىقبالىم تەقدىرداش ساڭا،
يولۇڭغا پاياندار بارلىقىم، جېنىم!...

## چاقماقتا سۆز

چېقىلساڭ چېقىل روھ ئۇۋۇچلانغىدەك،
چېقىلساڭ چېقىل تەن بولغىدەك پارە.
چېقىلساڭ كائىنات كەلسۇن لەرزىگە،
بولمىسا سىقىلىپ بولما ئاۋارە.

چېقىلساڭ يانار تاغ بولسۇن ھەمراھىڭ،
چېقىلساڭ رەقىبلەر قىلسۇن مۇڭ - زارە.
چېقىلساڭ مۇتتەھەم بولۇتلار ئۆلسۇن!
بولمىسا «ئاھ - ۋاھ!» دەپ بولما ئاۋارە.

چېقىلساڭ بۈرجەكلەر يورۇسۇن بىردەك،
چېقىلساڭ تاپسۇن ئىشارە.
چېقىلساڭ لاتقىلار چۆمسۇن قايغۇغا،
بولمىسا جان قىيناپ بولما ئاۋارە!

## ئوخشاپ قالدىم كەپتەرگە

جىمجىت تۈننى مىجىقلاپ سوغۇق،
مەن قەلبىڭنى سىزسام روھ - دىلغا.
مىسكىن ئۈنۈم ھەسرەتلىك، بوغۇق،
پىراق جىسمى كىرمىگەن تىلغا.

غېرىب شائىر توقۇغان قوشاق،
چۈشلىرىڭگە كىرەمدۇ دىلبەر؟
ئىشقىم دەريا، لەۋلىرى توشاق،
چاچار سۆيگۈ ئېقىنىغا زەر.

مەھەللەڭدىكى قېرى تەبىرۋاز
چۈشۈڭ ئۆرۈپ، بولامدۇ ۋەزخان؟
بىزنى تەنھا سۈيلەمدۇ ئاياز،
ياكى كۈلۈپ باقامدۇ جاھان؟!

سەھەرلەرنىڭ ئۈچقاندا پەيزى،
ئوخشاپ قالدىم غەمكىن كەپتەرگە.
مەڭگۈ ئۆچمەس پاك سۆيگۈ ئىزى،
مۇڭداش بولۇپ دەردمەن ئەختەرگە!

# شېئىرلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد

## ھايات

بىلمەيمەن ھاياتنى قانداق ياشاشنى،
چاڭ باسقان روھ، ۋۇجۇد ھەتتا ئۆيۈمنى.
ئىگىسىز قالدۇردۇم يېتىم بالىدەك،
ئۆزۈمگە تەئەللۇق خىيال - ئويۇمنى.

نېمە بار مېنىڭدە ھاياتنى بۆلەك،
بەزىدە شىرىندۇر ئۈمىدسىز ياشاش.
ئۈمىدكە تويۇنغان نۇرغۇن كېچىلەر،
يوقالدى ۋاپاسىز پاھىشە ئوخشاش.
بۇ دۇنيا، بۇ شەھەر، مۇشۇ ئۆيۈمدە،
ئادرېسىم نامەلۇم بەلكىم سىلەرگە.

ئەگەر مەن بولسامتىم نازىنىن قىزچاق،
ئىشلەشتىن قېپقالغان تېلېفون نومۇرۇم
بولاتتى ئىسمىسىز ئايان ھەممىگە.
ھاياتنىڭ قىممىتى باردۇر ئېھتىمال،
نامەلۇم مەندە ياشايدۇ ھەركىم.
كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يوللار تۇتاشماس،
ھاياتلىق مۇشۇنداق ئادرېسىز بەلكىم.

## سۆيگۈ ۋە تۇيغۇ

سېنى سۆيۈش ھاجەت بولسىمۇ،
تەنھالىقتا كۆنۈپ قالغانمەن.
پەقەت سېنى خىيال ئۇچۇنلا،
چۈشلىرىمگە قوشۇپ ئالغانمەن.
مۇھەببەت بولغانمىش ئاتام زاماندا،
ھاۋا ئانام تۇغۇلغان جايدا.
ئۇنى ئىزدەپ تاپماق بولغانلار،
كېلەلمىگەن بىزنىڭ ماكانغا.
سېنىڭ ئۈچۈن سۆيدۈم ئۆزۈمنى،
بەلكىم ئۆزۈڭ سول قوۋۇرغامدا.
چىرماپ ئالدىم سېنى چۈشۈمگە،
بولساڭمۇ گەر يىراق ماكاندا.
كۆز ئالدىمدا ئەي گۈزەل جانان،
زاھىر بولۇپ قالساڭ ناۋادا،
روھ دۇنيارىم بولىدۇ پايخان.
ئەرلىكىمدىن قالغان شۇ كۈنى
ساڭا كۆڭۈل قىلىمەن بايان.


## ھىجران

قارا كۆز، قارا چاچ مېنىڭ ئامرىقىم،
قارامتۇل تېرەڭدە قۇياش جىلۋىسى.
ئۇيالما ئاق يۈزلۈك، سوغۇق كۆزلەردىن،
بىر ساڭا تەڭلىشىپ بولماس ھەممىسى.
ئېسىمدە ياش تۆكۈپ خوشلاشقان مىنۇت،
روھىڭدا چايقىلار دېڭىزدەك ھەسرەت.
ئۇنتۇشۇم قىيىندۇر ئاشۇ چاغدىكى،
ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قالدۇرغان سۈرەت.
ئاخىرقى ئۇمىدنىڭ غۇۋا نۇرىدەك،
گىرىمسەن كارىدور مېنى يوشۇرغان.
جۈرئەت يوق باغاشلاپ سۆيۈپ قويۇشقا،
مادارسىز پۇتلۇرۇم ئاران سىلجىغان.
پەلەمپەي، پەلەمپەي سوغۇق پەلەمپەي،
يىراقلاپ بارماقتا ئاياغ ساداسى.
يۈرەكتىن ئاڭلىنار، شۇنچە بوشقىنە،
يېپىلغان ئىشىكنىڭ يېنىك ئاۋازى.
سەن يىراق، شۇنچىلىك يىراق بىر جايدا،
سېھىرلەپ قويدۇۋۈڭمۇ خىيال - تۇيغۇمنى.
چېكەتكە، ئۆمۈچۈك يەنە سۇۋەرك
سەن ئۈچۈن ھەمراھ بوپ باقار ئۆيۈمنى.

## ۋەتەن

بىزنىڭ ئاشۇ يىراق ماكاندا،
يۈرەك قالدى يۈرەك ئانجان.
دۇئا بېرىپ ئاق يول تىلىسەڭ،
يۈرەك - باغرىم بولدى لەختە قان.
تېلېفوندا ساختا سۆزلەرنى،
ئېيتماق قىيىن ساڭا ئەي ۋەتەن.
سېغىنىشقا تولغان روھىمنى،
كۆتۈرەلمەس ئاجىزغىنا تەن.
يالىڭاچلانغان ئاينىڭ بەدىنى،
جىلۋە قىلىپ تۇرسۇن يېنىمدا.
پۈركەنجىگە مەھكەم ئورالغان،
ئاشۇ گۈزەل باردۇر روھىمدا.
تەكلىماكان يىراق بولسىمۇ،
دىمىغىمدا قۇمنىڭ ھىدى بار.
ئانا سېنىڭ تۇرغان يېرىڭگە،
ھەر دەقىقە يۈرەك ئىنتىزار.

2001 - يىلى ئالمائاتا



# چۈش

**يالقۇن ئەزىزى**

ئاي ئويچان، ئۆركەشلەپ ئاقار تىمتاس تۈن،
چۇۋۇلغان چېچىڭنىڭ ئۇچىغا چۆكۈپ.
كۈمۈشتەك زىل نازۇك ئاۋازىڭ ئارا،
ئەتراپقا تارايدۇ قېنىڭنىڭ نۇر تۆكۈپ...
تولغۇنۇپ ياتسان ۋۇجۇدۇڭ مەستخۇش،
ئۆزۈڭنى ھەريانغا تىنىمسىز تاشلاپ.
بىر تال شام ئەكىرىپ كەتمەكتە مېنى،
قاراڭغۇ تېنىڭگە يالغۇز يول باشلاپ.
ئۇنتۇلغان ئىستەكلەر گويا گۈلىستان،
قەلبىڭدە ئۈن - تىنسىز ئۇرماقتا بەرق.
بىر دەريا ئۆزىنى قۇچاغلاپ تەنھا،
قاپقارا كۆزۈڭدە ياتار مەست غەرق.
تار غۇۋا ھوجرامنىڭ قوينىدا چۈشتەك،
ھىجراننىڭ ياپرىقى يوقۇلار توزۇپ.
ئۆزىنى تاپالماي ۋاقىت ئۈن - تىنسىز
ئەينەككە قارايدۇ بوينىنى سوزۇپ.
گاھىدا يۇلتۇزدەك قالىدۇ چاقناپ،
يوپۇرماق
كۆز يېشى
تەر باسقان بەدەن،
ئۇيقۇدا قولۇمنى سوزسام چۈشەكەپ
ئۇرۇلار بوش تىنىپ ياتقان بىر ۋەتەن.

# شېئىرلار

**غەيرەت غوپۇر**

## ئاياللار قانۇنىيتى

- رىشات نۇرى گۈنتېكىنگە

ئەرلەرنى سۆيۈشتىن ئاۋۋال بىر خورلۇق،
ئاياللار ئىشقىنى بويايدۇ قانغا. ئۆزىنى يەڭگۈشلەپ باشقا بىر جانغا،
بۇلار دەرت يۈكىنى ئارتماق جاھانغا...
تەقدىر بەزەن ئەۋلىيا
تەقدىر بەزەن ئارتۇقچە...

## سۈت سېتىۋېلىشتىن خاتىرە

- دۇنيا ئاق سۈتى ئىدى ئانامنىڭ،
تېمىپ كەتتى كۈلرەڭ بوياققا...

## لوقمان


ئار نومۇس ۋە قەلب كېسىلىنى،
تىنىقىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ
داۋالارمىش قەدىمدە،
لوقمان ھېكىم دوختۇرخانىسى.

## يىلتىز

كونا دەرەخنىڭ
يىلتىزىغا ئوخشايدۇ ئادەت
كىرىش بىمەنە،
سىمونتنىڭ ئىچىگە
قورام تاشنىڭ ئاستىغا، ئۇيۇل تاغلارغا...

## يەر تەۋرەش خاتىرىسى

تەۋرىسە يەر
يېرىلىدۇ يەر
مۇمكىنلىك بار ياشايمەن دېسەڭ،
تەۋرىسە دىل
دېڭىز تۆكىلەر
مۇمكىنلىك يوق
يەر ئوكيان بىلسەڭ.
يەرمۇ دىل
دىلمۇ يەر




فرانسيه پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان كېرىيە دەرياسى ساھىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
«پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىش ۋە تونۇشىنى ئىلگىرى سۈردى»
ـ فرانسيه زۇڭتۇڭى شىراك (2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا تەكلىماكان قۇملۇقىدا «ياۋايى ئادەملەر» تېپىلدى دەپ كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ھېچقانداق تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن «شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەر» تېپىلدى دەپ ئېلان قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم جاھاننى ھەيران قالدۇرغان. 21 ـ ئەسىرنىڭ باش باھارىدا ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى، تەبىئىي مۇھىتى، ئۆزگىچە قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ياۋروپا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان سىرلىق جاي ـ «كېرىيە دەريا بويى» نى بىلەمسىز؟

## سۆز بېشى ـ ئاتالمىش «قۇملۇقتىكى ياۋا ئادەملەر»

بىز دەريا بويىدىن ئىبارەت تەكلىماكاندىكى بۇ سىرلىق جاينىڭ بايقىلىشى ۋە دۇنيانى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا پەيدا بولغان يېڭى دەۋر ئەپسانىسى «قۇملۇقتىكى ياۋايى ئادەملەر» ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرالمايمىز. 1988 ـ يىلى باش باھاردا بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «يەر شارى» ژۇرنىلىدا «قۇملۇقتىكى خىلۋەت دۇنيا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە قىسقا ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 8 ـ سانىدا «تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى غايىۋى جەننەت» ماۋزۇسى ئاستىدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى. ئاجايىپ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان، يەنە كېلىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلغان

بۇ ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

دۆلىتىمىزنىڭ فىزىكىلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا 200 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر يېشىل كارىدور ۋە بۇ كارىدورغا قاراپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا ئېقىنىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ بىر كىچىككىنە دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەخمىنەن 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىر چىمەنزارلىقتا دۇنيادىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان بىر كەنت بار ئىكەن. ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ بولمىغان بۇ بىپايان چۆل دېڭىزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا جۇشقۇن، روھلۇق ياشاۋاتقان، ئىپتىدائىي دەۋر قەبىلىسىگە تەئەللۇق بولغان ئادەملەرنىڭ تېپىلغانلىقى خەلقئارا جامائەتچىلىك ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئۇلار ھازىرقى دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا خۇددى ‹ جەننەت › تە ياشاۋاتقاندەك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلار توغراقلارنى كېسىپ سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. كۈندۈزى كۈن نۇرىدىن سائەت ئورنىدا پايدىلانسا، كېچىسى ئاي يورۇقىدىن چىراغ ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن. كۆپ ھاللاردا ياۋا ئوتياش، مېۋە ـ چېۋە ۋە قۇش ـ ھايۋاناتلارنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا تىغ بىلەن يەر قېزىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئوۋ ئوۋلايدىكەن، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرىدىكەن. ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئىناق ئۆتۈپ، سىرتنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىماي كەلگەنىكەن. بۇ يەردە

ھېچقانداق ھۆكۈمەت، مەكتەپ، بازار ۋە ئەمەلدار، ھەربىي - ساقچى، غەللە - پاراق تاپشۇرۇش، باج ئېلىش دېگەنلەر يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىڭ دەۋر خان پادىشاھلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغانلىقى سىرتىدا، ھەتتا يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن گومىنداڭ ئاق تېررورلۇقى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ۋە يەر ئىسلاھاتى، خەلق كوممۇناسى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش، ئون يىللىق مالىمانچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋىرى يوق ئىكەن. قىسقىسى، دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ - كىچىك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ قۇملۇقتىكى «جەننەت» ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئاۋۇپ، ئۆلۈپ تۇرىدىكەن. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق خانلىقنىڭ ياش ئەزىمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كېتەرلىك بۇيۇملارنى مەسىلەن، چاي، تۇز، خام - رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى توپلىغان تېرىلەرگە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تۆگىگە مىنىپ، بىرىپ - كېلىشى 16 كۈنلۈك بولغان قاقاس قۇملۇق سەپىرىنى باسىدىكەن. ئۆتمۈشتە بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ قۇملۇقتىكى ‹جەننەت› تە بىر قېتىم چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئوندىن سەككىز، توققۇزى قۇم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، كىرسە چىقالماس ئەرۋاھلارغا ئايلانغان.

بۈگۈنكى كۈندە قۇملۇقنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتە ئەڭ خەتەرلىك بولغان دەھشەتلىك جەزىرە ئىچىدە ئەڭ قالاق ۋە ئەڭ جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى قۇرۇپ چىققان.

تەكلىماكان نېفتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە بۇ بىپايان چۆل - جەزىرىدە بارلىققا كېلىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ قۇم دېڭىزىنىڭ ئىچىدىكى ‹جەننەت› كەلگۈسىدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئالىملار ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغۇسى».

يۇقىرىقى بايانلاردا دەريا بويىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، ئۇ پەقەت ئالدىراقسانلىق بىلەن يېزىلغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ، كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق تۇيغۇسىنى قوزغاپ، دەريا بويى قىزغىنلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە ئەسىرلەر بويى ئۇيقۇدا ياتقان بۇ خىلۋەت ماكانىنىڭ جانلىنىشىدا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن «كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كېرىيە»، «خاتا ھالدا ‹ياۋايى ئادەم› دەپ ئاتالغان دەريا بويىلىقلار»، «دەريا بويىلىقلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەندەك ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، دەريا بويى ۋە دەريا بويىدىكى خەلقلەر ھەققىدىكى ئەمەلىي بولغان يېڭى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دەريا بويى ئاجايىپ سىرلىق قەدىمكى ماكان، بۇ يەر 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان يېڭى دەۋر كىشىلىرىدە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش قوزغاش بىلەن شۇ جايىنى كۆرۈپ چۈشىنىش توغرىسىدا ئاجايىپ يېڭى ئىستەكلەر قوزغايدۇ.

گېرمانىيىلىك پروفېسسور جورجى خوفمان دەريا بويىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن دۇنيادىكى نۇرغۇن قۇملۇقلارغا بارغان، لېكىن قۇملۇق ئىچىدە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان...!» دەيدۇ.

سىزدىمۇ يېڭى ئىستەكلەر قوزغالغاندۇ. ئەگەر دەريا بويىغا قىزىقسىڭىز، ئۇ يەرنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى پارچىلارغا نەزەر سېلىڭ.

### 1. قۇم دېڭىزدىكى بوستانلىق ـ دەريا بويى

قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، كېرىيە بوستانلىقى ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تىنىماي ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا، كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا 237 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دەريا تاشقىن سۇلىرىنىڭ قۇيۇلۇشى، سىزىپ چىققان بۇلاق سۈيى بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان قۇملۇق ئارىسىدىكى سىرلىق جاي «كېرىيە دەريا بويى يېزىسى» جايلاشقان.

دەريا بويى يېزىسى توغراق، يۇلغۇن، قومۇش، ياۋا جىگدە قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغان 1 مىليون 200 مىڭ موغا يېقىن كۆلەمگە ئىگە بوستانلىق زېمىن.

دەريا بويى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىككى نەپەر ئاقساقالنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 70 كە يېقىن ئائىلە، 280 نەچچە نوپۇس ۋە 11 مىڭدەك چوڭ - كىچىك چارۋىسى بار كىچىك يايلاق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، تەرەققىي قىلىپ 172 ئائىلە، 832 نوپۇس، 24 مىڭ 411 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋىسى بار كەسپىي چارۋىچىلىق رايونىغا ئايلانغان.

بۇ جاي ئەسلىدە «دەريا بويى كەنتى» بولۇپ كېرىيە دەريا بويى ھۆكۈمەتسىز جاي بولماستىن، بەلكى ئازادلىقتىن بۇرۇنلا ئەينى دەۋردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئاقساقال ئەۋەتىلىپ باشقۇرۇلۇپ تۇرغان ھەمدە مەلۇم مىقداردا باج ۋە ئۆشرە - زاكات ئېلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى 1950 - يىلى بۇ جايدا كەنت دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلۇپ، سايلام ئارقىلىق كەنت باشلىقى سايلاپ چىقىلغان. 1959 - يىلى بۇ كەنت كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن گۇڭشېسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئەترەت باشلىقلىرى سايلانغان. 1961 - يىلى دەريا بويىدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان. 1960 - يىلى دۆلەت بەرگەن بىرقانچە يۈز يۈەن بىلەن ئاددىيغىنە ياتاقلىق مەكتەپ سېلىنىپ، 35 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1965 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇلاردىن 28 نەپىرى لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پۈتكۈل كەنت بويىچە تۇنجى ئەۋلاد ساۋاتلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بۇ مەكتەپ تاكى 1985 - يىلى ئۆرۈلۈپ، ۋەيران بولغانغا قەدەر مۇقىم ئوقۇغانلار ئاز بولسىمۇ، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش توختاپ قالمىغان. مەتتۇرسۇن سىدىق ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى ئائىلە بىلەن ئائىلە ئارىلىقى يېرىم كۈنلۈك مۇساپىنى ئېشەككە مىنىپ بېرىپ، ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 1989 - يىلى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان (ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) دەريا بويىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن مەبلەغ ھەل قىلىپ ئومۇمىي كۆلىمى 538 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا، تەجرىبىخانا، ئاشخانا سالغان. بۇ چاغدا مەكتەپكە ئالتە ئوقۇتقۇچى سەپلەنگەن بولۇپ، 86 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1994 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان. 2001 - يىل 6 - ئايدا سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر، قىممىتى بىر مىليون يۈەنلىك زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇپ بەرگەن. ھازىر بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 18 نەپەر، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 145 كە يەتتى. بۇ مەكتەپنى تاماملىغانلاردىن تۆت نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈردى. ئازادلىقتىن بۇيان دەريا بويىلىقلار 1966 - يىلى، 1984 - يىلى، 1985 - يىلى ئۈچ قېتىم كىنو كۆرەلىگەن. 1966 - يىلى تۇنجى قېتىم «يايلاقتىكى بۈركۈت» دېگەن فىلىم قويۇلۇپ، ئېكراندا ئارغىماق مىنگەن چەۋەندازلار كۆرۈلگەندە، يەرلىك ئاما قورقۇپ پاتپاراق بولۇپ كەتكەن. 1967 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 12 نەپەر ئارتىسى ئېشەككە مىنىپ دەريا بويىغا كېلىپ ئويۇن قويغان. 1988 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربان خەلق ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى ئىدارە باشلىقلىرىنى باشلاپ بېرىپ، دەريا بويى خەلقىگە غەمخورلۇق قىلغان. ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش خەلقنى سۆيىدىغان، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان رەھبەرلەرنى خەلق مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدۇ، قوللايدۇ، تارىخ بەتلىرىدە ياخشى نام بىلەن قالدۇرىدۇ.

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) باشچىلىقىدىكى نەق مەيدانغا بېرىپ ئىش بېجىرىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويىغا بېرىپ چارۋىچى، دېھقانلاردىن ھال سورىدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. نەق مەيداندا 30 مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزدى.

1989- يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق «دەريا بويى يېزىسى» رەسمىي قۇرۇلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق پونكىتى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، مال دوختۇرلۇق پونكى-

تى، رادىئو ئۈزىلى، سودا دۇكىنى قاتارلىق ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دەريا بويى خەلقىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن دەريا بويى يېزىسىغا ئاددىي تاشيول ياسالدى.

دەريا بويى يېزىسىدا ھازىر 301 ئائىلە، 1301دىن ئارتۇق نوپۇس بولۇپ، بۇلار نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق دائىرە ئىچىدىكى توغراقلىق ئارىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. ئۇزۇقلىنىشتا ـ بۇغداي ئۇنىدا قىلىنغان كۆمەچنى ئاساس قىلىدۇ. قوي گۆشىنى تونۇر كاۋىپى، يۇلغۇن ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدىغان زىخ كاۋىپى، قېرىن كاۋىپى (قېرىن كاۋىپى ـ گۆش ۋە جىگەر قاتارلىقلارنى قېرىن ئىچىگە سېلىپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ) قىلىپ يەيدۇ. ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىككى خىل ئاشلىق، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى ناھىيە بازىرىدىن يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار كۆپرەك ۋاقىتتا قۇدۇق سۈيىنى، ئاز ساندا دەريا سۈيىنى ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي ئۇستۇن، ئەمگەكچان، جاپاغا چىداملىق، ئىش قىلسا ھاللانمايدۇ. ھەر يىلى يايلاقتا سۇ باشلاش ئۈچۈن كېرىيە دەرياسىغا ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە بولغان چوڭ - كىچىك تۇغاندىن نەچچە يۈزنى سالىدۇ. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرى، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدىمۇ ئادەتتىكى ساتما ئۆيلەردە تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيلەرگە خىش، تاش ئىشلىتىلمەيدۇ. توغراق ياغاچلىرىنى يېرىپ تاختاي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قاتار رەتلىك تىزىپ ئۆينىڭ تېمى ھازىرلىنىدۇ. ئۈستى ياغاچ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆي جاھازىلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق بولىدۇ. توغراق، يۇلغۇن ئوتۇنلىرى كۆپ بولغاچقا ئوت ئاساسەن ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

دەريا بويى خەلقى مىجەز جەھەتتە ياخشى ئەخلاقىي مىزانغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئوغرىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، زالىملىق، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار قىلمىشلارنى بىلمەيدۇ. ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سالمايدۇ. ئادەملەر ئارا ۋاپادارلىق، راستچىللىق، نومۇس، غۇرۇر ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئەڭ گۈزەل كىشىلىك پەزىلەت دەپ بىلىدۇ. مىجەز جەھەتتە كىشىگە ئەمەك، مېھماندوست، سىرتتىن كىرگەنلەرنى كۆرسىلا ئۆيىگە چاقىرىپ چاي قۇيىدۇ. ئۇرۇش - جېدەلنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆي ئىچى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتىدۇ. قۇرۇق نان يېسىمۇ ئالدى بىلەن قول چايقاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

دەريا بويى خەلقى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا، تېرىقچىلىق قىلمايدۇ. ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسى: چارۋا مال، يۇڭ، چۇپۇر، تىۋىت، دورىلىق ئۆسۈملۈك، توشقان زەدىكىنى كولاپ سېتىپ پۇل قىلىشتىن كېلىدۇ.

دەريا بويى بوستانلىقىدا ئىلگىرى ياۋا تۆگە، جەرەن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار بولۇپ ھازىر يوقالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەردە ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق ھايۋانات ۋە قۇشلار، دەريا ئەگمىلىرى ۋە ساسلىقلاردا بېلىق بار.

بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا (باش كەڭ سولاق رايونى) ياشاپ ئوتتۇرا تاش قورallar دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. كېيىن بوستانلىق ئىزدىشىپ كېرىيە دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى بوستانلىق «دەريا بويى» ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق، شەھەرلىشىش (يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى) قەدىمىنى باسقان. ئۇلار دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشىگە ئەگىشىپ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت بەلۋاغلىرىنى بەرپا قىلغان. 2 مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى ھۇن، توخرى، ساك، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلە، مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەبىئىي قوشۇلۇشى بىلەن قانداشلىق جەمئىيەتتە يېقىنراق بولغان ئۇرۇقلار بىرلىشىپ بىر قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن.

كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدا قەدىمدىن بېرى شۇ جايدا ياشاپ ئۆز ئۇرۇقداشلىرىغا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىش، يات ئۇرۇقلاردىن ئۆزىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز ئۇرۇق قەبىلىلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە نامىنى ساقلاپ، ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ، قەبىلىسىنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان. ھازىر بولسا «لەقەم» ئورنىدا «تەك»، «باراق» دەپ ئاتاپ ساقلىنىپ قالغان. قەدىمكى دەريا بويى ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىز باسارى بولغان بۈگۈنكى دەريا بويى خەلقى ياشىماقتا.

دەريا بويىدا ياشىغان ھازىرقى خەلقلەر

كىرىيە دەريا ئاياغ ئېقىنىنىڭ شەرق تەرىپىنى «تەكە تام» دەپ، غەرب تەرىپىنى بولسا «باراق تام» دەپ ئاتىشىدۇ. شۇ جايدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغىمۇ «تەك» ، «باراق» دېگەن لەقەمنى قوشۇپ ئاتايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا «تەكلەر» تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى بىر قەبىلە خەلقىنىڭ نامى، «باراقلار» بولسا تۈركلەرنىڭ جەڭگىۋار، باتۇر، ئوۋغا ماھىر بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدۇر. بۇلار دەريا بويىدىن ئىبارەت تەبىئىي بوستانلىقلاردا ئەجدادلىرىمىز-نىڭ ئىزىنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇقلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، دەريا بويىدىكى توغراقلىقلارنى قوغداپ، پەرۋىش قىلىپ مۇھىتنى ياخشىلاپ ئاشۇ بوستانلىق ئانا زېمىن ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان، ئەڭ ياخشىناملار بىلەن تەرىپلەشكە ھەقلىق ئاق كۆڭۈل خەلقتۇر.

### 2. كېرىيە دەريا بويىدىكى يەر ناملىرى

قۇملۇق ئىچىدىكى تەبىئىي مۇھىتى ئۆزگىچە كېرىيە دەريا بويىدا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى، يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قويغان، دەريا بويى خەلقى ئېغىزىدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ئاتاپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان خاس يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش بۇ جايلارنىڭ تارىخىنى، ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

شۋېتسارىيىنىڭ جۇغراپىيۇنى سۋېن ھېدىن 1894 - 1896 - يىللىرى، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن 1906 - يىلى 8 - ئايدا كېرىيە دەريا بويىغا كېلىپ تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇلار خاتىرە قالدۇرغان دەريا بويىدىكى يەر ناملىرىدىن تۆۋەندىكىلەر ئۇچرايدۇ.

① پىچانلىق
② شىرپاڭ
③ ئەزىز ئاخۇن - تاللىق
④ پارچە
⑤ كاتاك
⑥ سېرىق كەشمە
⑦ شالدىراڭ
⑧ چوغۇتمەن
⑨ تاشكان
⑩ ئارقاچان
⑪ تولداما
⑫ توغراق ئېغىل
⑬ مىلان شاشلىق
⑭ يوغان قۇم
⑮ سېرىق بويا
⑯ تۆگە تايدى
⑰ بۇلەڭگەن
⑱ قومرابات
⑲ چىتان ئېغىل
⑳ مىسالەي ئېغىل
㉑ چال ئېغىل
㉒ توغراق چال
㉓ يېڭى يايلاق
㉔ قىياق چالما
㉕ باسۇق ئېغىل
㉖ قوچقار ئېغىل
㉗ تاقاق ئېغىل
㉘ كۆتەك ئېغىل
㉙ دۆڭ ناچا
㉚ دۆڭ ساتما
㉛ مازار توقاي

ھازىر دەريا بويى ئەتراپىدىكى ئىشلىتىلىپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يەر، جاي ناملىرىنى جايلىشىش ئورنىغا قاراپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تۆۋەندىكىدەك تىزىشقا بولىدۇ.

① ھەسىنتىم
② كەڭتۇقاي (چازا)
③ باغ جىگدە
④ قارا بۇرۇن
⑤ ئىنكۆل
⑥ يوغان توغراق
⑦ مەدەك ئاستى
⑧ بۇلاق
⑨ چولاق مازار
⑩ چاپان كۆيدى
⑪ ئوقىلىق
⑫ سېسىق كۆل
⑬ باختى باش
⑭ گەۋرى كۆل
⑮ ئات يايلىقى
⑯ مازار
⑰ كۆك جىگدە
⑱ يۇلغۇن جىگدە (ئېغىل)
⑲ چىگىت قويغان

⑳ كۆتەك ئېغىل
㉑ يېسىن
㉒ قوچقار ئېغىل
㉓ باسقى ئېغىل
㉔ يانتاق ئېغىل
㉕ توغراق چات
㉖مىسالەي (مىرسالەي - مىرسالىھ؟)
㉗ قىغلىق
㉘كەڭ توقاي
㉙ قومبىراۋات (قومرابات؟)
㉚بىلەنگەن
㉛ جەزە قويغان
㉜سېرىق ئۆي تا (چۇچۇكبۇيا)
㉝ دۆڭ ئارالچە
㉞ تۆگە تايدى
㉟ كۆتەك ساتما
㊱ يانتاق سولاق
㊲چىتلاق
㊳ چاۋال
㊴ تېرىم (يېزا جايلاشقان جاي)

**3. دەريا بويىدىكى بىر ئەسىرلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى**

كېرىيە دەريا بويى - سىرلىق تەبىئەت جىسمىغا پاتقان مۆجىزىلىك جاي، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان تەكلىماكان قۇملۇقى قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇ ماكاندا قەدەم ئىزلىرى قالدى. رەھبەرلەرنىڭ بۇ يەرگە بېرىپ قىلغان غەمخورلۇقى كىشىلەر قەلبىدە ساقلاندى. ئۇلار بۇ جايلارنى ئۆز قەدەملىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇتتى.

① دەريا بويىدىكى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا تۇنجى كىرگەن ئادەم دەل شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون، ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن. ئۇ 1896 - يىلى 2 - ئايدا كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ قارادۆڭ خارابىسىدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئۆلچىگەن. كېيىن ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئارقىلىق بۇ جاينى دۇنياغا تونۇشتۇرغان. ئۇ دوكلاتىدا: «بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى قارادۆڭ، بۇنىڭ مەنىسى (قارا رەڭلىك قۇم دۆۋىسى) دېگەنلىك بولىدۇ. . .» دەپ يازغان.

② فرانسىيىلىك دوترئۇئىل 1898 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى دەريا بويى ئەتراپلىرىدا خەلق سەنئىتى، مەدەنىيىتى، تىل قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق دوكلاتى ئارقىلىق بۇ جايلارنى دۇنياغا تونۇتقان.

③ 1901 - يىلى 3 - ئايدا ۋە 1906 - يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلاردا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ 1901 - يىلى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە جۇغراپىيون سۋېن ھېدىن سىزغان خەرىتىگە ئاساسەن قارادۆڭ خارابىسىنى ئىزدەپ تاپقان. ئىككى كۈن ئۇدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن چىرىگەن بۇغداي، گۈرۈچ، سۆكسۆك، تېرىق ۋە ئاز مىقداردىكى قېتىپ قالغان قۇرۇق ئۈزۈمنى ئۇچراتقان. ستەيىن ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار» ناملىق ئەسىرىدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە مەزكۇر شەھەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى بەرگەن.

④ 1929 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېيبى ئەپەندى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 4 - 5 - ئەسىرگە مەنسۇپ كىچىك مىس پۇل ۋە خەن دەۋرى ۋۇجۇ مىس پۇلى ھەم بىرقىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. ئۇ قارادۆڭ خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلاردا بىرقەدەر تەپسىلىي تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆز بايانىدا: قارادۆڭ خارابىسىدا ئون نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقىنى، كىچىك ئۆيلەرنىڭ چوڭ ئۆيلەرنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئىمارەت ئىملىرىنىڭ ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ ياغاچلارنىڭ سالاسۇندەك بىر - بىرىگە تۇتاشقانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىزى «ھۆكۈمەت مەھكىمىسى» دەپ گۇمان قىلغانلىقىنى يازغان. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۆينىڭ تاملىرى توغراق ياغىچى بىلەن قوپۇرۇلغان. سىرتى قومۇش بىلەن قوشام قىلىنغان ۋە سېغىزلاي بىلەن سۇۋالغان. سۇۋاقلار ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن. توغراق ياغاچلىرى بولسا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. چوڭ ئۆي تېمىنىڭ سىرتى ئاقارتىلغان، ئىچىگە كۆك ۋە كۆلرەڭ ھەل بېرىلگەن.

⑤ 1958 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇم تىزگىنلەش ئەترىتى ۋە نېفىت چارلاپ

تەكشۈرۈش ئەترىتى دەريا بويى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىر قىسىم ئىلمىي ماتېرىياللارنى توپلىغان.

⑥ 1959 - يىلى شىنجاڭ مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى قارادۆڭ خارابىسى ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان كۆك، ئاق گۈللۈك پاختا رەخت، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى پاختا رەخت شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ دەسلەپكى دەۋردىكى پاختا توقۇلما دەپ قارالماقتا.

بۇ قېتىمقى قېزىش، تەكشۈرۈشكە لى يۈچۈن، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئەخمەت رېشىت، مەمەت ھاجى، تۇرسۇن ئەيسا قاتارلىق 11 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى گۆرۈپپا ئۆي ئىزىنى تازىلاپ، ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى تونۇر شەكىللىك كاتەك، ئوچاق قاتارلىقلارنى بايقىغان. ساپال، ياغاچ ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى قېزىۋالغان.

⑦ 1983 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى خادىملىرى قارادۆڭ، مارجانلىق خارابىلىرىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش، خەرىتىگە ئېلىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

⑧ 1986 - يىلى جۇڭگو - گېرمانىيە بىرلىشىپ كېرىيە ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قېزىۋالغان بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملار ئۈستىدە (كاربون 14) دەۋرىنى بېكىتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىپ، قورغان تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى 2684+108 يىل ئىكەنلىكى، ئۆي ئىچىدىن ئېلىنغان قومۇشنىڭ دەۋرى 94 + 2133 يىل ئىكەنلىكىنى، ياغاچ كۆمۈرنىڭ 75 + 2135 يىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

⑨ 1988 - يىلى باھاردا بېيجىڭدا چىقىدىغان «يەر شارى» ژۇرنىلىدا «قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خالىي دۇنيا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، دەريا بويى خەلقىنى «ياۋايى ئادەملەر»، دۇنيادىن خەۋەرسىز، پىنھان ياشىغۇچىلار دەپ تەشۋىق قىلىنىپ، خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە ماقالە ئاپتورى دەريا بويى خەلقىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تىلىنى تولۇق چۈشەنمەي، تولۇق تەكشۈرمەي ئالدىراقسانلىق قىلغان.

⑩ 1988 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە سەككىز تارماقتىكى 12 كەسىپتىن تەشكىللەنگەن 30 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى قاتناشتى. ئۇلار مارجانلىق خارابىسى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

⑪ 1988 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربان (ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) خەلق ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى ئىدارە باشلىقلىرىنى باشلاپ بېرىپ دەريا بويى خەلقىدىن ھال سورىدى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

⑫ 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ھاكىم ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويىغا بېرىپ چارۋىچى دېھقانلاردىن ھال سورىدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. دەريا بويىدا مەكتەپ، دوختۇرخانا، پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى قاتارلىق بىر قىسىم ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزدى.

⑬ جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 1991-، 1993 -، 1994 -، 1996 -، 2001 - يىللىرى بەش قېتىم تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ ناھايىتى زور بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ كېرىيە دەريا بويىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

⑭ 1998 - يىلىدىن باشلاپ كېرىيە دەريا ۋادىسىدا تەبىئىي مۇھىت، ئۆرپ - ئادەتلەر ساياھىتىگە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئۆمەكلىرى كېلىپ كېتىۋاتماقتا.

### 4. «ھالاكەت دېڭىزى»دىكى سىرلىق قەدىمىي شەھەر ئىزلىرى

«ھالاكەت دېڭىزى» دەپ تەرىپلەنگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دەريا بويى بىر سىرلىق ماكان. قەدىمدىن بېرى بۇ جايىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان كېرىيە دەرياسىنىڭ بىرنەچچە قېتىم تەدرىجىي ئېقىن ئۆزگەرتىشى نەتىجىسىدە، تەكلىماكان

قۇملۇقنىڭ مەركىزىي قىسىملىرى بولغان دەريا بويى ساھىللىرىدا ئىنسانلارنىڭ ياشاش پائالىيىتى ئۈچۈن قۇلايلىق بولغان نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلار شەكىللەنگەن ھەمدە مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. دەريا بويىنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، نۇرغۇن قەدىمكى تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى شەھەر سېپىل قالدۇقلىرى، ئولتۇراق مەھەللە، ئېخىل ـ قوتان ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىق، باغ ـ ئېتىز ئىزلىرى، دەريا ـكۆل ئىزلىرى ساقلانماقتا. دەريا بويى گويا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئاپىرىدە تۇپرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ جايلاردىن ھازىرغىچە 60تىن ئارتۇق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن مەشھۇرراق، كۆلەم جەھەتتىن چوڭ بولغانلىرىدىن «مارجانلىق خارابىسى»، «قارادۆڭ خارابىسى» (بۇ ئىككى خارابە «كېرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى (1)» دە ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان) ۋە ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇراق مەھەللە ئىزلىرى، ئالتە جايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار.

(1) يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى:

1994 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەريا بويىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەريا بويى رايونىدا تەكشۈرۈش ـ قېزىش داۋامىدا شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەر «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» نى بايقىغان.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى كېرىيە دەرياسى قۇرۇق ئېقىن ئىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″9′34°81، شىمالىي پاراللېل ″24′52°38 قا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەر دەريا بويىدىكى قارادۆڭ خارابىسىدىن غەربىي شىمالغا 41 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ شەھەر سېپىلى ئۆلچەمسىز بەش تەرەپلىككە مايىل بولغان يۇمىلاق شەھەر سېپىلىدىن تەركىب تاپقان. شەھەر سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 995 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 330 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 270 مېتىر. ھازىرقى سېپىل قالدۇقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 473 مېتىر ئەتراپىدا. سېپىل ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3 ـ 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 ـ 4 مېتىر (ئەڭ ئېگىز يېرى 11 مېتىر) كېلىدۇ. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ۋە شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدە شەھەر قوۋۇقى (دەرۋازا) بار. توغراق ياغىچىدىن ياسالغان جەنۇبىي دەرۋازا ئەينى دەۋردە تاقاقلىق بولۇپ، بۇ خىل كۆرۈنۈش ئەينەن ساقلانغان.

شەھەر سېپىلى ـ ئەڭ ئالدىنقى سىرتقى قىسمى خام خىش كېسەكلەر بىلەن، ئاندىن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈكلەرگە يۇلغۇن شاخلىرىدىن قوشامداش، شال پاخلى، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق شاخلىرىنى بېسىش ئارقىلىق ياسالغان. سېپىلنىڭ ئىچى ـ سىرتى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ خىل تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى خوتەن رايونىدا ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي سېپىل تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈرى ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 + 2135 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى شەھەر ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى پۈتۈنلەي قۇملىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالتە ئورۇندىكى ئىمارەت ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆيلەر ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام تاملىق ئۆيلەر ھېسابلىنىدۇ. شەھەر ئىچىدە، ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، داتلاشقان تۆمۈر قورال پارچىلىرى ۋە تۆمۈر داشقاللىرى، ھەرخىل مارجان، ياغاچ قوراللار، سۆڭەك بۇيۇملار قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بىر ئەر جەسىتىنىڭ قاڭشىرى ئېگىز، كۆزلىرى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنى ياۋروپا ئىرقى (ئاق تەنلىك ئىرق)غا تەۋە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شەھەر ھەققىدە تارىخنامىلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

كېرىيە دەرياسى ئىزچىل تۈردە شەرققە قاراپ بىرقانچە قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتكەن. ئەگەر يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئەينى دەۋردە كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا مۇشۇ 2000 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەرياندا، كېرىيە دەرياسى

شەرققە قاراپ 40 كىلومېتىرچە ئېقىن ئۆزگەرتكەن. بۇ ئەتراپتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ ھازىرقى بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بىرقانچە قەدىمكى دەريا ئېقىن ئىزلىرى، ئاھالە ئولتۇراق ئىزلىرى بۇنىڭ تولۇق دەلىلىدۇر.

ئارخېئولوگلار بۇنداق يومىلاق شەكىللىك قەدىمكى شەھەرلەر ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەۋە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ئاساسەن كۋادرات شەكىلدە سېلىنغان دەپ قاراشماقتا.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يومىلاق شەكىللىك شەھەرلەر تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇياشنى سىمۋول قىلغان شامانىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تارىم ۋادىسىدا 20 دىن ئارتۇق يومىلاق شەكىلدىكى شەھەر ئىزلىرى بولغاندىن سىرت، كۆنچى دەريا ۋادىسىدا ياغاچ قوزۇق قېقىلىپ «نۇر چېچىۋاتقان قۇياش» شەكلى چىقىرىلغان قەدىمكى قەبرىلەر توپى (دەۋرى 3800 يىلدىن ئىلگىرى)، يومىلاق شەكىلدە تاشلارنى تىزىپ ياسىغان چابغا جىلغىسى قەبرىلىرى، بايىنبۇلاقتىكى تاشلار بىلەن يومىلاق شەكىل چىقىرىلغان قەبرىلەر (دەۋرى 3000 يىلدىن يۇقىرى) بار. يەنە قۇياشقا ئوخشاش يومىلاق شەكىللەر چىقىرىپ ياسالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلدى. شامانىزم ئېتىقادىدا «كۈن» تەڭرى بولۇپ، ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى دەپ قارالغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈنگە ئېتىقاد قىلىش، يومىلاق شەكىلنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىگە ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان.

(2) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، قەدىمكى كېرىيە دەريا ئېقىنى بويلىرىغا تارقالغان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك 38°29′38″، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى 81°34′38″ تا. بۇ ئىز جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىز دائىرىسىدە، بىرقانچە ئورۇندا قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرى، مال قوتانلىرى، ئوچاق ئىزلىرى، ھەرخىل ساپال پارچىلىرى، تاش ياغۇنچاق، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قورال پارچىلىرى، يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى، ھەرخىل مارجان ۋە تۆگە، ئات، كالا، قوي، بېلىق سۆڭىكى قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان.

(3) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك 38°45′17″، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى 30°37′14″ تا. بۇ ئىزنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرى ناھايىتى ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىز دائىرىسىدە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە ئاھالە ئولتۇراق ئىزلىرى بار. يادىكارلىق بۇيۇملاردىن: ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قوراللار، ياغاچ قوراللار، سۆڭەك قورال پارچىلىرى ۋە ھەرخىل رەڭدىكى مارجان قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغان.

بۇ ئىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورنى نىسبەتەن ئېگىزرەك بولغان ئىككى جايدا تۇرالغۇ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۆيلەر شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئۆيلەر بىلەن تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە، ھەربىر تۇرالغۇ ئىزى 5 ـ 6 ئېغىزلىق ئۆي ۋە قوشۇمچە ساتما، ئېغىل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تۇرالغۇلارنىڭ ئەتراپىدىن ناھايىتى قېلىن ئەخلەت ئورىكى، شال پاخلى ۋە دېنى، ئارغامچا پارچىلىرى، يۇڭ رەخت ۋە كىگىز پارچىلىرى، ياغاچ قورال قاتارلىقلار ئۇچرىتىلغان. بۇ ئىزدىن، كۆپ ئۇچرايدىغان شال پاخلىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، دېھقانچىلىقتا شال تېرىشنى ئاساس قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىزمۇ قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك 38°45′22″، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى 81°36′55″ تا. يۇقىرىدىكى (3) نومۇرلۇق مەھەللە ئىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىزنىڭ

جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ ئىز دائىرىسىدە، ساپال پارچىلىرى ۋە تاش قوراللار ئىنتايىن كۆپ. بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قوراللار ۋە ھەرخىل مارجان، ھايۋانات ۋە قۇش سۆڭەكلىرى، خۇمدان ئىزلىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆي ئىزى قاتارلىقلار بار.

(5) خۇمدان ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تەكشىلىككە جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك ″45′52°38، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى ″48′36°81 تا. ئىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى ناھايىتى ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان. ئىز دائىرىسىدە ئاساسلىقى، ناھايىتى زىچ تارقالغان ھەرخىل ساپال پارچىلىرى بار. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى بۇ يۇمىلاققۇم شەھىرى ئاھالىلىرى ساپال پىشۇرىدىغان خۇمدان ئىزى بولۇشى مۇمكىن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خۇمدان ئىزى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلمىدى.

## 5. جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى

1991 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، تەستىقلىشى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، فرانسىيە ئېلېكتر - ئېنېرگىيە فوندى جەمئىيىتى، فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن جۇڭگو - فرانسىيە ئىككى دۆلەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دوستلۇقى ئورنىتىپ ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاستىدا «جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»نى تەشكىللەپ ئون يىللىق ھەمكارلىشىش ئاساسىدا بەش قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

① بىرىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى: 1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كېرىيە دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۈچبۇرجەك رايوندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرنى كۆزىتىپ، كېرىيە دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئەمەلىي ئىسپاتلاپ چىقتى. كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەدىمكى دەريا ۋادىسىنىڭ ئۈچبۇلۇڭلۇق رايوندىن مىلادىيە 2 -، 3 - ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تىرىكچىلىق مەركىزىنى ۋە كۆپلىگەن جايلاردىن قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنى بايقىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىن 59 جايدا يېڭىدىن خارابە ئىزلىرى ۋە خارابە رايونلىرىدىن خېلى مۇكەممەل بولغان سۇغىرىش سىستېمىسىنى بايقىدى.

② ئىككىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى: 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەرياسى ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى داۋاملىق قارادۆڭ خارابىسىدە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ باردى. كۆزىتىپ تاللاش ئارقىلىق قۇم ئاستىدا قالغان بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىنى قېزىپ چىقتى. بۇ بىر يۈرۈش قۇرۇلۇش ئولتۇراق ئۆي - ھۇجرا، ئاشخانا، ئامبار، قوتان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە خېلى كۆپ ساپال بۇيۇملارنى تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر بۇتخانا خارابىسىنى تاپتى. بۇتخانا قارادۆڭ شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ▣

شەكلىدە بولۇپ، يەنە خېلى كۆپ تام رەسىملىرىنىمۇ بىرگە قېزىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە يەنە بىر قىسىم خارابە ئىزلىرىنى ئۆلچەپ چىقتى.

③ ئۈچىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1994 - يىلى 10 -، 11 - ئايلارغىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەرياسى ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 - يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا بۇددا خارابىسى قالدۇق تام رەسىملىرىنى ئېچىش خىزمىتىنى تاماملىدى. يېڭىدىن ⊡ شەكىللىك بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى تازىلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ماس ساندىكى تام رەسىملىرىنى، ھەيكەللىرى، گەج نەقىشلىرىنى قېزىپ چىقتى. بۇلار مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە تەۋە بۇيۇملار ئىدى. يەنە قارادۆڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۈچ يۈرۈش ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنى تازىلاپ چىقتى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىش قۇرۇلمىسى شۇ يەرنىڭ «ياغاچ قۇرۇلما، سۇۋاق تام» يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. يەنە ئۇزلۇكسىز ھالدا قارادۆڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇغىرىش ئېقىنلىرىغا نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىدىن سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنى بايقىدى.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېرىيە دەرياسى قەدىمكى ئېقىن ۋادىسىنىڭ ئەتراپلىرىدىن يېڭىدىن 20 خارابە ئىزى، بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى («يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» دەپ نام بېرىلدى)، بىر قەبرىستانلىق رايونىنى بايقىدى.

④ تۆتىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1996 - يىلى 10 -، 11 - ئايلاردا ئېلىپ بېرىلدى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ ئۈچبۇرجەك رايونىغا جايلاشقان ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بايقالغان يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى شامال ئېچىۋەتكەن قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ چىقتى.

قەدىمكى شەھەر ئىچىدىكى ئالتە قالدۇق قۇرۇلۇش خارابىسى ۋە شەھەر دەرۋازا قوۋۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان ساپال قاچا، جام قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ئالتە ئورۇندا قەدىمكى قەبرىستانلىق بايقالدى. 20 قەبرە قېزىپ چىقىپ تازىلاندى.

⑤ بەشىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 2001 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، خەرىتىگە ئېلىش، ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىش، قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيى ۋە بىرنەچچە قەدىمكى ئىزلارنى قازدى. يېڭىدىن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىن بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق رايونىنى بايقاپ تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ باردى.

**6. ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما**

جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتىدە تېپىلغان 112 پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمىنى رەتلەپ چىقتى. بۇ بۇيۇملار ئىچىدە تاش قوراللار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قوراللار، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، لاي بۇد - ھەيكەللەر، ھەرخىل توقۇلمىلار بار.

① توقۇلمىلار - يۇڭ رەخت پارچىسى، يىپەك رەخت پارچىسى، پاختا رەخت پارچىسى، گۈللۈك پاختا رەخت پارچىسى، كىگىز توقام، شىرداق پارچىسى، يۇڭ يىپ چۇچا، تەييار يۇڭ، يۇڭ ئارغامچا، بەلۋاغ، كىگىز خالتا، يۇڭ رەخت خالتا، يىپ ئورۇندۇق، يۇڭ يىپ تۇگۈنچىسى، جاۋا، كىگىز قالپاق، يۇڭ يەڭلىك، تېرە كىيىم، پاختا تور خالتا، گىلەم پارچىسى

قاتارلىق ھەرخىل توقۇلما، كىيىم - كېچەك پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② ياغاچ بۇيۇملار 19 دانە بولۇپ، ئۇلار ئىشىك، كارىۋات، تۆۋاق، قوشۇق، گۈرجەك، تارىشا پۇتۇك، توخۇناق، سوغا، ئوق سېپى، دۆشە، تارغاق، نەقىشلىك سوغا، نەقىشلىك قۇتا، نەقىشلىك ئورچۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ ساپال بۇيۇملار 13 دانە، كۈپ، ئۈچ قۇلاقلىق كومزەك، تاق قۇلاقلىق ئىۋرىق، قوش قۇلاقلىق كومزەك، ئورچۇق، جام، تاق قۇلاقلىق جوغىلىق كۇلرەڭ ئىۋرىق، قارا رەڭلىك تاق قۇلاقلىق ئىۋرىق، قارا رەڭلىك كومزەك، تاق قۇلاقلىق ئۆرە ئېغىزلىق كومزەك قاتارلىق ساپال بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

④ مىس بۇيۇملار 15 دانە، ئاچقۇچ، ھالقا، ئەينەك جازىسى، ۋۇجۇ يارمىقى، مىس قاداق، نەيچە، پىچاق، ئوق ئۇچى، قوشۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ تۆمۈر قوراللار 10 دانە، ئوق ئۇچى، نەيزە، تۆمۈر رودا چۆمۈچى، كەكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑥ تاش قوراللار 10 دانە، تاش يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئورغاق، بىلەي تاش، سۈرمەل تاش، يۇمىلاق تاش قورال، قىرلىق تاش قورال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑦ بۇت ھەيكەللەر 17 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا ھەيكەل پارچىلىرى، تام رەسىم پارچىلىرى، تام بېزەك نەقىشلىرى بار.

تۆۋەندە يۇقىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىچىدىن بىرنەچچە بۇيۇمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

⑧ ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كومزەك: قارادۆڭ خارابىسىدىن تېپىلغان. لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال. ياپىياڭ ئېغىز، بويىنى ئۇزۇن، دۇمباق قورساقلىق، يۇمىلاق تەگلىك، ئېغىز گىرۋىكى بىلەن بويۇن ئارىلىقىدا ئۈچ يەردە قۇلاق بار. بويۇن قىسمىغا ھەم قۇلاق ئارىلىقىغا قوي بېشى شەكىللىك كۆپتۈرمە نەقىش ئورنىتىلغان. كوزىنىڭ ئېگىزلىكى 14.5 سانتىمېتىر، قورساق كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

⑨ بۇددا تام سىزمىسى: 61 - نومۇرلۇق بۇتخانا ھويلا تېمىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 64.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر. ساقلىنىشى بىرقەدەر مۇكەممەل. بۇ بۇددانىڭ نىلۇپەر سۇپا ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشىنىڭ سىزمىسى بولۇپ، يۈز قىسمى، كاسايا كىيىملىرى قارا سىزىقلار ئارقىلىق سىزىلىپ، بەش ئەزاسى ۋە نۇر چەمبىرىكى قىزغۇچ توپا رەڭدە ئىپادىلەنگەن. كاساياسى ھاۋا رەڭدە بويالغان. نىلۇپەر سۇپىسىنىڭ تېگى ئاق، قىزغۇچ رەڭلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. سىزىقچىلار راۋان بولۇپ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە باي.

⑩ مىس قاداق: يۇمىلاقتۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېرىۋېلىنغان، ئايلانمىسى 5.6 سانتىمېتىر، يېرىم شار شەكلىدە. قىزىل مىستىن ياسالغان. ئۈستىگە بۆرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۆرىنىڭ باش، بەل قىسمى ئوڭ ھالەتتە، ئارقا پۇت ۋە قۇيرۇق قىسمى ئۈستىگە تەتۈر قاتلىنىپ، يۇمىلاق شەكىل ھاسىل قىلىنغان. ئارىلىقلىرى بوشلۇق (ئۆتمە تۆشۈكلەر) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ بۇيۇم «غەربىي يۇرت گۆھىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

⑪ كىگىز قالپاق: كىگىزدە تىكىلگەن. ئېگىزلىكى 27 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قالپاقنىڭ گىرۋەكلىرىگە قىزىل، سېرىق توپارەڭ يۇڭ رەخت ۋە يوغلۇق تېرە قىستۇرۇپ تىكىلگەن. تىكىشلىرى ۋە زىننەت نەقىشلىرى ئىنچىكە، تىكىش ئارىلىقى يېقىن، بۇ قالپاق تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلارنىڭ قالپىقىنى ئەسلىتىدۇ.

⑫ يۇڭ رەخت كىيىمنىڭ يەڭلىكى: تېگى قىزىل، سېرىق توپا رەڭلىك، يوللۇق نەقىش چۈشۈرۈلگەن يۇڭ رەختتە تىكىلگەن. ماتېرىيالى يىپنىڭ ھەم يوپقا توقۇلغان. يەڭنىڭ ئۇلانغان يەرلىرى قىزىل رەڭلىك بەلۋاغسىمان ئۆرۈمىلەر ۋە قىزىل، سېرىق توپا رەڭلىك يىپلار بىلەن تىكىپ ئۇلانغان. يەڭنىڭ ئېغىز گىرۋەكلىرىگە سېرىق توپا رەڭلىك جىيەك تارتىلغان. ئىشلىنىشى نەپىس، رەڭلىرى شوخ ۋە كۆركەم.

⑬ تۆمۈر رودا ئىرتمە چۆمۈچى: يۇمىلاققۇم خارابىسىدىن تېپىلغان. چۆمۈچ پاختا يىپتىن ئىشلەنگەن تور خالتىدا ساقلانغان. چۆمۈچنىڭ ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، چۆمۈچنىڭ تەگ قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. قورساق قىسمىدا ساپلىق بېكىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەمچەكسىمان ساپلىق ئورنى بار. تەگلىكى يۇمىلاق، بۇ تۆمۈر تاۋلاشتا تۆمۈر رودا ئىرىتمىسىنى ئۇسۇپ قېلىپقا قويۇشتا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر تاۋلاش ئۈسكۈنىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم قورال. بۇ دىيارىمىزنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماددىي بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

⑭ پەتنۇس شەكىللىك ياغاچ ئەسۋاب: بۇ بۇيۇمنىڭ ئاغزى يۇمىلاق، قورسىقى يېرىلغان. پەتنۇسنىڭ تېگىنىڭ ئولى تەرىپىدە ئويۇپ چىقىرىلغان بوغا سۈرىتى بار بولۇپ، ئوبرازى يارقىن، بوغىنىڭ تولۇق يېتىلگەن ئاچا مۈڭگۈزلىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پەتنۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەك تۆشۈك بار بولۇپ، يۇلغۇن مىخلار بىلەن تەگلىكنى مىخلىغان. ھازىر مىخلانغان تەگلىكنىڭ ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تەگلىك پەتنۇسنىڭ ئۆلچىمى 22.3cm×28.2cm.

⑮ تاش ئورچۇق: بۇ تاش ئورچۇق قارا رەڭلىك، يېرىم شار شەكىللىك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئورچۇقنىڭ تۈز يۈزىگە غۇنچە گۈل نەقىشلىرى ئويۇلغان. ئورچۇقنىڭ دىئامېتىرى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر.

### 7. كېرىيە دەرياسى ساھىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى

2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژدا جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي يىغىنى ۋە زېمىن بايلىقلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

بۇ جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۆزۈن يىل ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونى كېرىيە دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدا ئارخېئولوگىيە-لىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقالغان، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار كۆرگەزمىسى ئىدى.

كۆرگەزمىگە جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانلىرى، ھازىرقى كېرىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تورلۇك چۈشەندۈرۈشلەر ھەم كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قارادۆڭ، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان قىممەتلىك بۇيۇملار، شۇ جايلارنىڭ ئاھالە تەركىبى، دەپنە ئادەتلىرى، مېتال تاۋلاش، كىيىم - كېچەك، ھۈنەر - سەنئەتكە ئائىت بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى. ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە فرانسىيىدە زور تەسىر قوزغاپ، ھەرقايسى ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كۈنىگە 400 ئادەم قېتىمدىن جەمئىي 50 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيىچىنى كۈتۈۋالدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ھەم ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى، جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇجيەنمىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، فرانسىيە ئېلېكتر - ئېنېرگىيە باش لىدىرى، فرانسىيە ئېلېكتر - ئېنېرگىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 400 دىن كۆپ كىشى قاتناشتى. باش ئەلچى ۋۇجيەنمىن كۆرگەزمىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش چاقىرىقى ئاستىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ غەربىي قىسمىنىڭ تەسىرىنى فرانسىيە ۋە ياۋروپاغا كېڭەيتىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، بۇ

جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشچىلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. فرانسىيە خەلقىنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تونۇشى ئۈچۈن، فرانسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو ئاخبارات خادىملىرى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن فرانسۇز يېزىقىدا «كېرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە - تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇجيەنمىننىڭ ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن: «بۇ كۆرگەزمە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىش ۋە تونۇشنى ئىلگىرى سۈردى» دېدى ھەم «فرانسىيە ئېلېكتر فوندى جەمئىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنى، كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرغان تۆھپە ۋە ئەجرىگە رەھمەت ئېيتتى». باش ئەلچى ۋۇجيەنمىنمۇ «ھەمكارلىشىشتىكى ئۈلگە» ناملىق بېغىشلىمىنى يېزىپ بەردى.

2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى فرانسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىخەتەر ھالدا فرانسىيىدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

**8. كېرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە**

21 - ئەسىرنىڭ تۇنجى باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، گۈزەل غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرى فرانسىيىدىكى ياۋروپا سەنئەت سارىيىغا چۈشتى. بۇ يەردە «جۇڭگو شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ پائالىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر توپلىمى «كېرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە - تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب تارقىتىلدى. بۇ كىتابنى جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تۈزگەن بولۇپ، چوڭ 16 كەسلەم، رەڭلىك باسما، 245 بەت، باھاسى 290 فرانسىيە فرانكى، بۇ كىتاب تۆۋەندىكى چوڭ ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى قىسىم: بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى ئېقىنى «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت بۇرجىكى».

بۇ قىسىمدا: ئىلغار سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسى بىلەن ئورۇننى بېكىتىش، تەكشۈرۈشتە، يۈز يىللار ئىلگىرىكى سىۋېن ھېدىن، ئاۋرىل ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرگەن ئىزلىرى ئاختۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇ يەرنىڭ قەدىمكى يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تەتقىق قىلىنغان ھەم تونۇشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى قىسىم: قارادۆڭ - قەدىمكى كېرىيە.

بۇ قىسىمدا: قارادۆڭ خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار، كېرىيە كىشىلىرىنىڭ ئولتۇرۇقى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى قارادۆڭ بۇددا ئىبادەتخانا تام رەسىملىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاپ، بۇددا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ دۇنيا كىشىلىرىگە شىنجاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى كۆرسىتىپ، قارادۆڭنىڭ پارلاق ھالىتى قايتا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى قىسىم: كېرىيە دەرياسى ساھىلى - تارىختىكى ئەڭ بالدۇرقى يۇمىلاققۇم شەھىرى.

بۇ قىسىمدا: 2000 - يىلىدىن ئىلگىرىكى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئەتراپىتىكى قەبرىلەرنى قېزىش دوكلات قىلىنغان بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇ رايوندىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىلەن سىكىخلار (ساكلار) مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. يىغىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا كىيىم نۇسخىلىرىغا قارىتا ئەسلىگە ئەكېلىش ئېلىپ بېرىپ قەدىمكى كېرىيىلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكنى قايتىدىن تۈزۈپ لايىھىلەپ چىقتى. ئىنسانشۇناسلار قېزىۋېلىنغان ئادەم سۆڭىكى ئارقىلىق ئىرقشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە دوكلات قىلدى. ئىككى دۆلەت ئالىملىرى يەنە بوياق رەڭ ۋە بوياق ماتېرىياللىرى، مېتالشۇناسلىق، مېتاللورگىيە ئانالىزى، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوغداش قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق ئانالىز، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۇلار دوكلات قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىغا، كېرىيە دەريا ۋادىسىنىڭ شىنجاڭ، جۇڭگو، دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئورنى، جۇڭگو - فرانسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى رەتلەش، تازىلاش، ئەسلىگە ئەكېلىش، رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەم بۇ خىزمەتلەرگە قاتناشقۇچىلار تونۇشتۇرۇلغان.

دەريا بويى گويا ئىنسانىيەتنىڭ پىرامىدالىرىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ سىرلىق قوينىدا ھەرخىل ئېتىقاد، ھەرخىل مەدەنىيەت - سەنئەت شاھىدلىرى بولغان سىرلىق قەلئە - قورغان، ئولتۇراق ئىزلىرىنى، شەھەر خارابىلىرىنى، ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ ياتماقتا. بۇ جاي ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي بوستانلىق مەنزىرىسى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخى ئۇزۇن سىرلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن جاھان كىشىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

## خۇلاسە

كېرىيە دەريا بويى - سىرلىق تەبىئەت جىسمىغا پاتقان مۆجىزىلىك جاي. بۇ يەرگە تەبىئەتنىڭ سېخىي نېمىتىنىڭ ۋە جازاسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. تارىخ چاقىنىڭ ئىزناسى، ئىنسانىيەت ئەجرىنىڭ تەر تامچىسى، تەكلىماكان تىلسىملىرىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن.

دەريا بويىدىكى قانچىلىغان بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر قەلئەلەر قانداقلارچە قۇم دېڭىزى ئاستىدا قالدى؟ بوستانلىقلار كۆلىمى قانداق قىلىپ بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى؟ دەريا سۇلىرى نېمە ئۈچۈن ئازىيىپ، كۆللەر قۇرۇپ كەتتى؟ كىلىمات نېمىشقا قۇرغاقلىشىپ، نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق توغراقلىقلار ۋەيران قىلىندى؟ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن، تەكتى مۇشۇ جايدىن بولغان «تەكلەر» قورقماس، باتۇر، ئەمگەكچان «باراقلار» مۇشۇ ئانا زېمىن ئۈچۈن تەر تۆكۈپ قانداق جاپالارنى تارتمىدى!؟ ...

بۇلار بۈگۈنكى 21 - ئەسىر كىشىلىرىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. دەريا بويىدىن ئىبارەت تەكلىماكاندىكى تەبىئىي ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ تەبىئىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىزگە يېڭىدىن - يېڭى ۋەھىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا! شۇنداق، بۇ جاي ۋەھىمىگە تولغان، ئەڭ ئىستىقبالغا ئىگە جاي.

دەريا بويى ئىپتىدائىي بوستانلىق تەبىئىي مەنزىرىسى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخى ئۇزۇن سىرلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن 21 - ئەسىردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت «تەبىئىي مەنزىرىلەر» ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەڭ باب كېلىدىغان جاي.

دۇنيا نەزەرىنى دەريا بويىغا تىكمەكتە. بۇ پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇش، دەريا بويىنىڭ تەبىئىيلىكىنى قانداق ساقلاپ، شارائىتلىرىنى قانداق ياخشىلاش، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش بۇ جاينى ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى.



# مېنىڭ ئەدەبىي خاتىرىلىرىم

(ئەدەبىي مونوگرافىيە①)

قادىر ئەكبەر

مەن يازغۇچى ياكى شائىر ئەمەس. ئەمما بىر ئەدەبىيات مۇخلىسى، ياخشى بىر كىتابخان.

ئويلاپ باقسام، 20 يېشىمدىن باشلاپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆكسۈتمەي ئوقۇپ كەپتىمەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا ئەدەبىي ئەسەرلەر بىرگە تاشكەنت، ئالمۇتا تەرەپلەردىن كېلەتتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى لاتىن يېزىقىدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرىدا بولۇپ، كىچىك ھەجىمدىكى ھېكايە، داستان ۋە قىسمەن شېئىرلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار شۇ ياقلارغا چىققان سودىگەرلەر ياكى شۇ ياقتىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنەتتى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنىپ كېلىدىغان بولدى. بۇ دەرسلىكلەر ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ، مەزمۇنى مول ئىدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش كىتابى تەركىبىدە خەلق ئېغىز ئىجادىدىن تارتىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ھەتتا رۇس ـ ياۋروپا ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلەردىن پارچىلارمۇ بار ئىدى. رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پۇشكىن، لېرمونتوف، تولستوي، گوركى قاتارلىق ۋەكىللىرى، ياۋرۇپا ئەدەبىياتىنىڭ گيۇگو موپاسسان، شېكسپىر، دانتې، موللىر قاتارلىق ۋەكىللىرى شۇ چاغدىلا شىنجاڭغا تونۇلۇشقا باشلىغان.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتمەنكى، بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن غەم ـ ئەندىشىلىك دەملەردىمۇ كىتابنى تاشلىماي، ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتتۇم. رومان ـ پوۋېستلاردىن تەسەللى تاپتىم، ئەقىل ئالدىم، ئادەم ۋە خاراكتېرلارنى ئۆگەندىم. ئىرادە يېتىلدۇردۇم. ئاشۇ يىللاردا ئۆزۈم قاتتىق ھەۋەس بىلەن بىرنەچچە نۆۋەت ئوقۇپ چىققان ۋە «بۇ كىتابلارنى باشقىلارمۇ ئوقۇسا ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىغان بەزى چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى (رومان، پوۋېستلىرىنى) رۇس، قازاق تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم (بۇلار 80 ـ 90 ـ يىللاردا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىندى).

گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭ 40 ـ 50 يىللىق ھاياتىم گۈزەل ئەدەبىياتقا ئىنتىلىش، بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىش بىلەن ئۆتتى. چوڭ شەھەرلەردە باياشات ياشىغاندىمۇ، يىراق، چەت سەھرادا غۇربەتچىلىكتە ياشىغاندىمۇ قولۇمدىن كىتاب چۈشمىدى. مىسكىن خانەمدىن ئەدەبىيات چىرىغى ئۆچمىدى. دېمەك، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئۆزۈمگە ھەمراھ

---

① مونوگرافىيە ـ بىر خىل ئەدەبىي شەكىل. مونوگرافىيە «مونولوگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ـ قەلەم ئىگىسىنىڭ ئۇي ـ پىكىرلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئوبراز ياراتمىغان ھالدا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەش شەكلىنى بىلدۈرىدۇ.

قىلغانىدىم. شۇنچىۋالا كۆپ كىتاب ئوقۇغان، بىرنەچچە تىلدا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالايدىغان ۋە ئۇزۇن يىل ئەدەبىي پىكىر قىلىشنى تەرك ئەتمىگەن بىر ئادەم بىرەر بەدىئىي ئەسەر يازالمايدۇ، دېسە ھېچكىم ئىشەنمەس. ياق، بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنسە بولىدۇ. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، بىلىمى بار، كۆپ كىتاب ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئىلھامى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ھەربىرى شائىر بولالىشى ناتايىن. ئەدەبىيات ئىلمى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىش داۋامىدا شۇنداق ئەھۋالنىمۇ ئۇچراتتىمكى، ئۆمرىدە بىرەر رومان ئوقۇماي تۇرۇپ، رومان يېزىپ تونۇلغان يازغۇچى ۋە شېئىرىيەت تەلىمىنى ئالماي تۇرۇپ، شائىر دەپ نام قازانغان شائىرمۇ ئۆتكەنىكەن. ئەنە شۇنداق ھەر خىل ھادىسىلەرگە قاراپ، شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، يازغۇچىلىق ۋە شائىرلىق - ئىزچىللاشقان جاپالىق ئىزدىنىش، تەڭداشسىز مەنىۋى ئىنتىلىش ھەمدە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا نەقىش قىلىنغان ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى، مۇلاھىزە قىلىش، ھادىسىلەر ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتتىن پەيدا بولسا كېرەك. دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان رۇس يازغۇچىسى، رۇس مىللىتىنىڭ قامۇسى ھېسابلانغان لېۋ. تولستوي ئۆزىنىڭ يېزىش جەريانى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، شۇنداق دېگەن: «... يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ يېزىشقا ئولتۇرغان پەيتلىرىم مېنىڭ ئەڭ شادلىققا چۆمگەن، كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە بولغان پەيتلىرىمدۇر. لېكىن قولۇمدىكى قەلەمنى ھەر قېتىم سىياھقا چىلىغىنىمدا، گويا ۋۇجۇدۇمدىن بىر پارچە گۆش شىلىنىپ چۈشۈپ كەتكەندەك بىر تۈيغۇ پەيدا بولىدۇ... بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەلەمنى تاشلاشقا ئۇرۇنىمەن، ئەمما قەلبىم، پۈتۈن روھىم قەلەمنى تاشلاشقا يول قويمايدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتتە ۋۇجۇدۇمدا يېڭى بىر ئىلھام ۋە ھاياجان مەۋج ئۇرىدۇ!...»

مېنىڭ قارىشىمچە، ھەربىر يازغۇچى - شائىردا بۇنداق تۈيغۇ بولۇۋەرمىسە كېرەك، پەقەت ھاياتلىق نېسىۋىسىگە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قىسمىتى پۈتۈلگەن كىشىدىلا يۇقىرىقىدەك تۈيغۇ پەيدا بولىدۇ.

«قەلەمنى ھەر قېتىم سىياھقا چىلىغاندا بىر پارچە گۆشى شىلىنىپ چۈشكەندەك ئازاب...» بىلەن يېزىلىپ، ئىجتىمائىي چىنلىقنى گۈزەل تىلى ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپرەك يارىتىلغانسېرى ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ رولىغا نىسبەتەن كۆزقارىشى ئۆسۈپ، ساپالىق ئوقۇرمەنلەر سېپى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. تەرەققىيات پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھال ئەدەبىيات تەرەققىياتى جەريانىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئىككى ئامىلىدۇر. دىئالېكتىكا نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بۇ - «قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى» دېيىلىدۇ. ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا مۇشۇنداق ھالەت شەكىللەنگەندە، بەدىئىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتىدۇ (ساددا تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە بەدىئىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن يۈكسەك تەلەپ قويۇلىدۇ. بۇنداق تەلەپكە نىسبەتەن بەدىئىي ئىجادىيەت ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ). مېنىڭ قارىشىمچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتۈش باسقۇچىغا كىرمەكتە. تېخىمۇ يۈكسىلىۋاتقان بۇ سەپنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە يازغۇچى، شائىرلىرىمىز باركى، بۇلارنى يېڭى ئەسىرگە دادىل قەدەم تاشلاپ كىرىۋاتقان كاتتا ئەدەبىيات كارۋىنىنىڭ كارۋانبېشى دېسەك، مۇبالىغە بولمايدۇ!

* * *


بەدىئىي ئەسەر ساپاسى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ساپاسى ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، چەت ئەلدە ئوقۇغان بىر دوستۇم: «غەربلىكلەر بىلەن شەرق

خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇشى ۋە چۈشىنىش ساپاسى ئوخشىمايدىكەن. . . » دېگەنىدى. ياپونىيىدىن كەلگەن بىر شەرقشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ئالىمغا (ئۇ مىللەتلەر فولكلورىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن) بىرەر ئاي ھەمراھ بولۇپ، جەمئىيەت ئارىلىغانىدىم. ئايرىلىدىغان چاغدا ئارىمىزدا تىكلەنگەن دوستلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، بىرەر ئاي بىللە يۈردۇق، سىزدىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار، سورىسام بولامدۇ؟» دېدىم. ئۇ: «مەرھەمەت، تارتىنماي سوراڭ» دېدى. مەن: «بارغان يەرلەردە سۆھبەت يىغىنى بولدى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن تونۇشتىڭىز، سىز بىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىمىزغا قانداق باھا بېرىسىز؟» دېدىم. «قىسقا قىلىپ ئېيتسام، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەن، بىلىم قۇرۇلمىسى گەرچە كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولسىمۇ، لېكىن چۈشىنىشى، ماھىيەتنى ئېچىش جەھەتتە يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن. بىلىدىكەن، چۈشەنمەيدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچىنىڭ بۇ سۆزىنى مەن كۆپ ئويلاندىم، ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىر بىلىش بىلەن چۈشىنىش ئىككى ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈردۈم. شەيئىلەر قانۇنىيىتىنى نەزەرىي جەھەتتىن بىلىش - ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىلىمنى بىز مەكتەپلەردە ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىگىلەيمىز. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ زاھىر بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى بىلىش - بىلىم دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۇ ۋەقە - ھادىسىلەرنى زاھىر قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش بولسا - چۈشىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئىلمىي ئەسەرلەر - كىشىلەرگە بىلىم بېرىشنى مەقسەت قىلسا، ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش - ئويلىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇرمۇشتىكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ھاياتلىق ۋەقەلىرى ئۈستىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. . . گوركىينىڭ: «يازغۇچىلار - كىشىلەر روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن سۆزىنىڭ جېنى ئەنە شۇ يەردە. بىر ئەدەبىي ئەسەر ياكى بىر شېئىرنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتنى ياكى بىر دەۋرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنلىك ۋەقەلىرى تارىختا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە چەت ئەلدىن بىر مىسال كەلتۈرمەكچىمەن:

1950 - يىلى ئاۋستىرالىيىلىك ياش كوممۇنىست يازغۇچى فرانك خاردى (FranKHardy) (1917 - تۇغۇلغان) «تونۇلمىغان ھاكىمىيەت» ناملىق بىر تارىخىي رومان يېزىپ، بۇ رومانىنى دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ تىراژدا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقاندىن كېيىن، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇرمەنلىرى ناھايىتى كۆپىيىپ، پۈتۈن ئاۋستىرالىيە دائىرىسىدە زور كۆلەملىك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن. چۈنكى روماندا ئاۋستىرالىيىدىكى ئەڭ چوڭ زەردار - كارخانىچى جون ئۇئېستنىڭ پۈتۈن تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئاۋستىرالىيىدىكى ئەينى ھاكىمىيەت قاتلىمىنى قانداق ئىگىلەپ، قانداق باشقۇرغانلىقى، ئۇنىڭ رەزىللىك بىلەن پۇل تېپىپ بېيىش ئۈچۈن ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتتىن قانداقلارچە مەدەت تاپقانلىقى ماھىيەتلىك ئېچىپ تاشلانغان ھەمدە ئاۋستىرالىيە خەلقى ئۈچۈن سىر بولۇپ كېلىۋاتقان ماھىيەتلىك ھادىسىلەر پاش قىلىنىپ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومان ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىگە تارقىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، جون ئۇئېست مەنپەئەتى ۋە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي چېتىشلىقى بولغان ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى قانۇنىي بۇيرۇق چىقىرىپ، بۇ رومانىنى چەكلىگەن. 1951 - يىلى خەلقئارادىكى مۇناسىپ تەشكىلاتلار «خەلقئارا ئەھدىنامىنى قوغداش ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇرۇپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەنلىكتىن، ئاستىرالىيە ھۆكۈمىتى رومانىنى چەكلەش قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە

فرانك خاردىنىڭ «تونۇلمىغان ھاكىمىيەت» ناملىق رومانى 1952 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا رۇس، فرانسۇز، ئىتالىيان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ مىليون تىرازدا نەشر قىلىنغان. بىر ياش يازغۇچى رومانىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا زور خەلقئارا ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى شۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا بىلگىلى بولاتتى. مەن بۇ گەپلەرنى 1964 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ياشاۋاتقان ۋاقتىمدا تونۇشقان تۈگمەنچى رۇس ئاغىنەم ئالېكساندىر لىمارېفتىن ئاڭلىغانىدىم. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا مەن «ئاليوشاغا (ئالېكساندىر-غا) ئاشۇ كىتابنىڭ رۇسچە نەشرىنى تېپىپ بەرگىن» دەپ يېپىشتىم. ئاليوشا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ۋوت بېدا! » (بالاغا قالدىمۇ! ) دېدى - دە، «بۇ كىتاب مەندە بار، دېگىنىمنى بەرسەڭ، بېرىمەن» دېدى. مەن خۇشال بولۇپ «نېمە دېسەڭ بېرىمەن! » دېدىم. ئاخىر بەش كىلوگرام جىڭ موخوركا بىلەن (ئۇ چاغدا مەن تاماكا تېرىپ، ئۆزۈم موخۇركا ياساپ ساتاتتىم) بىر توخۇ ۋە بىر بوتۇلكا جۇن (ئاق ھاراق) بېرىش بەدىلىگە ئۇ كىتابنى ئالدىم. ئۇ بۇنىڭغا ۋېنگىر يازغۇچىسى پتىيوفىنىڭ «پوۋېستلار» ناملىق كىتابىنى قوشۇپ بەردى. «تونۇلمىغان ھاكىمىيەت» ناملىق بۇ رومانىنى تاپقان كۈنىمدىن باشلاپ بىر ھەپتە ھەممە ئىشىمنى تاشلاپ ئوقۇپ چىقتىم ۋە خاتىرە قالدۇردۇم. رومانىنى ۋىلادىمىروف ئىنگلىز تىلىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. موسكۋا «پىساتېل - يازغۇچى» نەشرىياتى 1952 - يىلى نەشر قىلغان، جەمئىي 711 بەت ئىدى (ھازىرمۇ ساقلاۋاتىمەن). بۇ رومانىنىڭ سيۇژېتى: مىليونېر باي جون ئۇئېستىنىڭ «كىمكى پۇلدار ۋە ھىيلىگەر بولسا، ھاكىمىيەتنى شۇ ئىگىلەيدۇ، پۇلى بار ھەم ھىيلىسى بار ئادەم ساقچىدىنمۇ، قانۇن - قاماقلاردىنمۇ قورقمايدۇ. بۇ دۇنيادا تالانت، شان - شۆھرەت ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي ئابرۇينىڭ ھەرقاندىقىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ...» دېگەن قىممەت قارىشى ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسۇلدا، ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

«تونۇلمىغان ھاكىمىيەت» ناملىق بۇ رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەدەبىياتقا نىسبەتەن تونۇشۇم، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا تۇتقان پوزىتسىيەمدە بىر دەرىجە ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر كۆزقاراشنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەنكى، ھەرقانداق بىر مىللىي ئەدەبىيات باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى نادىر بەدىئىي مەھسۇلاتلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، بۇ ئەدەبىيات 7 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پارس، ئەرەب، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن يەنە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋولگا بويىدىكى تۈركىي خەلقلەر ۋاسىتىسى بىلەن) تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەرەب، ھىندى ئەدەبىياتلىرىنىڭ نادىر مەھسۇلاتلىرىدىنمۇ بەھرە ئېلىشقا باشلىدى. 21 - ئەسىرگە كىرىپ كېلىۋاتقان زامانىۋى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە دۇنيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ (بولۇپمۇ ياۋروپا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ھەمدە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ) نادىر ئۈلگىلىرىدىن نەمۇنىلار يىغىپ، بەدىئىي ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان زوقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، دەۋر، زامان ۋەقەلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان ئاڭغا يېتەكلەش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن.



# ئەدەبىي خاتىرىلەر



غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

## ئاخىرقى دەرس

### ۋىن يەن

بىر پەيلاسوپ شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دۇنيانى ئايلىنىپتۇ، ئون يىلدىن كېيىن ئىلىم - بىلىمگە توشۇپ قايتىپ كەپتۇ.

پەيلاسوپ شەھەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال شەھەر سىرتىدىكى خىلمۇ خىل ياۋا ئوتلار بىلەن قاپلانغان بىر جايدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا:

- ئوقۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، هازىر ئاخىرقى دەرسنى ئۆتىمىز. مەن شۇنى بىلمەكچى، بۇ ياۋا ئوتلارنى قانداق يوقاتقىلى بولىدۇ؟- دەپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىنتايىن هەيران قاپتۇ، ئۇلار هاياتىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان پەيلاسوپنىڭ ئاخىرقى دەرسىدە مۇشۇنداق بىر ئاددىي مەسىلىنى سورايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەن.

بىر شاگىرتى:

- مۇئەللىم، بۇنىڭغا گۈرجەك بولسىلا بولىدۇ،- دەپتۇ. يەنە بىر شاگىرتى:

- ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشمۇ ناهايىتى ياخشى ئۇسۇل،- دەپتۇ. ئۈچىنچى شاگىرتى تېخىمۇ كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇ:

- يىلتىزىدىن قومۇرۇش كېرەك، يىلتىزىنى قېزىپ ئېلىۋەتسەكلا بولىدۇ.

پەيلاسوپ شاگىرتلىرىنىڭ هەممىسى سۆزلەپ بولغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

- دەرسىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سىلەر قايتقىنىڭلاردىن كېيىن ئۆزۈڭلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بىر پارچە يەردىكى ياۋا ئوتلارنى يوقىتىڭلار، بىر يىلدىن كېيىن قايتا ئۇچرىشايلى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ هەممىسى يېتىپ كەپتۇ، ئەمما ئۇلار بۇرۇن يىغىلغان جاي ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان جايلىقى بىلەن تۇرىۋەرمەي، دانلىق زىرائەتلەرگە تولغان ئېتىزلىققا ئايلانغانىكەن. شاگىرتلار يەردىلا ئولتۇرۇپ، پەيلاسوپنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، ئەمما پەيلاسوپ باشتىن - ئاخىر كەلمەپتۇ.

نەچچە ئون يىلدىن كېيىن پەيلاسوپ ۋاپات بوپتۇ، شاگىرتلىرى ئۇنىڭ سۆز ۋە خاتىرىلىرىنى رەتلىگەندە، ئاخىرىغا مۇنداق بىر كەلىمە سۆزنى قوشۇپ قويۇپتۇ: كەڭ دالىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئۈستىگە زىرائەت تېرىش؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئىگىلەش.

## چەكلىمە

بىر كىشى بۈرگىنى شىشىگە سېلىپ قويۇپتىكەن، ئۇ شۇ زاماتلا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ. ئەگەر سىز شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتسىڭىز، ئۇ جان - جەھلى بىلەن شىشىدىن سەكرەپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ، شىشىنىڭ ئاغزىغا كۈچەپ ئۇسىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن قارىسىڭىز ئۇنىڭ يەنىلا سەكرەۋاتقىنىنى كۆرىسىز.

ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن ئۇ يەنىلا سەكرەۋاتقان بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنى شىشە ئېغىزىغا ئۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ سەكرەش ئېگىزلىكى شىشە ئېغىزىغا بىر سۇڭدەك قالغان جايغىچىلىكلا بولىدۇ. شۇ چاغدا شىشىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتسىڭىز، بۈرگە شىشىدىن سەكرەپ چىقالمايدۇ، سىز ئۇنىڭ سەكرەش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، شىشىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىشكە ئىككىنچىلەپ ئامال قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ شىشە ئېغىزىنىڭ ئەمەلىي چەكلىمىسى بىلەن

ئۆزىدىكى چەكىنىڭ پەرقىنى چۈشەنمەيدۇ.

تۇرمۇشتا بىز ھەمىشە ئۆزىمىزگە خىلمۇ خىل چەكلىمىلەرنى قويۇۋالىمىز، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتىكى شېشىنىڭ ئاغزى پۈتۈنلەي ئېتىلمىگەن، سىز يېڭىچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلسىڭىزلا، قانچىلىك ئېگىزلىككە سەكرىمەكچى بولسىڭىز شۇنچىلىك ئېگىزلىككە سەكرىيەلەيسىز...

## ئالتۇن

### ۋاڭ گوخۇا

بىر دانىشمەن كىشىلەرگە خۇشاللىق بىلەن ئازابنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بىر سەيياھ ئۇزاق سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا ئۇنى بىر خەزىنىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ:

— خالىغىنىڭچە ئالساڭ بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىر شەرتى بار، سەن يولدا ئۇلارنى مەڭگۈ بىللە ئېلىپ يۈرۈشۈڭ، پۈتۈن سەپەردە ھەمراھ قىلىشىڭ، يىتتىرىپ قويماسلىقىڭ كېرەك.

سەيياھ يۈك-تاقىلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۈچ پارچىلا ئالتۇن ئېلىۋاپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ.

ئەمما، سەيياھ سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئويغانسا، ئالتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇ تاشلار ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئەسقاتمايدىكەن.

سەيياھ تاش كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولۇش ئازابى ئىچىدە: «ھېلىمۇ ياخشى ئۈچلا پارچە ئېلىۋاپتىكەنمەن!» دەپ ئىچ-ئىچىدىن خۇرسەن بوپتۇ.

## نەپس - بۆرە

بىر پۇلدار كىشى ئەتىۋارلايدىغان ھايۋاندىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوينىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئىت بازىرىنى ئايلىنىۋاتسا، بىرەيلەن ئۇنىڭغا بىر كۈچۈكنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ كۈچۈك ناھايىتى ئۇستىخانلىق بولۇپ، بىر قاراپلا ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ناھايىتى ۋەھشىي ئىت بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كۈچۈكنى سېتىۋاپتۇ. كۈچۈك پۇلدارنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى تېز چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنغا بارمايلا ياۋۇز، كۈچلۈك بىر ئىت بوپتۇ. پۇلدار دەسلەپتە ناھايىتى خۇش بوپتۇ، كېيىنچە بۇ ئىتنىڭ ئادەمگە قارىغاندا كۆزلىرىدىن كىشىنى قورقىتىدىغان سۇرلۇك نۇر چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ «بۇ بىر بۆرە بولۇپ چىقمىسۇن يەنە؟» دەپ قورقۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا بىر تۆمۈر قەپەس سوقتۇرۇپ، ئىتنى قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ ھەمدە ھايۋاناتلار باغچىسىدىن بىر مۇتەخەسسىسنى تېپىپ كەپتۇ. ئاخىر «بۇ بىر بۆرە ئىكەن» دېگەن يەكۈن چىقىرىلىپتۇ، پۇلدار قورقۇپ كېتىپ سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپتۇ...

بۇغۇ بىر تاسادىپىيلا ۋەقە، ئەمما «نەپس» دەيدىغان بىر خىل ھايۋان قەلبىمىزدە ئۆسۈپ بارىدۇ، ئۇ كىچىك چېغىدا جانلىق، ئوماق تۇيۇلىدۇ، لېكىن چوڭ بولۇپ سىز كونترول قىلالمايدىغان چاغقا بېرىپلا قالسا، تۇرمۇشىڭىزدىكى بۆرە بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ-دە، باشقىلارنى ۋە ئۆزىڭىزنى چىشلەپ يارىلاندۇرىدۇ...

## ئۇزاق ساقلانغان ئېسىل ھاراق

بۇرۇن بىر باي بولغانىكەن، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئورىسى ۋە ئورىدا ساقلاۋاتقان ھارىقىنى كۆز-كۆز قىلىدىكەن. ئورىدا ئۇزاق ساقلانغان بىر كۆپ ئېسىل ھاراق بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن.

بىر مەمۇرىي ئەمەلدار باينى يوقلاپ كەپتىكەن، ئۇ: «يوقلاپ كەلگەن بىر مەمۇرىي ئەمەلدارغا بۇ ئېسىل ھاراقنى ئەچىقىشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ جاينىڭ باش روھانىيسى يوقلاپ كەپتىكەن، باي: «بۇ ئېسىل ھاراقنى ئەچىقىشقا بولمايدۇ، چۈنكى باش روھانىي ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، ئېسىل ھاراقنىڭ خۇشپۇرىقىنى تېخىمۇ بىلەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شاھزادە يوقلاپ كەپتىكەن، باي: «بۇ دېگەن شاھىنشاھلارنىڭ ھارىقى، ئۇنى ئىچىشكە شاھزادىنىڭ قانداقمۇ سالاھىيىتى توشسۇن!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئوغلى توي قىلغاندا، باي يەنىلا: «ياق، بۇ مېھمانلارنىڭ مۇنداق ئۇزۇن ساقلانغان ئېسىل ھاراقنى ئىچىشكە شەرتى توشمايدۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، باي ئۆلۈپتۇ.

ئۇنى يەرلىككە قويىدىغان كۈنى ئورىدا ساقلانغان هاراقلارنىڭ هەممىسى ئېلىپ چىقىلىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېلىقى بىر كوپ ئۇزاق ساقلانغان ئېسىل هاراقمۇ بار ئىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى دېهقانلار هاراقنى پۇخادىن چىققۇچە ئىچىشىپتۇ، ئەمما ھېچكىم ھېلىقى بىر كوپ ئېسىل هاراقنىڭ «يېشى»غا دىققەت قىلىپ كەتمەپتۇ.

ئىچەرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە ھېلىقى بىر كوپ ئۇزاق ساقلانغان هاراق بىلەن باشقا هاراقلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا بىر هاراقكەن.

## قەلبتىكى توڭلاش نۇقتىسى

نىك بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ئېهتىياتسىزلىقتىن رېمونت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان يوغان بىر توڭلىتىش ساندۇقىغا سولىنىپ قاپتۇ. باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ هەممىسى ئۆيىگە كېتىپ بولغانىكەن، شۇڭا نىك توڭلىتىش ساندۇقىدا هەرقانچە مۇشتلاپ توۋلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلار چىقماپتۇ.

ئاخىر نىكنىڭ قوللىرى تولا مۇشتلاپ ئىششىپ كېتىپتۇ، كانىيىمۇ تولا توۋلاپ بوغۇلۇپ قاپتۇ، ئۆزى يەرگە ئولتۇرۇپ قېلىپ ھەدەپ پۇشۇلداشقا باشلاپتۇ. ئۇ «توڭلىتىش ساندۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن نەچچە گرادۇس چىقىدۇ، بۇ يەردە ئەتىگىچە تۇرسام جەزمەن توڭلاپ ئۆلۈپ قالىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىغانسېرى قورقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوللىرى تىترىگىنىچە ۋەسىيەتنامە يېزىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە باشقا خىزمەتچىلەر ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن توڭلىتىش ساندۇقىنى ئېچىپ نىكنىڭ يەردە ياتقىنىنى، ئۆلۈپ قالغىنىنى بايقاپتۇ. كۆپچىلىك تولىمۇ ھەيران بوپتۇ، چۈنكى توڭلىتىش ساندۇقى بۇزۇلغان، پۈتۈنلەي توڭلىتالمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تېمپېراتۇرا ئون نەچچە گرادۇس، يەنە كېلىپ ئوكسىگېنمۇ ناھايىتى تولۇق ئىكەن، ئەمما نىك «توڭلاپ» ئۆلۈپ قالغانىكەن!

نىك توڭلىتىش ساندۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى توڭلاش نۇقتىسىدا ئۆلۈپ قاپتۇ!

## گۈزەللىكنى بايقاش

ھاياتتىن قاتتىق بىزار بولۇپ ئۆمىدىنى ئۈزگەن بىر قىزچاق كۆلگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ كۆل بويىدا رەسىم سىزىۋاتقان بىر رەسسامغا ئۇچراپ قاپتۇ. رەسسام پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بىر رەسىمنى سىزىۋاتقانىكەن. قىزچاق ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپتۇ، رەسسامغا كۆزگە ئىلمىغان ھالدا قاراپ قويۇپ: «ماۋۇ ساددىلىقنى، ئالۋاستىدەك بەتبەشىرە تاغنىڭ، گۆرستاندەك تاشلىنىۋېتىلگەن كۆلنىڭ سىزغۇدەك نېمىسى باردۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.

رەسسام بۇ قىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلغاندەك قىپتۇ، ئەمما بۇرۇنقىدەكلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن رەسىم سىزىشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن:

- قىزچاق، بۇياققا كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، - دەپتۇ.

قىزچاق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، رەسسامغا ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى رەسىمگە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ.

قىزچاق رەسىمگە مەپتۇن بولۇپ، ئۆلۈۋالىدىغان ئىشنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. رەسسام «گۆرستاندەك» كۆلنى ساماۋىي ساراي، «ئالۋاستىدەك بەتبەشىرە» تاغنى قانىتى بار گۈزەل ئايال قىلىپ سىزىپ، بۇ رەسىمگە «ھايات» دەپ ئىسىم قويغانىكەن.

رەسسام توساتتىنلا قەلىمىنى ئويناتتىپ بۇ گۈزەل رەسىمگە بىر قارىسا كىرگە، يەنە بىر قارىسا پاشا - كومۇتىغا ئوخشايدىغان قارا چېكىتلەرنى قويۇپ چىقىپتۇ.

قىزچاق ھەم قورقۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ:

- بۇ يۇلتۇزلار بىلەن گۈل بەرگىلىرىغۇ! - دەپتۇ.

- شۇنداق، - رەسسام كۈلۈپ كېتىپتۇ، - گۈزەل ھاياتنى ئۆز قەلبىمىز بىلەن بايقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## خۇشاللىق - ئالتۇن

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى چوڭ سودا قىلىدىغان بىر باي سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ھەر كۈنى غەم - ئەندىشە، ھېساب - كىتاب قىلىش بىلەن دىلخەستىلىك ئىچىدە ئۆتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ياسىداق قورۇسىنىڭ يېنىدا بىر ئۆيلۈك نامرات

كىشىلەر ئولتۇرىدىكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى پۇرچاق ئۆيۈتمىسى ياساپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، كۈنلىرى نامراتچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتسىمۇ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن.

باي سودىگەرنىڭ خانىمى ئۇلارغا ھەسەت قىپتىكەن، باي سودىگەر:

- بۇنىڭ نېمىسى تەس، مەن ئۇلارنى ئەتىلا كۈلەلمەيدىغان قىلىپ قويىمەن، - دەپتۇ ھەمدە بىر ئالتۇن يامبۇنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپلا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە نامرات ئەر - خوتۇنلار نەدىن پەيدا بولۇپ قالغىنىنى بىلىپ بولمايدىغان بۇ ئالتۇن يامبۇنى كۆرۈپ، شۇئانلا ئۆزگىرىپتۇ. بۇ يامبۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى قىياس قىپتۇ، يەنە تېخىمۇ كۆپ يامبۇ تېپىۋېلىشنى ئويلاپتۇ... مۇشۇ تەرىقىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە غىزا خىيالىغا كىرمەيدىغان، كۆزىگە ئۇيقۇ بارمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ناخشىسى ۋە كۈلكىسىنى زادىلا ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بوپتۇ...

ئۇلارغا تام قوشنا باي سودىگەر ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا:

- قارا، دەسلەپتە بىزمۇ غەم - قايغۇنى مۇشۇنداق باشلىمىدۇقمۇ؟ ئىش مانا شۇنداق ئاددىي، - دەپتۇ.

# ئايىنىپ كېتىش

ياۋروپادىكى بىر رەسسام ئەيسانىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بوپتۇ. ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى، مۇقەددەس ئوبرازغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ رەسسام تۇشمۇتۇشتىن تەقى - تۇرقى ناھايىتى كېلىشكەن مودېل ئىزدەپتۇ ھەمدە ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەيدىغان بۇ نادىر ئەسەرنى تاماملاپتۇ. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رەسسام يەنە شەيتاننىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولۇپ، تۇرمىدىن ياۋۇز قىياپەتلىك بىر مەھبۇسنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

رەسسام مەھبۇسنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتقاندا، بۇ مەھبۇس يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

- بىرنەچچە يىل ئاۋۋالمۇ مەن سىزگە مودېل بولۇپ بەرگەن، شۇ چاغدا سىز ئەيسانى سىزغانىدىڭىز...

رەسسام بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ:

- سىزنىڭ تەقى - تۇرقىڭىز ھازىر نېمىشقا مۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى؟

مەھبۇس ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يىل ئاۋۋال مودېل بولۇپ نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى، قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقىنى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تۇرمىگە كىرگەنلىكىنى، تەقى - تۇرقىنىڭمۇ شۇ سەۋەبتىن ياۋۇزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ...

# ھاياتنىكى چوڭ تاش

ۋاقىت باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى بىر كۈنى سودا ئىنستىتۇتىنىڭ بىر توپ ئوقۇغۇچىسىغا دەرس ئۆتۈپتۇ.

- بىز كىچىككىنە بىر سىناق ئۆتكۈزەيلى، - مۇتەخەسسىس بىر گاللونلۇق كەڭ ئېغىزلىق شىشىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپتۇ، ئاندىن چوڭ - كىچىكلىكى مۇشتۇمدەك كېلىدىغان بىر دۆۋە تاشنى چىقىرىپ، تاشلار شىشىنىڭ ئاغزىدىن تېشىپ چىققىچە بىر - بىرلەپ ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن:

- شىشە توشتىمۇ؟ - دەپ سوراپتىكەن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار:

- توشتى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مۇتەخەسسىس كۈلۈپ قويۇپ، ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن بىر قۇتا شېغىلنى چىقىرىپ ئازراق تۆكۈپتۇ ھەمدە شىشىنىڭ سىرتىغا ئۇرۇپ شېغىلنى تاشلارنىڭ ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن:

- ئەمدى شىشە توشتىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار سەل چۈشىنىپتۇ:

- تېخى توشمىغاندەك.

- ناھايىتى ياخشى، - مۇتەخەسسىس قولىنى ئۈزىتىپلا ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن يەنە بىر قۇتا قۇمنى ئاپتۇ - دە، ئۇنى شىشىگە ئاستا تۆكۈپتۇ، قۇم تاشلار ئارىسىدىكى جىمى بوشلۇقنى تولدۇرۇپتۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە بىر قېتىم:

- شىشە توشتىمۇ؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇغۇچىلار:

- توشمىدى، - دەپ ۋارقىراپتۇ. مۇتەخەسسىس بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بىر چۆگۈن

سۇنى ئەكىلىپ شىشىگە ئاغزىغا كەلگىچە قۇيۇپتۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلىرىدىن:

- بۇ مىسال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟- دەپ سوراپتۇ. بىر ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپتۇ:

- ئۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىزنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىشلىرىڭىزنى قانچىلىك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىڭىزدىن قەتئىينەزەر، يەنە بىر كۆچۈۋەتسىڭىزلا، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايسىز!

- ياق،- دەپتۇ مۇتەخەسسىس،- ئۇنىڭ مەنىسى تېخى بۇ يەردە ئەمەس. بۇ مىسال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئەگەر سىز شىشىگە ئالدى بىلەن چوڭ تاشلارنى سېلىۋالمىسىڭىز، ئۇنداقتا باشقىلىرىنى ھەرگىزمۇ سالالمايسىز. ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى «چوڭ تاش» نېمە؟ ئېتىقادىڭىز، بىلىمىڭىز، ئارزۇيىڭىزمۇ ياكى مېنىڭكىدەك تەلىم بېرىش، دەرس ئۆتۈش، گاڭگىراشتىن قۇتۇلدۇرۇشمۇ؟ ئالدى بىلەن مۇشۇ «چوڭ تاش»لارنى بىر تەرەپ قىلىشنى چوقۇم ئەستە ساقلاڭ، بولمىسا ئۆمۈر بويى خاتا قىلىسىز.

## بېلىڭىزنى ئەگسىڭىزلا...

گىئوتى ئۆزىنىڭ لىرىك نەزمىسىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىگەن: ئەيسا مۇرىتى پېتىرنى ئېلىپ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، سەپەر ئۈستىدە ئۇچراپ ھالى قالمىغان ئات تاقىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، پېتىرغا ئۇنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ، ئەمما پېتىر بېلىنى ئېگىپ ئېلىۋېلىشقا ئېرىنىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋاپتۇ. ئەيسا ھېچنېمە دېمەيلا ئۆزى ئېڭىشىپ ئات تاقىسىنى ئېلىۋاپتۇ، ئۇنى تۆمۈرچىگە ئۈچ يارماققا تېگىشىۋېلىپ، يەنە بۇ پۇلغا 18 دانە گىلاس سېتىۋاپتۇ.

ئىككىسى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈنلەي چۆل - جەزىرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئەيسا پېتىرنىڭ ئۇسساپ بولالماي قالغىنىنى پەملەپ، يېڭىگە يوشۇرۇپ قويغان گىلاستىن بىرنى ئاستالا تاشلاپ قويۇپتۇ، پېتىر ئۇنى كۆرۈپلا ئالمان - تالمان ئېلىپ يەپتۇ. ئەيسا يولىنى داۋاملاشتۇرغاچ تاشلاۋېرىپتۇ، پېتىرمۇ قېيىن ئەھۋالغا قېلىپ 18 قېتىم بېلىنى ئېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

- شۇ چاغدا بېلىڭنى بىر قېتىم ئەگكەن بولساڭ، كېيىن تىنىماي ئېگىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ. كىچىك ئىشلارنى قىلمىساڭ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كىچىك ئىشلاردا تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەيسەن.

## بېلىقچىنىڭ قەسىمى

قەدىمكى زاماندا دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتۇشقا ئۇستا بىر بېلىقچى ئۆتكەنىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قەسەم بېرىشنى ياقتۇرىدىغان يامان ئادىتى بار ئىكەن. قەسىمى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىدىكەن.

بىر يىلى ئەتىيازدا، ئۇ بازاردا سىياھ بېلىقنىڭ باھاسى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «بۇ قېتىم دېڭىزغا چىقسام سىياھ بېلىقىلا تۇتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. ئەمما شۇ قېتىمقى بېلىق ئوۋلاش مەۋسۇمىدە پۈتۈنلەي قىسقۇچپاقىغا ئۇچراپ، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ قىرغاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمدى بازاردا قىسقۇچپاقا باھاسىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى بولۇۋاتقىنىنى ئۇقۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، «كېيىنكى قېتىم دېڭىزغا چىقسام چوقۇم قىسقۇچپاقىلا تۇتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

ئۇ ئىككىنچى قېتىم دېڭىزغا چىققىنىدا پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى قىسقۇچپاقىغا قارىتىپتۇ، ئەمما بۇ قېتىم پۈتۈنلەي سىياھ بېلىققا ئۇچراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىممۇ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. كەچتە بېلىقچى ئاچلىقتىن غولدۇرلاپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى تۇتقىنىچە يېتىپ ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە «كېلەر قېتىم دېڭىزغا چىقسام، مەيلى قىسقۇچپاقا بولسۇن ياكى سىياھ بېلىقى بولسۇن ھەممىسىنىلا تۇتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

بېلىقچى ئۈچىنچى قېتىم دېڭىزغا چىققاندىن كېيىن، سىياھ بېلىقى ۋە قىسقۇچپاقىنى ئۇچرىتالماي، ئازراق ماكرېل بېلىقىنىلا چېلىقتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ...

بېلىقچى تۆتىنچى قېتىم دېڭىزغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئۆزىنىڭ قەسىمى داۋامىدا ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ...

نۇرغۇن چاغلاردا نىشان بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە مەلۇم ئارىلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

# كالا ۋە ئىت

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار كۆندۇرگەن كالا ئېغىر ۋە زېرىكىشلىك ئىشلارنى قىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئىت بىلەن قېچىپ كېتىپ تاغ - داللاردا ئەركىن - ئازادە تىرىكچىلىك قىلىشقا كېلىشىپتۇ.

كەچتە ئىت دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كالىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلۈپ قوزۇققا باغلاپ قويۇلغان ئارغامچىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۈزمەكچى بوپتۇ، ئەمما كالا ئۇنى توسۇۋاپتۇ:

- ياق، سەن ئۇنى يەنىلا قوزۇقتىن ساپساق يېشىۋالغىن! بۇ بىر ياخشى ئارغامچا، مېنىڭ ھېچقانداق ئۆي بىساتىم قالمىدى، مەن بۇنى ئالغاچ كېتىمەن.

ئىت كالىنىڭ گېپىگە كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ، قوزۇقتىن بىر ئامال قىلىپ ئارغامچىنى يېشىۋېلىپ، ئۇنى يەنىلا كالىنىڭ بۇرنىغا ساڭگىلىتىپ قويۇپتۇ، ئارقىدىن ئۇلار دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بىرلىكتە قېچىپ كېتىپتۇ.

يولدا ئىت ناھايىتى ئۇزاپ كېتىپتۇ، ئەمما ئارغامچىسى يول بويىدىكى بىر تاشقا ئېلىنىپ قالغان كالىنى كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئىگىسى ناھايىتى تېزلا يېتىلەپ كېتىپتۇ.

بەلكىم كالا كەسكىن ۋاز كېچەلمىگەچكە ھاياتىدىكى بىر سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

# ۋاپاغا جاپا

ئالياسكىدىكى كىچىك بىر بازاردا بىر خوتۇن قىيىن تۇغۇتتا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭدىن بىر بالا قاپتۇ. ئېرى تىرىكچىلىك غېمىدە ھەمىشە سىرتتا ئالدىراپ يۈرىدىغان بولغاچقا، بالىسىغا قارايدىغان ئادەم تاپالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىتىغا بالىسىنى قارىتىپتۇ.

بىر كۈنى خوجايىن ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، شۇنداق قاراپلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ھەممىلا يەر قان تۇرغۇدەك، ئەمما بالا كۆرۈنمەپتۇ! ئۇ يەنە يېنىدىكى ئىتىغا قاراپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىنىڭ قان بولۇپ كەتكىنىنى چېلىقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىت چوقۇم ئىتلىقىنى قىلىپ بالىنى يەۋېتىپتۇ!» دەپ چۈشىنىپتۇ - دە، غەزەپ بىلەن يوغان كالتەكنى ئېلىپ ئىتنى بىرلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

شۇ چاغدا خوجايىن توساتتىنلا بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، ئاۋاز كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقۇدەك. . . بالا ئۆمىلەپ چىققىنىدا بەدىنىدە ئازراقمۇ يارا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ يەنە ھېلىقى ئىتقا زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن يوغانلا بىرنەچچە پارچە گۆشنىڭ ئۈزۈۋېلىنغانلىقىنى بايقاپتۇ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قارىسا ئۆلۈپ قالغان بىر بۆرە ياتقۇدەك. . .

# ئىككى سۆزلۈك ھېكمەت

## ۋاڭ دىڭجۇن

ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بىر يىگىت يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئىستىقبالىنى ياراتماقچى بوپتۇ. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلىنى ئالايىتەن يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن يول كۆرسىتىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ئۇرۇق ئاقساقىلى شۇ چاغدا ھۆسن خەت يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتقانىكەن. يىگىتنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە مەسلىھەت سوراۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا شۇئانلا: «قورقما» دېگەن بىر سۆزنى يېزىپ بېرىپتۇ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

- ھاياتنىڭ سىرىنى ئىككى سۆز بىلەنلا خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ، مەن ئاۋۋال ساڭا بىرىنى بېرەي، بۇ ساڭا يېرىم ئۆمۈر يېتىدۇ، - دەپتۇ.

ئوتتۇز يىلدىن كېيىن بۇ يىگىت بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، دەرۋەقە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگىمۇ يولۇقۇپتۇ. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، يەنە ھېلىقى ئۇرۇق ئاقساقىلىنى يوقلاپ بېرىپتۇ، ئەمما ئۇرۇق ئاقساقىلى بىرنەچچە يىل ئاۋۋال دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

- بۇنى بوۋاي ھايات چېغىدا سىزگە قالدۇرغانىدى، ئۆزىڭىز ئېچىپ بېقىڭ!

يىگىت كونۋېرتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدە قەغەزگە: «ئۆكۈنمە» دېگەن بىر سۆزنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شۇنداق، ھاياتتا ئوتتۇرا ياشقا كىرىشتىن ئاۋۋال قورقماسلىق، ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆكۈنمەسلىك كېرەك.

(«ئۈچ يۈز ھېكمەت» ناملىق كىتابتىن)



# يەتتە باشلىق ئايال

(ھېكايە)

ئەخمەتجان ئوسمان

مەن ئاخىر پارتلىدىم. مەندىكى ۋىجدان، ئەقىدە، غۇرۇر. . . دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى تاماكا ئىسىدەك توزۇپ كەتتى. شۇ تاپتا مەن بىرسىگە ئىشىنىمەن ياكى بىرسىنى ئۆزۈمگە ئىشەندۈرىمەن دەپمۇ يۈرمەيمەن. مېنىڭ باشقىلارغا ئىشەنگەن، چىرايلىق قىزلارنىڭ كەمپۈتتەك تاتلىق گەپلىرى بىلەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم بىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمنىڭ يەنە داۋاملىق ماڭا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرۈشىنىڭ مەن ئۈچۈن شېرىن خىيال بولۇپ قېلىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن.

— ئايالىڭىزدىن يول خېتى ئالدىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ بولغاندىكىن تەڭ ئىشلىتەرمىز.

— سىزنى ئوبدان بىلىمەن. يوغان گەپ قىلغان بىلەن ئايالىڭىزدىن ئۆلگۈدەك قورقىسىز.

— سىزنىڭ ئېرىڭىزدەك بوكۇس مەشقى قىلمىغاندىكىن يول قويىدىغان گەپ ئىكەن.

ئاچچىقىم كەلدى. ئاياللارنىڭ نىيىتى نېمىدېگەن يامان. مېنىڭ ئايالىمنى ھۆرمەتلىگەنلىكىمنى «ئايالىمدىن قورقتى» دەپ ئويلاپتۇ. قورقمىغان بولسام قانداق قىلاتتىكىن. ماڭا تېگىش خىيالى بارمىدۇ يا؟ ياق، ئۇ مېنى كۈشكۈرتمەكچى، مەندىن «ئايالىمدىن قورقمايمەن، ئايالىدىن قورققان سايماخۇنلارنىمۇ ئەر دەمدۇ، قېنى سىزگە نېمە لازىم. سىز ئۈچۈن قولۇم كۆكسۈمدە» دېگەن گەپنى ئالماقچى. ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنى، خەقنىڭ ئېرى بىلەن ئويناشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئاياللارغا قىلغان ھاقارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ھەرگىز ماڭا چاقىرغۇ قىلمىغان بولاتتى. بەلكىم بۇ ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆچمەنلىكى باردۇ، ھەرقانچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك - دە. ياق، ئۇ چوقۇم ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايال. ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىگە چوقۇم ئۆزىگە ئوخشاش بۇزۇقچىلىقنى «شوخلۇق، ئەركىنلىك» دەپ بىلىدىغان ئاياللار سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەنچۇ؟ مەن ئۈچىغا چىققان ئەخمەق، دۆت، نېمىشقا بۇ ئايالغا چاقىرغۇ نومۇرۇمنى قالدۇرغان بولغىيدىم. نەچچە ئون يىل بىرگە ياشىغان ئايالىمنىڭ، ۋۇجۇدۇمدىن تامغان ساددا، سەممىي باللىرىمنىڭ يۈزىنى قىلماي، بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن، چىرايى ساغلىق قوينىڭ تۇمشۇقىدەك سوزۇنچاق، چامغۇر ئورىسىدەك چوكقۇر كۆزلىرىدىن شۇملۇق، ھىيلە - نەيرەڭ يېغىپ تۇرغان، پىچاقنىڭ بىسىدەك ئىنچىكە، نېپىز لېۋىگە بىرسى چىشلەپ قانىتىۋەتكەندەك قىپقىزىل لەۋ سۇرۇخ سۇركەپ پوكەيگە يۆلىنىپ قېشىنى تېرىپ ئولتۇرغان ئايالغا نېمە قىلاتتىم چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىپ بېرىپ.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچقانداق غەرەزسىزلا بېرىپ قالدىم. ۋەدىلىشىپ قويغان قىز كەلمەي بىتاقەت بولۇپ ماگىزىن ئارىلىغاچ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۇدۇلۇمدىكى ماگىزىنغا كىرسەم بىر ئايال پوكەيگە يۆلىنىپ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ئالدىدىكى ئەينەككە

قاراپ تۇرۇپ قېشىنى تەرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا «ئۆزىگە خېرىدار ئىزدەپ يۈرگەن ئايال بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

ماگىزىننى بىرقانچە قېتىم چۆرگىلەپ ئاخىر «كوكا كولا» دىن بىرنى ئېلىپ ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئايال مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيمىغاندەك تېخىچە قېشىنى تېرىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

— مال ساتامسىز ياكى زاراخەتمە قىلامسىز؟

— ھوي، ئەلۋەتتە ساتىمىز - دە.

— قارىسام قېشىڭىزنى تېرىپ ساتىدىغاندەكلا قىلىسىز.

— پايدىسى بولسىلا ئۇنىمۇ قىلماي بولمايدۇ.

كۆڭلۈمگە جىن كىردى. نېمىشقا ئۇنى گەپكە سېلىپ باقمايمەن. چىرايلىق بولمىغان بىلەن بەدىنى قاملاشقان ئايالكەن. چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى. ماڭا كېرىكى ئۇنىڭ چىرايى ئەمەس، ئىسسىق تېنى...

— ئېرىڭىز ئۆيدە بالا بېقىپ، سىز دۇكان ئېچىپ پۇل تېپىپ بىر يولىلا باي بولۇشنى ئويلاپسىلەر - دە.

— ئېرىڭىز دېگەن نېمە گەپ، مەن ئاللىقاچان ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋەتكەن.

— مۇنداق دەڭ. ئەسلىدە ئېرىڭىز سىزنى ئالماي، سىز ئېرىڭىزنى ئاپتىكەنسىز - دە!

— ھازىرقى ئەر خەق دېگەن شۇنچىلىكلا. بەزىلىرىنىڭ ئەر ئاتىلىپ قالغىنىغا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ.

قارىغاندا بېلىگە سۇيۇقئاش بارمىغان ئاغمىخاندىن بىرسىگە تېگىپ كۆڭلى قانمىغان ئايال بولسا كېرەك. بولمىسا ھەرقانچە ئەسكى ئادەم بولسىمۇ ئەر - خوتۇن بولۇشقانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنداق دېمىگەن بولاتتى. ئۆزۈڭگە ھېزى بول ئەسقەر، سەن قانچىلىك بەدەل تۆلىمە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قوي. ئۇنىڭغا ئەرنىڭ نېمىلىكىنى، ئەرلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوي. بولمىسا سەنمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە «تايىنلىق» ئادەم بولۇپ قالىسەن... ئۇنىڭغا گەپ قىل، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا بۆسۈپ كىر. ناۋادا ئۇ سېنى ئىزدەپ قالسا ئىشىڭنىڭ ئوڭ بولغىنى، بولمىسا ئۆزىڭنىڭ ئىشى.

— دۇكىنىڭىزغا ياردەمچى تەكلىپ قىلسىڭىز بولغۇدەك.

— بۇ كۈننىڭ ئادەملىرىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ دەيسىز. قويمىچىغا ئۇچراپ قالامدىمكىن دەپ قورقىدىكەن كىشى.

— مەن شېرىك بولسام قانداق دەيسىز؟

— چاتاق يوق، زېيىنىغا چىدىسىڭىزلا پايدىسىنى تەڭ كۆرىمىز.

ماگىزىنغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلار كۆپ بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلماي بىر پارچە قەغەزگە چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىپ قولىغا تۇتقۇزدۇم - دە، «ئەگەر مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىش بولسا تېلېفون بېرىڭ» دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

نېمىشقىكىن ناتونۇش ياكى بىر - ئىككى قېتىم ئەسرا بولغان قىز - چوكانلار بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام، ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ «بۇلارنىڭ ئايالىمدىن نەرى ئارتۇق، ماڭا ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپلىرى ياراپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلايمەن. «ئەمدى ئۇنداق قىلماي، ئايالىمنى ئويلىمىغان بولسام بالىلىرىمنى بولسىمۇ ئويلاي» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىمەن. ئەمما يەنە بىر يەرلىرىمدىن...

سەن مەيلى قانداق ئازاب چەك، ئۇ ئازاب ساڭا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن، بارلىقىڭنى بېغىشلىغان ئادەمنىڭ ساڭا ئىشەنمەسلىكىدىنمۇ ئارتۇق تەسىر قىلمايدىكەن. «ياتنىڭ ياندىن، يېقىنىنىڭ جاندىن ئۆتەر» دېگەندەك مەن ئىشەنگەن، ياخشى كۆرگەن، مەن بىلەن بىرقانچە يىل خۇشال - خۇرام بىللە ياشىغان ئايالىنىڭ مېنى چۈشەنمەي، قارىغۇلارچە بوھتان چاپلاپ كۆڭلىشى بىلەن سوغۇق مۇئامىلىسى مەن يېقىنچىلىق قىلغان، مەن ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە موھتاج بولغان چاغدىكى سىلكىش، چالۋاقاشلىرى يۈرىكىمدىن ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى پاك - پاكىز تازىلاپ چىقىرىۋەتكەنمۇ ياكى مېنى روھىي كېسەل قىلىپ قويدىمۇ، ئىشقىلىپ مەن ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۇسسىغان چاغدا سۇغا، ئاچقان چاغدا يېمەكلىككە تەشنا بولغاندەك ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىنىڭ غېمىدە بولىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ بىھۇدە زورۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ پەقەت ئەرلىك ھەۋەس ئۈچۈنلا - بىر دەملىك خۇشاللىق ھەم ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ

كېلىدىغان نەپرەت، سەسكىنىش، يىرگىنىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان چاغدا ھېلىقى كىنولاردىكىدەك ئەرلەرنى ئازدۇرۇپ يۈرگەن چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ. بىراق مەن ئۆيۈمدىن تاپالمىغان، ئۆز ئۆيۈمدە ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئاشۇ ئاياللار ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بولۇپ قالغاچقىمۇ «ئاشۇ چىرايلىق ئاياللار بولمىغان بولسا قانداق قىلاتتىم. ئۆزۈمنىڭ ھايات ياكى ئۆلۈكلۈكىمنى ماڭا ئاشۇ ئاياللار ھەم ئۇلارنىڭ ساختا بولسىمۇ ناز - خۇلقى ئاز - تولا ھېس قىلدۇردى. دېمەك، ماڭا يەنىلا ئاشۇ ئاياللارنىڭ بولغىنى ياخشى» دەپ ئۆزۈمدىكى بىنورمال ھېس - تۇيغۇلارغا تەسەللى بەرگەن بولىمەن.

ئايالىمنىڭ ئۇرۇش - جېدەل، چالۋاقاپ، ۋارقىراشلىرى ماڭا تەسىر قىلىش، مېنى سىرتتىكى ئويۇن - تاماشىدىن تىزنىش تۇگۇل ئەكسىچە ئۆيگە كىرگۈم كەلمەيدىغان بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۇرۇپ، سىرتتا قانچە كۆپ بىرگە بولسام ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يەڭگىل ھەم خۇشال سېزىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما ھەر قېتىم ئاشۇ ئاياللار بىلەن بىر يەرگە ماڭغان ياكى بىر يەردە بولغان چاغدا ئايالىم، باللىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلىنىپ كېتەتتىم. پۇتكۇل ئەس - يادىم بىلەن باشقا بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئاياللارغا بولغان ئىنتىلىش، قىزىقىش، تەلپۈنۈش، ئېچىرقاشنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ناۋادا ئايالىم مېنى چۈشەنگەن، مېنى ئاياللىق مېھرى بىلەن سۆيۈندۈرۈپ خۇشاللىق ئاتا قىلغان، مېنى چۈشەنگەن ھەم ھۆرمەت قىلغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرمەسمىدىم. ئۆزىنى بازارغا سېلىپ كىمنىڭ ياخشى گېپى، تاتلىق ئېشى، كۆپرەك پۇلى ھەم ھوقۇق ئىمتىيازى بولسا شۇنى «ياخشى كۆرىمەن» دەپ يۈرىدىغان ئاياللارغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، كۆزىگە قاراپ ئىلتىپات قىلىشنى كۈتۈپ يۈرمىگەن، ئاشۇ ئاياللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىمنى ئائىلەمگە تۆلىگەن بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟ بىراق بۇ مېنىڭلا خىيالىم. ئايالىم ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسا كېرەك. ئۇنىڭچە بولغاندا مەن ئۆيدىن سىرتقا چىقمىسام ياخشى ئەر بولغان بولىمەن. ئەمما بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مەن ئەر بولغاندىكىن چوقۇم ئەرلەردەك ياشىشىم كېرەك. بىر ئايالنى، بىر ئائىلىنى باشقۇرالماي ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالسام قانداق بولغىنى؟ مەن ئەركىن ياشاشنى بىلىشىم، ئۆزۈم خالىغان، ئۆزۈمگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك. بولمىسا مەن ئۆزۈمنى ئەر ئەمەس باشقا بىرنەرسە دەپ ئاتىسام بولىدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق غەلىتە خىياللارنى سۈرىدىغان بولۇپ قالغانسېرى چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ ئاجايىپ سېھىرلىك چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزى كېچىلىرى سان - ساناقسىز دۈشمەنلەرنىڭ تالان - تاراجى ئاستىدا ھالسىزلىنىپ سەكراتتا چۈشۈپ قالسام، بەزى كېچىلىرى ئوقى يوق مىلتىقىمنى كۆتۈرۈپ غايەت زور دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ چىقىدىغان، يەنە بىر كۈنلىرى بولسا ئايالىم كۈنلەپ مەن بىلەن سوقۇشىدىغان قىزلار بىلەن ئاجايىپ شېرىن لەززەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. گەرچە مەن ئۇ ئىشلارنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئايالىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئايالىم «ساڭا جان كېرەك بولسا سىرتتا ئازراق ئوينا، كېچىسى تەرلەش ماغدۇرسىزلىقنىڭ ئىپادىسى» دەپ دوق قىلاتتى. مەن بولسام ئايالىمنىڭ يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك پۈرلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ چۈشۈمنى، چۈشۈمدىكى قىزنىڭ ماڭا بەرگەن نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويلايتتىم. ئايالىم بىلەن قىزنىڭ ئورنىنى سېلىشتۇرغۇم، ئايالىمنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغۇم كەلگەن بولسىمۇ، ئىچ - ئىچىمدىن يەنە شۇ قىزغا كۇچلۇك قىزغىنلىق تەپچىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئۇ قىزغا ئامراق بولۇپ قېلىشىم ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئايالىمدىن ياشلىقى، چىرايلىقلىقى، يۇمران ئەمما تولۇق تولغان سالاپىتىنىڭ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ماڭا بەرگەن مېھىر - مۇھەببىتى، سۆيۈش - سۆيۈلۈشتىكى سەممىي ھېسسىياتى، شەھلا كۆزلىرىدىن پارلاپ تۇرغان رازىمەنلىك ھەم سۆيۈنۈش تۇپەيلى بولغان بولسا كېرەك.

ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، سۆيۈلۈش، كۆيۈنۈش، مەجبۇرىيەت، قانائەت قاتارلىقلار ئىناق، ئىجىل ئائىلە قۇرۇشتىكى ھەم ئائىلىنىڭ باياشاتلىقىدىكى بولمىسا بولمايدىغان ئامىللار ئىكەن. ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈنلۈككە بولغان ئورتاق ئىنتىلىش بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت شەخسىيەتكە ئايلىنىپ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ھاماقەتلىكلەرنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالىدىكەن. سەن ئۆزۈڭ ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالمىغانسېرى ئۆزۈڭ خالىمىغان ئىشلارغا زورلىنىۋەرسەڭ ھەرقانچە چىدامىلىق بولغىنىڭ بىلەنمۇ بىر كۈنگە بارغاندا ئۆزۈڭمۇ تۈيمىغان ھالدا «پاڭ» قىلىپ پارتلاپ كېتىدىكەنسەن. مېنىڭ ھازىرقى پارتلىشىم مېنى ئادىمىلىكتىن ياتلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم مەن ناداندۇرمەن. ئۆزۈمنى چىرايلىق، پاكىز، يارىشىملىق كىيىملەر بىلەن پەردازلاپ، چاچلىرىمنى پارقىرىتىپ غادىيىپ يۈرگىنىم بىلەن مەن ھېچنېمە قىلالمىدىم. يا ياخشىغا، يا يامانغا تايىن بولالماي ئايالىمغا قېيىداپ يېيىش، ئىچىش، خۇشاللىق ئىزدەش مېنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىم بولۇپ قالدى. بالامغا قارىسام ئۆزۈمنىڭ دادا ئىكەنلىكىمنى، ئايالىمغا قارىسام ئەرلىكىمنى، ئۆيۈمگە قارىسام گەجگەمدىكى ئېغىر يۈكنى ـ مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلىمەن. بىراق ئەتراپىمغا قارىسام ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ ئېسىلىپلا ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ. «مېنىڭ خەقتىن نەرىم كەم، مەن نېمىشقا ئاۋۇلاردەك ياشىمايمەن. ماڭا ماشىنا، كەڭ كۇشادا تۇرالغۇ جاي، سەيلە ـ ساياھەت ياراشمامدۇ؟ قاچانغىچە ئۆپكەمنى ساڭگىلىتىپ يۈرىمەن. تەشۋىش، ئەنسىرەش، يېلىنىش، خۇشامەت. . . مېنىڭ نەرىم ئادەم، نەرىم ئەركەك؟ ماشىنا ئادەم بولۇپ قالغان بولسام، كىم نېمە دېسە شۇنى قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى رازى قىلغان، ئايالىم بىلەنمۇ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزگەن بولاتتىم» دەپ ئويلاپ قالىمەن. بىراق بۇ بىر خىيال. مېنىڭ قانداقمۇ ئىمتائەتمەن ماشىنا ئادەم بولغۇم كەلسۇن. مەن بىر ئادەم تۇرۇپ بىر ئايال قۇرغان تۇساقلاردىن ئۆتەلمىسەم قانداق بولغىنى؟ «سېنى ياخشى كۆرىمەن، بىز مەڭگۇ بىللە ياشايمىز، مەڭگۈ ـ مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» دېگەنلىرى قۇرۇپ كەتسۇن. ھەممىسى يالغان، ساختا گەپلەر. ئۇنىڭ مېنى دامىغا چۈشۈرۈش، ئالقىنىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن تاپقان ھىيلە ـ نەيرەڭ ئارىلاش يالغان سۆزلىرىگە ئىشەنسەم بولمايدۇ. ھەسەل يالىتىلغان زەھەرنى ئەمدى يېمەسلىكىم كېرەك. ئەمدى بولدى. «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەندەك ئىش قىلسام بولمايدۇ. ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، سۆيۈلۈش دېگەننىڭ ھەممىسى يالغان. بىراق بالامچۇ؟ ئۇنىڭ ئەتىسى قانداق بولار؟ مەندىن نەپرەتلىنىپ يۈرمەسمۇ؟

گەرچە ھەر بىر قەدەمدە بىر قېتىم ئائىلەمنىڭ تەقدىرىنى، ئائىلەمدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ تېنىم ئاچچىق تىترىگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش قولۇمدىن كەلمەيۋاتاتتى. ئايالىمنىڭ «ھەممىگە ئۆزۈم ئېرىشىمەن» دەپ يېنىدا مەندەك بىر ئادەمنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىماسلىقى، كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشى، مېنىڭ ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە نەقەدەر ئىنتىزارلىقىمنى چۈشەنمەسلىكى ھەتتا بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ «قېنى قانداق قىلالايتتىڭ» دېگەندەك ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم بىلەن بولغان نورمال ئالاقە ـ يىغىلىشلاردىن قۇسۇر ئىزدەپ قېيىداشلىرى مېنى بىر قىز بىلەن ئارىلىششقا مەجبۇر قىلىپ قويغانىدى. مەن دەسلەپتە قىز بىلەن پەقەت ھېسسىياتىمدىكى ئېچىرقاشنى، چاڭقاشنى بېسىش ئۈچۈن ئارىلاشقان بولسام، بارا ـ بارا ئۇنىڭ رايىشلىقى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. «قول قولنى يۇيسا، قول قويۇپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مەن بارغانچە قىزغا ئامراق بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى، ۋاقتى كەلسە ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا قىلسام ئەرزىيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭمۇ بىر كۈنلىرى ئايالىمغا ئوخشاش مېنى بىزار قىلىشنى ياكى «ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى» دېگەندەك ئايالىمنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇرلاپ قويۇشنى ئويلىغان چېغىمدا بولسا تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئايالىم ئەخلاقلىق

ئايال ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىز مەندىن زېرىكىپ يېڭى مۇھەببەت ئالماشتۇرغۇسى كېلىپ قالسا ئۇ چاغدا كىمنىڭ ئالدىغا بارىمەن. ئەل مەھەللە ئالدىدا قانداق يۈز كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، دەيدىغان ئەندىشە ماڭا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دەپ تەلىم بەرمەكچى بولاتتى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى زەربىگە ئۇچرىغاندا شۇنداق بولامدۇ، بىلمىدىم. بىر كۈنى ئۆزۈم توي قىلغان ئادەم بولغاندىكىن «قىز - چوكان» دەپ ئايرىپ ئولتۇرغۇچە كۆڭلۈم سۇ ئىچكۈدەك بىرەر ئايال تېپىپ ئىچىمنى بوشاتمايمۇ، دەپ ئويلاپ كوچا ئايلاندىم. كۆزۈمگە چېلىققانلىكى ئايالغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن زەن سالدىم. ئادەمنىڭ كۆڭلى بەزى چاغلاردا پەسلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇچرىغانلا قىز - چوكانلارنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىغا قارىغانسېرى يۈرىكىم يوغىناپ، نېرۋا تاللىرىم ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆزۈمنى كونترول قىلىشىم تەسلىشىپ، بىرلىرىنىڭ تومپىيىپ چىققان كۆكسىنى مىلىققىدە تۇتۇۋالغۇم، ئىشتان - كۆڭلەك ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىسىنى چىمداپ ياكى سىيلاپ قويغۇم كېلىپ قوللىرىمنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىر خىل ئەسەبىيلىك ئىلكىدە تولغىناتتى. شۇنداق قىلىپ مەن «ئاشۇ ئايال بولغۇدەك» دېگەن ئايالدىن نەچچە ئۈننى يولغا سېلىپ قويۇپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى - دە، نېمە بولسا بولسۇن دەپ پەدەشەپ دېگەننى قايرىپ قويۇپ بىر- ئىككىسىگە سۆز تاشلاپتىم، ئۇلار «كەچۈرۈڭ، مېنى خاتا تونۇپ قاپسىز» دەپ كېتىپ قالدى.

قولۇم - قوشنىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ چىرايلىق ئايالار بار. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئالامەتلەرنى سېزىپ قالىمەن. ئەمما ئۇلارغا چاقچاق قىلىشقا غورۇرۇم يول قويمايدۇ. بەزى قوشنىلىرىم شۇنداق ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل، خۇش خۇي، ئېغىر - بېسىق مىجەزى بىلەن مېنىڭ ئامراقلىقىمنى قوزغايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى يېتىلەپ سەيلە قىلىشلىرىغا، ئۆي ئىچىدىن ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان كۈلكە - چاقچاقلىرىغا ھەۋەس قىلىمەن. «مەنمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش خۇش خۇي، كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە ياشىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئارمان قىلىمەن.

ئەگەر مەن چۈش كۆرمىگەن، چۈشۈمدە ھېلىقى قىز بىلەن ھاياتنىڭ ئۆزگىچە خاس شېرىن لەززەتلىرىدىن بەھرىلەنمىگەن بولسام ئايالىمنىڭ تىل - ئاھانەتلىرى، سىلكىش، چالۋاقاشلىرى ئىچىدە «جاھان دېگەن شۇ چېغى» دەپ قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك ياشىغان بولاتتىم.

بىر كۈنى كوچا ئايلىنىپ ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە ئايالىم يوق ئىكەن، مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇدۇل قوشنام ياسىننى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچمەكچى بولۇپ ئىشىكىنى چەكتىم. ئىشىكنى ياسىننىڭ ئايالى پەرى ئاچتى.

- ياسىن بارمىدۇ، - دېدىم پەرىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي مەقسەتسىزلا يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ.

- ياسىن، - دەپ چاقىردى ئۇ.

- كىرە ئاداش، - دېدى ياسىن ساپما كەشىنى ئوكۇشىغاچ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ.

- بىزنىڭكىگە چىقە، بىردەم ئولتۇرايلى، - دېدىم ئۇنىڭغا كەسكىنلىك بىلەن.

بىز ئۆيگە كىردۇق. مەن توڭلاتقۇدىن ئىككى تال تەرخەمەك بىلەن شوخلا ئېلىپ يۇيۇپ، توغراپ ئازراق تۇز سېپىپلا تەخسىگە ئېلىپ چىقىپ شىرەنىڭ تەكتىدىكى ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. ياسىن مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ماڭا ھەم مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇمغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالغاندى.

- ئاداش، خېلىدىن بېرى سەن بىلەن بىرەر شىشە ھاراق ئىچكەچ ھال - مۇڭ بولۇش ئويۇم بار ئىدى. بۈگۈن ۋاقىت - سائىتى توشقان ئوخشايدۇ. قاتتىق - قۇرۇق بولسىمۇ كۆڭلۈڭگە ئالماسسە.

ھاراقتىن بىر رومكىنى بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ ياسىنغا «خوش»مۇ دېمەيلا ئىچىۋەتتىم. بۇ مېنىڭ ياسىننىڭ ئالدىدا يوغانچىلىق قىلغانلىقىممۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ ئازابلىنىپ ئاچچىقىمنى ھاراقتىن چىقارماقچى بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ھاراق بېكەت ئىزدىمەي ئايلىنىپ تۇرغاچقىمۇ بىردەمدىلا ياسىننىڭ تۇمشۇقى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، مېنىڭمۇ مېڭەم

پىرقىراشقا باشلىدى. گەرچە ئۆزۈمنىڭ تەڭشىلىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ ئەمدى ئىچسەم چوقۇم يا ياندۇرۇپ ياكى بولمىسا ئۆزۈم بىلمىگەن ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى قىلىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، ئاشۇ هاراقنى تولۇق ئىچىۋەتكەن چاغدا ماڭا ئامەت كېلىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ توختىماي ئىچىشكە دەۋەت قىلاتتى. ياسىننىڭ نەپسانە يۇمۇرلىرى ماڭا ناهايىتى قىزىق تۇيۇلۇپ مېنىڭمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇم كەلدى. بىراق مەن ئۇنداق يۇمۇر، لەتىپە دېگەننى بىلمىگەچكە خەقنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىۋالغان بىر كۇپلېت شېئىرنى بۇزۇپلا ئوقۇدۇم.

بىر كۈن ئۆمرۈم ئۆزۈن بولسا خوتۇندىن،
باش تاۋىقىنى تاپسام ئۇنىڭ بىر غاردىن.
باش تاۋىقىغا لىق تولدۇرۇپ مەي ئىچسەم،
چىقار ئىدىم ئاندىن راسا پۇخادىن.

ياسىن كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق كۈلۈپ كېتىشىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ بىر ئادەمنى كۈلدۈرەلەيدىغانلىقىمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۇم بولغاچقا ئۆزۈممۇ تازا قېقىلىپ كۈلدۈم. دەل شۇ چاغدا چاقىرغۇم چېكەتكىدەك سايراپ كەتتى. «مانا تېلېفون» دېدى ياسىن كۈلكىسىنى ئاران دېگەندە توختىتىپ بېلىدىكى يانفونىنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلەپ.

- ۋەي، هازىر چاقىرغۇ قىلغان كىم؟

- شېرىكىڭىزنى تونۇيالمايۋاتامسىز؟ قارىغاندا سودا - سېتىقتىكى چۆپقەتلىرىڭىز خېلى كۆپ ئىكەن - هە؟

- ياقەي، ئۇنداق ئەمەس. قانداق، تىنچ-لىق، ئوبدان تۇرغانسىز؟

- ئۆزىڭىزچۇ، ئالدىراش يۈردىڭىزمۇ؟

- ئانچە ئەمەس. سىزگە ئوخشاش پەرىشتىلەردىن تېلېفون كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. قانداق، ياردەم قىلىدىغان ئىش بارمىدى؟

- سىزنى ئىشقا ئەمەس، بىردەم ئولتۇرۇپ هال - مۇڭ بولارمىزمىكىن دەپ ئىزدىگەن، ۋاقتىڭىز بولمىسا مەيلى.

- ياخشى گەپ ئىكەن، نەدە ئۇچرىشىمىز؟

- مەن يالغۇز ئەمەس، يېنىمدا بىر دوستۇم بار ئىدى.

- ئۇنداقتا تېخى ياخشى، مەن ياۋاش - يۇمشاق دوستۇمدىن بىرنى چاقىراي.

- ياۋاش دەپ تەپسە مۆرىمەيدىغان گۆشباش بىرسىنى چاقىرىپ كەلمەڭ يەنە. مېنىڭ كەچكىچە تىرنىقىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان يۇمشاقلار بىلەن خوشۇم يوق.

- هوي، ئۇنداق بولسا يېنىمدىلا بۆرىدىن بىرسى بار. لېكىن تالىۋەتتى دەپ خاپا بولمايسىز ئەمىسە.

- ياقەي، بىز ئۇنداق چىدىماسلاردىن ئەمەس.

- ئەمىسە، مەن بىرئازدىن كېيىن تېلېفون بېرەي.

تېلېفوننى قايتۇرۇپ بەرگەچ، قانداق قىلىمىز دېگەن مەنىدە ياسىنغا قارىدىم. ياسىن ماڭا «مۇنداقمۇ هۇنىرىڭ بار ئىكەن - هە» دەۋاتقاندەك مەنىلىك قارىدى.

- ئۆزۈڭ ماقۇل دەپ قويۇپ ماڭا قارىغىنىڭ نېمىسى. بارمىساڭ پۇل خەجلەشكە چىدىمىدى دەيدۇ، بارساق ئۆزىنى هەم ئۆزگىنى ئاياشنى بىلمەيدىغان، ئەرلەر بىلەن ئويناپ يۈرۈشنى شەرەپ بىلىپ ئۇچرىغانلا ئادەمگە دەپ يۈرىدىغان نەرسە بولۇپ قالسا هەر ئىككىمىزگە سەت بولىدۇ. سەن تونۇش بولغاندىكىن بىلىشىدىغانسى-لەر. ئۆزۈڭ بىرنېمە دە.

- مەنمۇ بىرلا قېتىم كۆرگەن. چىرايىغۇ چىرايلىق ئەمەس. لېكىن بەدىنى خېلى قاملاشقان ئايال ئىكەن. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن چېغى.

- ساۋاپ ئالاي دەپسەن - دە. . .

ياسىن بىلەن ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ ماشىنا توسۇپ هېلىقى ئايالنىڭ مەهەللىسىگە بېرىپ دوستى بىلەن ئىككىسىنى ئېلىپ چەت بىر يەرنى نىشانلاپ يولغا چىقتۇق.

هايات دېگەندە ئاجايىپ قىسمەتلەرگە، بىرسىگە بىر نېمە دەپ تىنىشقىمۇ بولمايدىغان پاجىئەلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن كىشى. ئايال بىلەن چىققان قىز يۈزىنى دالدا قىلىۋالغاچقا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەن بولساممۇ ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى هەم يۈرۈشلىرى ماڭا شۇنچىلىك تونۇش بىلىنىپ كەتكەنىدى. ماشىنا مېڭىپ مەهەللىدىن خېلى ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن «بۇ زادى كىمدۇ» دەپ قولۇمدىكى چېكىلىپ بولغان

تاماكىنى كۆچەپ بىر شورىۋېلىپ تاماكا قالدۇقىنى دېرىزىدىن تاشلىغاچ قىزغا قارىسام، كۆزۈمگە زەھەرلىك مىخ سانجىلغاندەك بولدى. يۈرىكىم ئېچىشىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ قىلچە ئاساسىي يوق. چۈنكى ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، ئايالىم ياكى بىرەر تۇغقىنىم ئەمەس، بەلكى مەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئارىلاشقان، كېيىن ئۆزۈمچە ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئۆزۈممۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان، ھەتتا ئايالىمنى «يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆيۈمگە، باللىرىمغا خوجايىن قىلماقچى بولغان، مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ كەلمەي مېنى بۇ ئايال بىلەن تونۇشۇپ قېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن ھېلىقى قىز ئايالنىڭ بېقىنىدا ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك خاتىرجەم ئولتۇراتتى. مەن بۇ گەپلەرنى ياسىنغا قانداق دەيمەن؟ ئەگەر ئۇ مېنى چۈشەنسە، «بوپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى مېنى بىر قېتىملىق ھاماقەتلىكتىن توسۇپ قالدىڭ دەر. ئەگەر چۈشەنمەي ئەسقەر قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا چىدىماي شۇنداق دەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى كەتكۈزۈۋېتىپ قىزغا ئېرىشمەكچى» دەپ ئويلاپ قالسا قانداق قىلىدىغان گەپ؟

مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ھېچنېمە دېمەسلىككە ھەمدە ئېپى بولسىلا بۇگۈنكى ئىشنى بۇزۇۋېتىشكە نىيەت قىلدىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام مەن ياسىندىن نەپرەتلىنىپ قالارمەن. بىراق ياسىن بىلىپ قالسىچۇ. ئۇ بىر ئۆمۈر مېنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇمۇ ئوخشاشلا مەندىن يىرگىنىدۇ. . .

– يىراقلارغا بېرىپ يۈرمىسەكمۇ مۇشۇ ئەتراپتىمۇ خېلى ياخشى جايلار بار ئىدى، – دېدىم قىزنىڭ زىتىغا تەگمەكچى بولۇپ «قىزىم ساڭا دەي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك قىزغا دارىتمىلاپ.

– يىراققا بارمىساق بولمايدۇ. بۇ ئەتراپتا تونۇش - بىلىش كۆپ. ئۇچرىشىپ قالساق تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئايالى بار. ناۋادا ئۇلار ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا چاچلىرىمىزنى يۇڭداپ سازايى قىلماي قويمايدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا بىزگە ياردەم قىلىش تۇگۇل ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىپ قويۇشقىمۇ كارغا كەلمەي قېچىپ كېتەرسىلەر.

– مەن تېخى ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا بىرەر ياتاققا كىرىۋالارمىز دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن.

– ھۇيت، بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز؟ بىرەر شىشە قىزىل ھاراققا كېچە - كېچىلەپ ھەمراھ بولىدىغان قىزلارغا ئوخشىتىپ قالماڭ بىزنى.

قىزنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئەمەس، ئۆزۈمگە ھەتتا يېنىمدا ئولتۇرغانلارغا ھەم كېتىۋاتقان ماشىنىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمىدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن چىقىۋاتقان «سەن دەل شۇنداق ئادەمدىن يىرگىنىشىڭ، سەسكىنىشىڭ كېرەك. بۇنداقلار مەڭگۈ ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم باشقىلارنى قانداق چۈشەنسۇن؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە سەن بىر ئويۇنچۇق، ئۇ سېنى خالىسا كۈلدۈرىدۇ. خالىسا يىغلىتىدۇ. سەن ئۇنىڭ قانچىلىغان ئەرلەرنىڭ ئاچچىق غەزەپ - نەپرىتى سىڭىپ كەتكەن جىسمى، كىم خالىسا تۈكۈرۈپ كېتىۋېرىدىغان تۈكۈرۈك قاچىسىدەك تېنىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇربان بەرمەكچى. سەن ئۇنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى ئۈچۈن ئازدىڭ. يەنە ئازماقچى، بەلكىم مەڭگۈ ئېزىشىڭ مۇمكىن. . .» دېگەن سۆزلەر ماڭا قىز بىلەن بولغان ئىشلارنى ئەسلىتەتتى. ئادەم دېگەن ئۆزگىرەي دېسە بىردەملىكلا ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، ئۇ ئاشۇ گېپى بىلەن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مېنى ئالدىغاندەك ياسىنىمۇ ئالدىماقچىمىدۇ؟ مەن ھەقىقەتەن ئەخمەق ئىكەنمەن. ئۇنىڭ مەندەك ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش چوڭ ئەر بىلەن بىرگە بولۇشىنى بىر خىل كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش دەپ يۈرگەنىكەنمەن. ئۇنىڭ مەن ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ يۈرگەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. ئۇ قانداقمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشالىسۇن، ئارىلاشقان بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقىدۇ. مەن بىلەن ئارىلىشىپ كۆڭلىمۇ، يانچۇقىمۇ توق تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلاپتۇ. بىراق مەن ئويلىماپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ پۇلۇمنى ئويلىغانىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، مەن ئۇنىڭ قويىنىدا ھۇزۇرلاندىم. ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ

بىلدىم. ئۇنىڭ نازلىنىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ يانچۇقۇمنى كولاشلىرىغا قاراپ ئۇنى تولىمۇ شوخ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئۇ نېمىدېگەن يامان - ھە. مېنىڭ پۇلۇم تۈگىگەن، مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسرىم كونىرىغان چاغدا ئۇ مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن بىز تۇنجى تونۇشقان كۈنى كىمنى تاشلاپ كەلگەن بولغىيدى؟ ئەجەبا، ئەر - خوتۇن، قىز - ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىمۇ رىقابەت بولامدىغاندۇ؟ ئەسلىدە بولىدىكەن. سەن ئۆزۈڭنى، يۈز - ئابرۇيۇڭنى، بارلىقىڭنى، تەئەللۇقاتىڭنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەنسەن، شۇ نەرسىنىڭ كويىدا يۈرۈشۈڭ، ئۇنى قانداق قوغداش، قانداق ئاسراش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى تاكامۇللاشتۇرۇشۇڭ كېرەك ئىكەن. مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى ئالماقچى بولۇپ سورىغان پۇلنى بەرمىدىم. دېمەك، ئۇ شۇ كۈنى باشقا بىر ئەرنى تاپقان. ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىپ ئۇنى مېنى رازى قىلغانغا ئوخشاش رازى قىلغان، كۆلدۈرگەن. بەلكىم مەندەكتىن نەچچە ئونى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەندۇ. . . مەن تېخى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ ئۇنى ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. تەڭرىم! بۇنداق يۈز كېلەلمەسلىكلەر، بۇنداق ئالداش، ئالدىنىش قاچان تۈگەر؟ ناۋادا مەن ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمىسام ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرسام تۈگەيدىغان ئىش بولسا مەن كۆنلەپ، ئايلاپ ئەمەس، يىللاپ قاراڭغۇ ئۆيدە تۇنەشكە رازى. . .

- سىلەرنى قانداق قىزلارغا ئوخشاتساق بولار؟ باھايىڭلارغا چىقىشالماي قالمايلى يەنە؟

ياسىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىز ئىتتىكلا ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ - نەپرەت، ئېچىنىش ھېسسىياتىدا قارىغاچقىمۇ ئۇنىڭ ماڭا «سەن مەن بىلەن بولغان ئىشلارنى دوستۇڭغا دەپ قويۇپسەن» دەپ خاپا بولۇپ، ياكى «ئۇنداق قىلما. ماڭا ئامال يوق، ئويۇن دېگەن شۇنچىلىك بولغىنى ياخشى. سەن بەربىر ماڭا ئېرىشىپ بولدۇڭ. سەن زۇۋان سۈرمىسەڭلا مەن ھەممىنى ئۆز يولىدا توغرىلايمەن» دېمەكچىمۇ ۋە ياكى مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ «ھۇ يۈزسىز ئەبلەخ، سەن مېنى ئالداپ، ئۆزۈڭدىن چوڭ ئاياللار بىلەنمۇ ئارىلىشىپ يۈرۈپسەن - ھە؟» دېمەكچىمۇ،

ئىشقىلىپ نېمە مەقسەت - مۇددىئادا قارىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

- تېلېفون ئۇرىۋالغان بولسام، - دېدى ئايال كۆكسىگە قىستۇرۇۋالغان چاقىرغۇسىنى ئېلىپ قارىغاچ.

ياسىن تېلېفوننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى.

- ۋەي، ئابابەكرىما، ھە مەن. قانداق تېپىلدىمۇ؟ نېمە، تېخىچە يوقما؟ مەنمۇ نەچچە سائەتنىڭ ياقى ئىزدەپ تاپالماي دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كەتتىمۇ، شۇ يەرگە بېرىپ باقاي دەپ ماڭغان. چوڭ ئۆيگە تېلېفون قىلسام ئادەم يوق. ئۇلارمۇ ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان چېغى. ھە ھازىر مەن ماشىنىدا، خەپ، ھاراملىقنى تېپىۋالسام پاچىقىنى چېقىۋەتمىسەم. ھە ماقۇل، مەن تېلېفون ساقلايمەن. تېپىلىپ قالسا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، مەنمۇ تېلېفون قىلىمەن.

«ئۆلگۈر قانجىق» دېدىم ئىچىمدە ئايالنى تىللاپ. بالاڭ يىتىپ كەتكەن بولسا شۇنى تېپىۋالساڭ بولمامدۇ. بالاڭنى خەققە ئىزدىتىپ ئۆزۈڭ ئوينىغىلى ماڭغىنچە. . . ئىست، سەندەكمۇ ئانا بولىدىكەن. سېنى قانداقمۇ ئادەم، ئانا دېگىلى بولسۇن؟ سەندەكلەر بىلەن ماڭغان مەنچۇ؟ خەپ خوتۇن، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. ناۋادا سەن مېنى ئازراق چۈشەنگەن، ماڭا ئازراق بولسىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولساڭ بۇ ھازازۇل بىلەن تونۇشمىغان، بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنىمۇ قىلمىغان بولاتتىم. كۆڭلۈم چىۋىن ئەمەس پىت يەۋالغاندەك بولۇپ كەتتى. ياسىن بولسا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى. ئېھتىمال ئۇمۇ ئايالنىڭ قىلمىشىدىن نەپرەتلىنىپ تاماكا چېكىش ئارقىلىق ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغاندۇ ياكى بولمىسا ھېلىقى قىز بىلەن بولىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەندۇ. ئايال يەنىلا خاتىرجەم، يەنىلا شۇنداق تەبىئىي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساغرىسىدىن تارقىلىۋاتقان سۇس، ئەمما ئىللىق ھارارەت سۆڭەكچىمدىن پۈتۈن بەدىنىمگە تارقىلىپ ئايال بىلەن قىلماقچى بولغان ھېلىقى ئىشلارغا قىزىقتۇرۇۋاتقان بولسا، نېرۋامنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئايالنى قانداق قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇش، ئۆزۈمنىمۇ، دوستۇمنىمۇ بۇلغىماي پاكىز پېتى ئۆيگە قايتىش توغرىسىدا چۇقان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەمما ماشىنا، شوپۇر، ئايال، ياسىن ھەم ماڭا «مۇھەببەت» ئاتا قىلغان ھېلىقى قىزمۇ ئۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى قانداقلا بولمىسۇن نىشانغا يېتىش.

مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئوي - خىيالىم بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئەمما مەن ماشىنا قانچە ئۈزۈپ كەتكەنسېرى شۇنچە چىدىماي قېلىۋاتاتتىم. پۇل خەجلەشتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق ئايال ئۈچۈن تۆلىمەكچى بولغان بەدەل مېنى زەھەرلىك يىلاندەك چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئايالنىڭ يۈتۈپ كەتكەن بالىسىنى ئىزدىمەي بىز بىلەن يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئوينىماقچى بولغانلىقى، ھېلىقى ئەرنىمۇ ئالداپ قويغانلىقى ئېسىمگە كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئايال بىلەن قىزغا ھەربىر قارىسام ئۇلارنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ئەڭ بەتبەشىرە، يىرگىنىشلىك بىر خىل مەخلۇقنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى - دە، مەن ئاجرىشىپ كەتسەم ئايالىمنىڭمۇ مۇشۇ ئايالغا ئوخشاش رەزىللىشىپ كېتىشى، بالامغا قارىماي ئۆزى بىلگەن يەردە لاغايلاپ يۈرۈشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ بىرسى سوغ سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ كېتەتتىم. ماشىنا قوشنا شەھەرگە كىرگەندە شوپۇر «نەدە توختايمىز» دەپ سورىدى. مەن ئايالغا قاراپ:

- مەن بۇ شەھەرگە كېلىپ باقمىغان، مۇمكىن بولسا بارىدىغان جايىنى ئۆزۈڭلار دېگەن بولساڭلار، - دېدىم.

- نېمە دەيدىغانسىلەر؟ - دېدى ئايال چىرايىنى تەسۋىرلىگۈسىز سەت پۈرۈشتۈرۈپ، - تېلېفون ئۇرۇپ قويساق بىزنى شەمۇشە ئارىلاپ ئويناپ يۈرىدىغان لالما دەپ قالدىڭلارمۇ؟ بىلمىسەڭلار كېتەيلى بولمىسا.

- سىزنى ھېچكىمگە ئوخشاتمىدۇق ھەم ئوخشىتىپ يۈرگىمىزمۇ يوق. سىزدەك پاك، دىيانەتلىك ئايالنى تاپماقمۇ خېلى تەس. بىز سىزنىڭ پاكلىقىڭىز ئۈچۈنلا بۇ يەرلەرگە كېلىپ يۈرۈپتۇق. بىز بىلمىگەندىكىن سىزنى بىلسە قېينالمايلا جايىمىزنى تېپىۋالايلى دەپتۇق. بەك بولمىسا شوپۇر باشلاپ بارسۇن.

- مۇنداقراق گەپ قىلىڭلار. يېنىڭلاردا پۇل جىق بولسا ئېسىل جايلارغا بارىمىز. ئاز بولسا ئاددىيراق يەرگە بارساقمۇ بولىدۇ.

- مەن تېخى سىزنى ئوينىتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىكەنمەن، - دېدىم ئايالنىڭ يىغىرىنى قاشلاپ ئىشنى بۇزماقچى بولۇپ كىنايە ئارىلاش كۈلۈپ.

- كەچۈرۈڭ، بىز ئۇستەك سىلىپ كۆنمىگەن.

- ئەمىسە، بىز ئۇستەك سالىدىكەنمىز - دە.

ئايالغا ئۆچلۈكۈم كەلگەنسېرى ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمگە مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇم كېلىپ تۇراتتى.

- ئەگەر يېنىڭىز بوش بولسا «ھايت» دېسىڭىز بىز قاراپ تۇرمايمىز.

- ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس.


شوپۇر ماشىنىنى ئالا - يېشىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بىر قورۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ توختاتتى. قارىسام بۇ جايدا ئايالنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تۇتمايلا نەچچە يۈز يۈەننىڭ بېشىغا سۇ قۇيغۇدەكمەن. چاندۇرماي ياسىنغا «قانداق قىلىمىز» دېگەن مەنىدە قارىدىم. ئېھتىمال ياسىنمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلىغان بولسا كېرەك.

- تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھاۋالىق ياخشى جايلاردا ئولتۇرمامدۇق، - دېدى.

مەن «ئەمىسە شۇنداق بولسۇن» دەپ ماشىنا توستۇم. بىرقانچە جايغا بارغان بولساقمۇ ھەممىسى مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندەك بىر ئۆينىڭ كېچىلىك ھەققىنى «ئىككى يۈز يەتمىش يۈەن» دەپ مەھكەم تۇرۇۋالدى. ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئامال بولماي بىر ئۆينى ئىككى يۈز يەتمىش يۈەنگە ئالغان بولدۇق. ئۆيدە كىرىلىشىپ كەتكەن ياستۇق بىلەن يوتقان - كۆرپىلەر قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر تال چىراغتىن باشقا يا ئۇنئالغۇ، تېلېۋىزور يوق بۇ ئۆيگە كىرىپ سىرلىرى چۈشۈپ تازىنىڭ بېشىدەك ئالا - تاغىل بولۇپ كەتكەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كورت ئوينىغاچ ھاراق ئىچتۇق. ھاراقمۇ مەن بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك تەمى باشقىچە تېتىپ ھېلىلا ياندۇرۇپ تاشلايدىغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. بىر - ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ قارىسام ئايال بىلەن قىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ھەيكەلدەك قېتىۋېلىشلىرى نەگىدۇر يوقاپ كۆزلىرىدىن ئەسەبىي شەھۋانىيلىق پارلاپ پىلە قۇرۇتىدەك يۇمشاپ كېتىپتۇ. «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە» دېدىم ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۈلگۈم كېلىپ. ياسىن ھېلىقى قىز بىلەن مۈرىدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى ئارانلا ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا پاراڭلاشقىلى تۇرۇپتۇ. تۇرۇپلا ياسىنغا بولغان ئۆچلۈكۈم قوزغالدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇ مەن كۆرگەن، سۆيگەن، سىيلىغان بەدەننى قۇچاقلايدۇ. خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىرىكىپ كېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ قىزنى قۇچاقلىغانلىقىنى،

سۆيگەنلىكىنى، قىزنىڭ نازلىق ئىنگراشلىرىنى، ماڭا كۆرسەتكەن خۇلقىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرىمەن. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىمەن... تەڭرىم بۇنداق كۆرۈنۈشنى مەن كۆرمەي. ياق، ئۇ نېمە قىلسا قىلسۇن، بولسا قىزنى ئۆلتۈرۈپلا قويسۇن. ئۇنداق نومۇسنى، شەرمى ھايانى بىلمىگەن قىزنىڭ ھايات يۈرگىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى. بىراق ئۇ قىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. قىزنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ نۇرغۇنلىغان ئەرنى ئالدايدۇ، يىلىكىنى شورايدۇ، يانچۇقىدىكى پۇلىنى، تومۇرىدىكى قېنىنى خورىتىدۇ. مەنچۇ؟ مەن يەنىلا ئاشۇ ئايال بىلەن بىللە بولۇشۇم كېرەك. قېرى بولسا نېمە بوپتۇ. ئۆلەمەن قېرى ئەمەس، ئۇمۇ ئازابلانسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئازاب ئېڭى بولمىسا مەيلى. مەن يېڭى تەنگە ئېرىشكەن بولىمەن. ئۇ قانچە كۆپ ئەر بىلەن بىرگە بولسۇن ماڭا بەربىر. ئۇ مەن ئۈچۈن يېڭى. ھېچقانداق خۇشاللىققا ئېرىشەلمىگەن ئۇنىڭدىن ھەم ئۆزۈمدىن نەپرەتلەنگەن، يىرگەنگەن بولساممۇ مەيلى. مەندە يىرگىنىش تۇيغۇسى بولسا، بۇلارغا ئوخشاش قىز-چوكانلارغا نىسبەتەن بىر خىل ئۆچمەنلىك بولىدۇ-دە، مەن ئايالارغا بولغان قىزىقىشتىن قالىمەن.

تۇيۇقسىز چىراغ ئۆچتى. «تاراق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالمىغان بولسام ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى خىزمەتچىلەرنى بولۇشىغا تىللىغان بولاتتىم. ئەمدى كىمنى تىللايمەن. ئايالنىمۇ، ياسىنىمۇ، ھېلىقى مېنىڭ «پەرىشتە» منىمۇ؟ ياق، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۆزۈمنى تىللاي. ئەسكىلىكىمنى، نومۇسسىزلىقىمنى تىللاي. مۇشۇنداق رەزىللىك قىلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلۇمنى يىغىپ قويغان بولسام بالىلىرىمنىڭ ئوقۇشىدىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈشۈمنىڭ ئورنى قالمىغان بولاتتى. مانا ئەمدى ئۆزۈم ئەڭ نەپرەتلەنگەن، يىرگەنگەن ئىككى ئالۋاستىغا، ئۇلارنىڭ ھېيلە-نەيرەڭلىرىگە خەجلىدىم. بىكاردىن بىكار ھە... پۇلنى ئويلىغانسېرى ئىچىم ئېچىشتى. بىراق مەن كېچىككەندىم. ئايالىمغا قېيىداپ قىلغانلىرىم، دوستۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئويلاپ قىلغانلىرىم ھەممىسى ھاماقەتلىك. چۆپىنى يېگەنمۇ، سۈيىنى ئىچكەنمۇ، قاراپ تۇرغانمۇ ئوغرى. ئەمدى ئارىسالدى بولماي ئۇنىڭدىن ئۈچۈمنى ئېلىشىم، خەجلىگەن پۇلنىڭ كۈچىنى كۆرۈشۈم كېرەك. ناۋادا ھازىر كېتىپ قالسام ئۇنىڭ مېنى ھاقارەتلىشى ئېنىق. ئۇنىڭ «يۇمشاقباش بىلەن خوشۇم يوق» دېگىنىنى ئۇنتۇماسلىقىم كېرەك. ئايالنىڭ لەۋلىرىمنى شوراشلىرى، تېقىملىرىمنى سىيلاشلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراق ئىچىمنى ئېلەشتۈرۈپ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۆزۈم زورۇقۇپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئايالغا بولغان يىرگىنىش، سەسكىنىش مېنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمنى بېسىپ كېتىپ باراتتى. قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىۋاتقان پەس، ئەمما نازۇك، يۈرەكنى تىترىتىپ ئۆتىدىغان بىر خىل ئاۋاز، ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان ئىڭراش، مېنى ساناقسىز چۈمۈلىدەك چېقىپ ئارامىمنى بۇزسا، ئايالنىڭ ھاياسىزلارچە سۈركىلىشى مېنى خورلىماقتا ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئايالنىڭ تەرسالىقى-ئەسەبىيلىكى پەسكويغا چۈشتى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەكلىرى تېخىچە مېنى قۇشتەك قامالاپ ئۆزگە تارتىپ تۇراتتى. مەن ئايالنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلدىم. مەن ھەرقانچە كۈچىگەن، ئۆزۈمنى ئۇرغان بىلەن ئۇنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرەپ قويمىغاندەك، مەن ئۇنىڭ بىر تال ھۈجەيرىسىنى ئۆلتۈرسەم ئۇنىڭدا ساناقسىز ھۈجەيرىلەر تىرىلىپ ماڭا خىرىس قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ باغرىدا شادلىنىش ياكى يىرگىنىش ئەمەس، بەلكى بارلىقىمدىن-ھەممە، ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئىدىم. ئۇنىڭ باغرى ئاشۇ تېنى چاڭقاپ، قاغجىراپ كەتكەن جەزىرىگە، ئۇسساپ كۆيۈپ كېتىپ بارغان قۇملۇق-چۆللۈككە ئوخشاش مەڭگۈ قانمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ بىر ئايال ئەمەس، بەلكى ئايال سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئەرلەرنىڭ قېنىنى، يىلىكىنى شوراۋاتقان بەتبەشىرە، ۋەھشىيلىكىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۇنى يېنىمدىن يىراق قىلماقچى بولۇپ ئىتتەردىم. بىراق ئۇنىڭ مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان قولى بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ رىۋايەتلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم-دە، ئۆزۈمنى «چۈش كۆرۈۋاتقان بولسام كېرەك. ئويغىنىپلا كەتسەم مەن ئۈچۈن يەنە كۈن چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئەنسىرەپ، تەشۋىشلىنىپ يۈرۈشۈمنىڭمۇ ئورنى قالمايدۇ» دەپ ئالداشقا باشلىدىم.



# نۇر ئىزدەش

(نەسرلەر)

ئوسمان قاۋۇل

## ئانا تىلىم ـ جان تىلىم

چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە روھىم ئۇ دۇنياغا كەتكەنمىش... ئۆزۈم ئۇنى ئىزدەپ يىغلاپتىمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.

ياتقان يېرىم بۈيۈك خانتەڭرىنىڭ چىمەنلەر بىلەن بېزەلگەن جەننەتتەك باغرى، مۇڭلۇق ۋە ئىزگۈلۈككە تولغان تارىم، ئىلى شاۋقۇنىنى ئاڭلىنارمىش، چەكسىز كەتكەن ئانا تۇپراق تېنىمگە ھارارەت بېغىشلارمىش... ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يېتىپ كۆرمىشلىرىمنى ئەسلەر ئىمىشمەن. ھەممە ياقنى غېرىبلىق تۇمانى قاپلاپ قەلبىم چوڭقۇرىنى تەشۋىشلىنىك ئۇيلار چىرمىغانمىش. ماڭا تەسەللى بەرگۈدەك نە ئاتا ـ ئانام، نە قېرىنداشلىرىم يوق، ھەتتاكى ھاياتىمغا ئۈمىد ۋە رەڭدارلىق تەقدىم ئەتكەن يارىممۇ يوقمىش. كىممۇ يېتەر مېنىڭ ھالىمغا، دەپ ئىزتىراپ چېكەرمىشمەن، يىغانىم ئىپتىلارمىش جانسىز باغرىمدىن...

شۇ چاغ بىر جۈپ سەپەرداش قەبرەم يېنىدىن ئۆتكىدەك، شاد ـ خۇرام سۆھبىتىدە ياڭرارمىش ئۇيغۇر تىلى ـ ئانامنىڭ تىلى... دىلىم يايراپ، كۆزلىرىم نۇرلىنىپ كېتىپتىمەنمىش ئۆلگىنىمنى تامامەن ئۇنتۇپ. ئۇلارنىڭ سۆزلەشكىنى ئۇيغۇر تىلى بولغاچ ماڭا كىردى قايتا جان. قېرىنداشتىن ئايرىلغاندا يىغلىغان شۇ تىلىمدا قوشاق قېتىپ ئەجدادىم. تىل تېنىمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۇ قان ـ يىلىك مەن ئۇچۇن، ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتكە كېلەر ھەر دەم يۈرىكىم، پىكرىم شۇ تىل تۇپەيلى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈل، نىرۋامدىكى ھەر ھۈجەيرە ئۇنىڭ بىلەن پاك ـ پارىل... قايسىبىر ئىلغار تىلدىن كەمدۇرسەن دەپ ئويلارمەن. بەش مىڭ يىللىق تارىخىمنى ئوقۇدۇم شۇ تىل بىلەن. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ تىلىمغا تەندە بولسا مىڭ جېنىم پىدا قىلاي كەمكۈتسىز. يوقالماستۇر ئانا تىل. ئۇنىڭ بىلەن مەۋجۇت ئېلىم ھەمدە سەگەك دىل ـ ئېڭىم. غالىبلىقتىن قالسا تىلىم رازىدۇرمەن ئۆلۈمگە.

ئۇ بۈيۈكتۇر مەن ئۇچۇن قۇچمىسىمۇ جاھاننى، ياكى قۇدرەت ـ كامالى يەتمىسىمۇ پەلەككە، ئۇنىڭ بىلەن تونۇدۇم جەۋھىرىنى ئالەمنىڭ، ئوغۇز، بۈكۈ، مەھمۇتنىڭ قەلبىنى مەن ۋاراقلاپ، ھازىرىمنى كۆردۈممەن نۇرى ئۆچمەس كۆز بىلەن. ئانا تىلدا ۋىسالغا يېتەر مېنىڭ مۇرادىم، ئۇنىڭ ئەزىز، مۇھتەرەملىكىگە تەڭداش يوقتۇر جاھاندا. ئۇ خىرىسلار قاينىمىدا قەددىن كېرىپ تىك تۇرار، مەدەنىيەتنىڭ شالغۇت بايرىمىدا يەنە پارلاپ نۇر چاچار. ئانا تىلدا ئۇيغۇرمەن يوقاتمىغان ئەسلىنى، ئۇنتۇمايمەن ئۇنى ھېچ بولسامۇ بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئاداققى ئادىمى... ئۆتمۈشۈمنىڭ ئەڭ قەدىم باغرىدىن كەلگۈسىنىڭ ئەڭ يىراق قوينىغىچە ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىمەن. كۆرىمەن ھەم ۋەتەننىڭ گۈل ـ چېچەكلىك قوينىنى، يەتكۈزىمەن ئەۋلادقا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى... مەيلى بولاي ھەر جايدا ئاڭا دىلدىن جان پىدا، ئانا تىلىم تەھسىنىم ساڭا بولسۇن ئىقتىدا، ئۇنىڭ بىلەن نان يېدىم ھاياتلىقتا بىر ئۆمۈر، كىرسەم قارا تۇپراققا ئوقۇلۇپ بىر مەرسىيە پاساھەتلىك تىلىمدا ئادىمى نامىم يادلىنار، ھېچبولمىسا ئوغۇل، قىزىم قەبرەمگە قاراپ، بۇ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىدىغۇ، دەپ ئەسلىشەر...

چۆچۈپ چۈشتىن ئويغاندىم «ئانا» دېگەن ئۇلۇغۋار ۋە جاراڭلىق تىلىمدا، ھاياتىمكى، تىلدىكى قۇدرەت بىلەن گۈزەللىك تۇغ كۆتۈردى دىلىمدا...

# نۇر ئىزدەش

خاس خانەمدىكى رەڭدار گۈللىرىمنى پەقەت سەن ئۈچۈنلا ئۆستۈردۈم. ئۇنىڭ نازۇككىنە بەرگىلىرىنىڭ بوشقىنە ھىلپىرلىشى بىلەن تەڭ يۈرىكىم رىتىمسىز سىلىپ كەتتى. ۋۇي، ھىلىقى سەن ماڭا ئۇرۇقىنى تەقدىم قىلغان رەيھان كۆرۈنمەيدىغۇ؟ . . .

تىت - تىتلىق ئىچىدە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدۇم، ئويلىغانچە كۆز ياشلىرىمنىڭ تۆكۈلۈۋېرىپ ئۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئەسلىدە سېنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق يالداماڭنى ساقلىيالمىغاندە-كەنمەن ئامرىقىم. . .

شۇ كۈندىكى كۆڭۈل غەشلىكىدىن كېيىن كەڭ تەبىئەت قوينىغا قايتىپ چىقتىم. مېنى، روھىمنى، تىلەكلىرىمنى ۋە كەلگۈسىمنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ قويغان ئىشخانامغا مەڭگۈ سولىنىپ ئۆلتۈرۈۋېرمەسلىكنى نىيەت قىلدىم.

دالا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تۈرلۈك تۈمەن گۈللەر بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق بېزەلگەندى، شۇنچە ئىزدىگەن بولساممۇ ئەپسۇس، ئاشۇ خىلدىكى رەيھانگۈلنى پەقەت تاپالمىدىم، قېنى مېنىڭ رەيھانگۈلۈم؟

نالە - پەريادىم كۆككە يېتىپ مېنى تېخىمۇ مىسكىن ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇ پەريادىم تۈپەيلى كۆك يۈزى تۇتۇلۇپ ھەممە يەرنى سېنىڭ چېچىڭدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. كۆزۈڭمۇ قارا، چېچىڭمۇ قارا، سېنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ پۇچۇلانغان يۈرىكىممۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا قارا. مەن بۇ قارىلىق ئىچىدىن سەن چولپانىمنى ئىزدىدىم. ئەپسۇس، چولپانىم ھەم يوق ئىدى.

ندا قىلىپ تاغلارغا باقتىم، تاغلارنىڭ ھېچقايسىسىدا سېنىڭ قەددىڭگە تەڭ كەلگىدەك يورۇقلۇق ۋە جەزبىلىك يوق ئىدى. تاغلار، ماڭا يارنىڭ قەددىنى بەر، دەپ چۇقان كۆتۈردۈم. چۇقانىم چۇقان پېتىچە قالدى. مېنىڭ ھالىمغا كىم يېتەر؟ . . . دېگەن نائۈمىدلىك تۇيغۇسى قەلبىمنى چىرماپ مېنى تېخىمۇ گاراڭلىققا مۇپتىلا قىلدى.

ئىزدەشلىرىم نەتىجىسىز ئىدى. چۆللەر مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك تەسەللى ئىدى. چۈنكى مەن ئاشۇ چۆل قوينىدىلا ئۆزۈمنى ئازادە، غەمسىز سېزەتتىم.

چۈنكى، سەن بارلىق گۈزەللىكىڭ بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەس چۆل پەرىشتىسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدىڭ. . .

سەن چۆل قوينىدا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، قۇملاردىن نۇر ھارارەت ھاسىل قىلىپ بۇ ئالەمنى ئەبەدىي يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەنىدىڭ، كۆزۈڭ نۇر، سۆزۈڭ نۇر، جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئاشۇ كۈندەك يۈزۈڭ نۇر، جىمى ئەزايىڭدىن سۈتتەك ئاقلىق يېغىپ تۇرغان تېنىڭ نۇر ئىدى. شۇ نۇر بىلەن تاۋلىنىپ مەنمۇ بۇ مۇقەددەس يورۇقلۇقنىڭ ئاشناسى بولدۇم. رەيھان، چولپان ۋە بارلىق سەن ئۈچۈن مۇلايىم مۇلازىمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

ئەسلى نۇر ئىكەنسەن ئەمەسمۇ شۇ تاپ. تۇۋا قىلدىم. نۇرغا ئايلىنىپ تۇرۇپ نۇر ئىزدىگىنىم نېمىسى ئەمدى؟ ! . . .

# ئايغا سۆزۈم

ۋاقىت گۈللىرى تۆككەندە چېچەك،
بەلكىم مېنى ئۇنتۇپ كېتەرسەن.
- ئەيبۇ ياقۇپ

قەلبىمنى تۇيۇقسىز بىر خۇشپۇراق قاپلىغىنىدا، ئۇنى سەن پەرىشتەمنىڭ يالقۇنلۇق تىنىقى دەپ بىلىمەن. سېنىڭ ھەر بىر چىرايلىق قىلىقلىرىڭ خىيالىمنى ئەسىر قىلىپ ئۆز ئىلكىگە ئالغىنىدا ئىختىيارسىز «ئۇھ. . .» دەپ ئېسەدەپ كېتىمەن. كۆكرەك قەپەسىمدىكى بۇ ئاجىز يۈرىكىم شۇ چاغدا گويا كەچكۈز شامىلىغا دۇچ كەلگەن بىر تال ياپراقتەك تىترەپ كېتىدۇ. سېزىمىنى يوقاتقان ۋۇجۇدۇم سەن ھەقتىكى تاتلىق ئەمما ئىزتىراپلىق كەچمىشلەرگە گىرىپتار بولغىنىدىن قىلچە ئۆكۈنۈش ھېس قىلمايدۇ.

ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىڭ بىلەن قەلبىم خانىسىگە تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىرگىنىڭدە ئۆزۈم خۇددى ساماۋى چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ شوخ پەرىزاتلار ئارىسىدا بەختتىن مەست بولۇۋاتقاندەك

تۈيغۇغا كېلىپ قالىمەن. شۇ چاغدا قايسى بىر ئۇلۇغ شائىرىمىزنىڭ:

«مەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس سېنى كۆرگەندىن بېرى»

دېگەن گۈزەل مىسراسى ئېسىمگە كېلىپ بىر بەختىيار كۈلكە زىناقلىرىمغا تېپىپ چىقىدۇ. كۆزلىرىڭدىكى خۇمالىق بېقىشلار ئەقلى - ھوشۇمنى چىرماپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىدۇ. سەن ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگىسەن. مېنى ئۆزىگە تارتىپ، يالقۇنىدا كۆيدۈرگەن جامالىڭ خۇددى جاھاننى ئىللىتىپ، ئالەمنى چەكسىز مېھرى بىلەن ئەللەي ئەتكەن سۆيۈملۈك قۇياشتەك چاقناپ ھەر دەقىق ئۆز سەنىمگە دەسسەتمەككە ئۇرۇنىدۇ.

ئويلاپ كېتىمەن سەن ھەقتىكى خىياللىرىمنى تۈگىمىسكەن دەپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ قەلبىڭدىكى شېرىن ئەسلىمىلەرگە چاڭلار قونسا، مەن ھەقىقەتەن ئالدىڭدىكى ئېتىبارسىز غازاڭغا ئايلىنىپ قالارمەنمۇ؟ شۇ خىياللىرىمنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ كېتىمەن ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ - ھەي، جاھاننىڭ ئەڭ لەززەتلىك دەقىقىلىرى ئاشۇ بىر قېتىملىق قاپاق تۇرۇشۇڭ بىلەن تۈگەپ كېتەرمۇ؟

ئاخشاملىرى كۈمۈشتەك ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپ زەن قويۇپ ئوقۇپ كېتىمەن ئايغا ئىسمىداش ئىسمىڭنى... كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن سېنىڭ ئوماق جىسمىڭنى...

سەن خالىساڭ ئالدىمغا كۈندەك كۈلۈپ كېلىسەن ياكى بەختىم كۆكىدە ئايدەك پارلاپ تۇرىسەن. گۈل بەرگىمۇ ۋە ياكى كېپىنەكمۇ سېھىرلىك، مېنى شۇنداق جىلۋەڭدە تۈنۈ - كۈنۈ ئۆتىسەن، شۇنداق قىلىپ ماھۇقتەك قوللىرىڭدا يۈرەكنى چىڭ قامالاپ تۇتىسەن.

گۈللەر توزۇيدۇ، دالا يېشىللىقىنى قار قاپلايدۇ، چاچلار قار توزۇنلىرىدەك تۇسكە كىرگەندە بۇ گۈزەل ئەستىلىكلەر يۈرەكنىڭ چوڭقۇرىدا قۇتراپ، تومۇرلارغا قايتىدىن سۇ يۈگۈرۈشكەندە بەلكىم ئۆزۈڭنى ئانچە بەختسىزلەردىن ئەمەس مەن، دەپمۇ ئويلاپ قالارسەن! ئېھتىمال مېنى ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك ئەسىر قىلىۋالغىنىڭدىن ئىپتىخارلىنىپمۇ قالارسەن. چۈنكى شۇنداق بولۇشقا سەن تامامەن ھەقلىقسەن. شۇ چاغدا بىر تال سەرسان ياپراقتەك تىترەپ تۇرۇپ بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان مەشۇقۇڭنى ئويلاپ قويارسەن، رەھمىڭ كەلسە تېخى ئاڭا ئۇتلۇققىنە بىر سۆيۈش ھەدىيە قىلارسەن... پەقەت بىر سۆيۈش...

ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرسا گۈزەل چاغلارنى،
دىلبىرىم كۆز يېشىڭنى بۇلاق ئېتەرسەن.
ياراتساڭ ئەگەردە بىرەر سۆزۈمنى،
تۇمارچە پۈتۈپ مەڭگۈ ئېسىپ يۈرەرسەن!

## مارت، كەيپ بىر ئىنسان

چىڭقى چۈشتىكى قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈ ئاپتاپلىرىغا چۆمۈلگەنمۇسەن؟ ئەتراپ تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىقتا تەنلەرنى چوغ ئۈستىدىكى كاۋاپتەك قورۇپ، كۈمۈشتەك تەر تامچىلىرىنى چېكىلەردىن ساقىتقان چاغدا ئېھتىمال شوخ ۋە يېقىملىق ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان بىللۇركۆز بۇلاقلار كۆز ئالدىڭغا كەلگەن بولغىيتتى. زېمىننى، تاغلارنى، دېڭىزنى، مېنى ئەنە شۇنداق قىسمەتكە دۇچار قىلغان چىڭقى چۈشتىكى كۆيدۈرگۈ قۇياش دەل ئۆزۈڭسەن.

تاغۇ - تاشلارنى ئېرىتىپ، لوغۇلداپ، يامراپ چۈشۈۋاتقان لاۋا جاھاننى كۆيدۈرۈپ گويا سېنىڭ ئوتلۇق تىنىقىڭ، يالقۇنلۇق لەۋلىرىڭ، زور ئېرىتكۈچى قۇدرەتكە ئىگە ۋۇجۇدۇڭ كەبى خىسلىتى بىلەن تەن قەسرىمگە ئېقىپ كىرگەندە ئۆزۈم پەقەت ئۆزۈم بولالماي قالدىم. سەن ئاشۇ قۇدرەتلىك ۋولقان، مەن تاغ باغرىدىكى بىر تال كۆرۈمسىز، مىسكىن تاش ئىدىم؛ سەن ئاشۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوت شارى، مەن بىر تال يۇمران گىياھ ئىدىم؛ سەن جاھاننى يالماپ كېلىۋاتقان غايەت زور قىزىللىق، مەن ئالدىڭدا ئامالسىز بىرگىنە قۇشقاچ بالىسى ئىدىم. تىز چۆكەتتى تاغلار ئالدىڭدا...

چەكسىز دالا قوينىدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇرغان ياۋا گۈللەر پەقەت سەن بولغاچقىلا ئاشۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرگەن، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئۇنى ئەنە شۇنداق مەيىن يەلپۈتكەن، ئىنچىكە قىل تومۇرلىرىغا ھاياتلىق

سۈيى يۇگۇرتكەن، جەزبىدار چىچەكلىرىنى خۇشبۇيىغا تولدۇرغان كارامەت ئىگىسى سەن ئىدىڭ، ئەي قەدىردان.

شۇ تاپتا «پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چىركاۋى»[①] ئىسمىگە كىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەتبەشىرە ئادەم كاشمودۇ ئىسىڭدىمۇ؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھايات گۈزەل، كىشىلەر ئارا مېھىر - مۇھەببەت بولغاچقىلا ھەممە ئۇلۇغ ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ھايات بىلەن ئۆلۈم مەسىلىسىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس. مەن بۈگۈن ساڭا ئېرىشكىنىم ئۈچۈنلا كىشىلىك دۇنياغا ئەنە شۇ كاشمودۇنىڭ نەزىرى بىلەن قارايمەن.

ھەئە، سەن بۇ جاھاننىڭ كۆركى - زىننىتى، ۋۇجۇدۇمنىڭ جېنى - رىغبىتى، كۆزلىرىمنىڭ نۇرى - قۇۋۋىتى، يۈرىكىمنىڭ بېغى - ھېكمىتى...

تېنىڭدىن بالقىغان مەززىلىك پۇراقنى خوتەن ئاھۇسىنىڭ كىندىكىدىن ئالدىڭمىكىن، دەپ قىياس قىلىمەن. بولمىسا ئۇنچىۋالا تارتىملىق بولۇپ قەلبىمنى نەچچە كۈنلەرگىچە ئەسىر قىلارمىدىڭ، دىلدارىم؟ چىرايلىق كۆزلىرىڭنىڭ قارىقى يۈرىكىمنىڭ ئىشقىي دېغىدىن رەڭ ئالدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. بولمىسا سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ھەر بارە باققىنىمدا ۋۇجۇدۇم خۇددى قىيامىغا يېتىپ پىشقان قارىقاتنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەن چاغدىكىدەك چۇچۇمەل لەززەتكە چۆمەرمىدى، جانۇ جاھانىم؟!

يېقىملىق بىر جىلۋە قىلغان ۋاقتىڭدا قىياقتەك قېشىڭنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق ھىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ مەن ئۇنى باھارنىڭ تۇنجى ئېيىدا چىققان ھىلال ئايمىكىن، دەپ ئويلايمەن. يەنە بىر ھىمىرىشىڭنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي چىمەنلىكتىكى ئېرىقتا ئۇسسۇل ئويناپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ لېۋىنى سۆيۈپ تۇرغان گۈلسۇرۇخنىڭ بەرگىمىكىن، دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىمەن.

سېنى ئويلىسام ئالەم مەڭگۈ قىز پېتى تۇرىدىغاندەك، گۈللەر توزۇمايدىغاندەك، ئادەملەرنىڭ قەددى پۈكۈلمەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. تەڭرىمۇ كۆكتە تۇرۇپ بىزنى ئالقىشلاۋاتقاندەك، يەلكىمىزدىكى پەرىشتىلەرمۇ سۆيگۈ ھەققىدىكى ناۋالىرىنى بىز ئۈچۈنلا تەقدىم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەي كۆيلىرىمگە مەنە بەرگۈچى...

سېنى يەنە، يەنە نېمىدەپ تەسۋىرلەي؟...

... ...

سەن مەن ئۈچۈن ھەممىدۇر ھەممە،
كەتمە جېنىم، باغرىمدىن كەتمە!

# كۈتۈش

## مەريەمگۈل ئابدۇرېھىم

قەلبىم ساڭا نىسبەتەن ئېيتىپ تۈگەتەلمەيدىغان ناخشا ۋە ئىزھارلاپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان تىۋىشلارغا تولغان. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى سېنى كۆرمىدىم، يەنە كېلىپ مىليون يىللارغىچە سېنى كۆرۈش ئېھتىمالىم يوق. مەن قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم. مەن مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سەندىكى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇقتا تولغان زۇلمەتلىك كۆزلىرىڭنى، قارا رەڭدە قاتقان سوغۇق يۈرىكىڭنى كۆرىمەن. سەندە شەرق ئېپوسلىرىدا سۈرەتلىنىپ كەلگەن ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلارغا خاس قىزىققان روھ، قورغاق ھەم چاڭقاق قەلب، زەرەتلىنىش ھەم غىدىقلىنىشقا تەييار پىسخىكا - قىسقىسى، سەندە ھاياتلىققا تولغان ھەم مەن مەپتۇن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەم. سەن ئادەم ئىشەنگۈسىز رېئالنى ھەم ھەقىقىيلىققا ئىگە. شۇنچە رېئالنى بولۇشىڭغا قارىماي باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشنى، پەقەت ئۆزۈڭگىلا خاس

① كىنو ئىسمى، ۋىكتور ھيۇگونىڭ رومانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن.

بولغان نەرسىلەرنى ئۈن - تىنسىز نامايان قىلىشنى بىلىسەن. شۇڭا مەن هامان سەن بىلەن تىركىشىشكە ئامالسىز.

سېنىڭ نەدىلىكىڭ ماڭا ئايان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مۇهىم بولغىنى سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ. سەن مۇشۇ مەۋجۇتلۇقۇڭ هەم بۈگۈنكى كۈندە كۈنسېرى يوقىلىپ بېرىۋاتقان پەقەت سەندىلا هەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلىۋاتقان مۇشۇ خاراكتېرىڭ بىلەن مىڭلىغان روھ ۋە قەلبلەرنى ئاپتاپتەك ئىللىتىپ تۇرىسەن. سېنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى قىياپىتىڭ بىر ئاددىي ئىشلەمچى. بۇ بىر ساختا كۆرۈنۈش. ئەمما سەن مېنىڭ بۇنى پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچ تۇرغۇزمىغان. سەن يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلىپ كۆزلىرىڭدىن كۆزلىرىمگە، يۈرىكىڭدىن يۈرىكىمگە، روھلىرىڭدىن روھلىرىمغا سىڭىپ كىر. قەلبىمدە بىر تىلسىمات بار. ئۇنى سەن پەيدا قىلغان. سەن ئۇنى بىكار قىلىپ ئۇنىڭغا يۈزلەن. ئۇنىڭغا سېنى تاڭ قالدۇرىدىغان نەرسىلەر - يېشىل ۋە ئاقۇچ نۇرلاردىن لىققىنە تويۇنغان سەبىي بىر جىلۋە بار. ئۇ يىللاردىن بېرى كۈتۈشتىن ئوزۇقلىنىپ شېرىنلىشىپ، سىرلىقلىشىپ بارماقتا. ئەجەبا، سېنىڭ راستىنلا قەلبىڭنى قىزىل چوغدەك يېلىنجاتقۇڭ يوقمۇ؟

# مۇھەببەت ناخشىلىرى

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

## قايغۇ

نېمىشقا قايغۇرىسەن؟

ۋاقىت گويا چۈش مەنزىرىلىرىدەك هەممە نەرسىنى غۇۋا لەيلىتىپ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. مەن پەقەت ئۇنىڭ لەرزان تىۋىشلىرىنىلا ئاڭلىدىم. تۈيغۇمدا ئۇنى ئۇزاق ساقلاپ قالماقچى ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەكىلسىز كۆلەڭگىلىرىنى هاياتىمدىن بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئاه، ئەركەم، قوللىرىڭنى تۇتمايلا سېنىڭ قايغۇلۇق جامالىڭ تۆكۈلدى. مەن سېنىڭ بۇ قەدەر ئاچچىق توقۇلما ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىمەن. كەل پىچىرلىشايلى. ئاشۇ مەنزىرىلەر، سۈرەتلەر ئەسلەردىن كۆتۈرۈلسۇن.

كەل، ئامرىقىم كەل. بىز ئۆتمۈشنىڭ ئازابلىق خاتىرىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى هازىرنىڭ هاياجانلىق مىنۇتلىرى بىلەن پىچىرلىشايلى.

بىلىمەن ئەركەم، بىلىمەن. سەن قەلبىڭدىكى ئاشۇ تاتلىق كەيپىياتنى بۇزۇشقا چىدىمايسەن. تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىغا يۈزلىنىشنى خالىمايسەن. ئەجەبا، سەن دالىدا ئېچىلغان بىر تال گۈلگە ئوخشاش شۇنچە ناتىۋانمۇ؟ بىلگىنكى، مۇھەببەت گۈللىرى بىر - بىرلەپ توزۇپ كەتكەندىمۇ ئۇ بەربات بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ چەكسىز ناۋاسى دالىلاردا ساقلىنىپ قالىدۇ.

سەن باهارنىڭ مۇڭ ۋە هەسرەتلىرى ئىچىدە تاڭ گۈگۈمى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىڭ. هەممە نەرسە ئۆز قارارگاهىنى تاپتى. كۆز مەنزىرىلىرى ئۆزىنىڭ ياز پەيتىدىكى چېهرىنى يىغىشتۇرۇپ يىراقلارغا ئۇزۇپ كەتتى. يول بويىدىكى گۈللەر رەڭگارەڭ بەرگىلىرىنى بىر - بىرلەپ توزۇتۇپ تاشلىدى. ئاه، هەممە نەرسە ئەنە شۇنداق تىۋىشسىز غايىب بولدى.

سەن زادى نېمە ئۈچۈن قايغۇرىسەن؟ ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى مەڭگۈلۈك دەپ قارىغانمىدىڭ؟! سېنىڭ ئازابىڭ هەممە نەرسىنى ئۆزۈمگە تەئەللۇق دەپ قارىغانلىقىڭدا. هالبۇكى، تەبىئەتنىڭ شاد - خۇراملىقى ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى خۇشاللىق بىلەن باشقىلارغا تەقدىم قىلغانلىقىدا.

يازنىڭ ئاپئاق ئاپتىپى هەممە نەرسىگە بىر

خىل ئىللىقلىق بەخش ئېتىپ، ئۇلارنى شېرىن چۈش ئىچىگە غەرق قىلدى. ھالبۇكى، كۆزنىڭ سوغۇق قوللىرى ھەممە مېۋىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ تاشلىدى. پەقەت ئالدىڭغىلا قارىساڭ نېمىنىڭ كەلگۈسى ئىكەنلىكىنى تونۇيسەن. ئارقاڭغا قايرىلغاندا بولسا نېمىنىڭ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قېلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

يازنى ئىزدىسەڭ ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ چۈش پارچىلىرى ئىچىدە غايىب بولدى. كۈز ئىلكىڭدە تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. سەن نېمىشقا باھارنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسەن. قايغۇرساڭ قايغۇنىڭ چېكى يوق. ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. سەن ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن قايغۇرامسەن ياكى ئىلكىڭدىكى نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ؟

ئاھ، زادى نېمە ئۈچۈن قايغۇرىسەن؟

## مەن يەنە كېلىمەن

مەن يەنە كەلدىم.

ئىشىك - دېرىزىلىرىڭ مەھكەم تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. قەلب دېرىزىلىرىڭنىمۇ مەھكەم تاقىغان ياكى ئوچۇق قويغانلىقىڭنى بىلمىدىم. مەن خۇددى بىر ئازغۇن سەيياھتەك بۇ يەردىن ھېلىلا كېتىپ قالغىنىمنى ئۇنتۇپ قالغان ھالدا يەنە كەلدىم. راست، مەن بۇ يەرگە پات - پاتلا ئېزىپ كېلىپ قالىمەن.

گۈگۈم ناخشا ئېيتىپ ئۆز تىۋىشىنى جىمجىت يوللارغا تۆككەن. شەبنەم چۈشلىرى ئارىسىدىن چىرايلىق شەكىللەرنى چىقىرىپ ئۇيقۇ ئىچىگە غەرق بولغان. مەھەللە ئۆز سۈكۈتى ئىچىگە چۆشۈپ، جىمجىتلىقنى كۆزىتىۋاتقان پەيتتە مەن يەنە پەيدا بولىمەن. مەن سەن كۈتكەن، سەن ئويلىغان ۋاقىتتا ئۆزۈم خالىغان شەكىل ۋە قىياپەتتە پەيدا بولىمەن.

ئۈزۈندىن بېرى سېنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلمىدىم جېنىم. ئەمما مەن ساڭا ھامان بىر كۈنى ئۇچرىشىپ قالىدىغاندەك، سېنى سۆيۈشلىرىمنىڭ چەكسىز ناخشىغا ئايلىنىپ مەھەللەڭدىكى يوللارنى تامام قىلالايدىغاندەك، سۆيگۈ شېخىدىكى قۇشلارنىڭ ھامان سېنىڭ چۈش سارىيىڭدا ئۆز قانىتىنى چوقۇلاۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىختىيارسىز يېنىڭغا كېلىپ قالىمەن. رىۋايەتلەردىكى تۆمۈر كەشنى كىيىمەن - دە، تۆمۈر ھاسامغا تايانغان ھالدا سېنىڭ ئاشۇ تاقالغان ئىشىك - دېرىزەڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدىغان يولنى ئىزدەيمەن. مەن مۇشەققەتنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلىمەن. ئەمما ھەرقانچە ئېغىر مۇشەققەتلەرمۇ مېنىڭ مۇشۇ ئېغىر تۆمۈر كەشىمدەك ئاستا - ئاستا ئۇپراپ تۈگەيدۇ. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا ھەممە ئېغىرلىقىمنى تاشلىۋەتكەن ھالدا يېتىپ كېلىمەن.

مەن يەنە كېلىمەن، جېنىم، يەنە كېلىمەن. خالىساڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىڭنى كەڭ ئېچىۋەت. خالىساڭ ئىسمىمنى چاقىر، خالىساڭ يوللىرىمدا كۈتۈپ تۇر. يەنە خالىساڭ مېنى بىر يولۇچى ياكى ئېزىز مېھماندەك ھۇزۇرۇڭدا قوبۇل قىل، ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، مەن سەن ئويلىمىغان ۋاقىت ۋە سەن ھېس قىلمىغان دەقىقىلەردە تۇيدۇرماستىنلا يېتىپ كېلىمەن.

## جىمجىتلىق

ياز گۈللىرى گۈگۈم شەپىسى ئاستىدا ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. كېچە شامىلى ماڭا تاتلىق بىر چۈشنى ئوغرىلاپ بەردى. مەن چۈش دۇنياسىنىڭ نەقەدەر يىراق ساھىلىدا سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن يەلكەن چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆز سەپىرى ئۈچۈن كېمىسىگە نۇرغۇنلىغان يېشىل مەنزىرىلەرنىمۇ قاچىلىۋالغانىدى.

تۈن بەرگىلىرى ئۇيقۇ ياپراقلىرى ئۈستىدە قانات يايدى. ھىلال ئاي شولىسىنى ئۆز سۈكۈتى ئىچىگە يوشۇردى. قوللىرىمدا بىر شەپە ئويناپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلمەكچى ئىدىم. خۇددى بىر غەمكىن قۇشتەك تۈتۈلۈپ قالدىم.

ياز ناخشىلىرى ئارىسىدىن بىر تال گۈلنى ئۈزدۈم - دە، ئۇنىڭغا كېچە جىملىقىنى ئويغىتىشنى ئېيتتىم. ئۇ شۇئان سۆزگە ئايلىنىپ سىرتتىكى شاماللار بىلەن پىچىرلىشىشقا

باشلىدى. قۇشلار سايراشتىن، سۇلار ئېقىشتىن، ۋاقىت مېڭىشتىن توختىدى. ئالەم سۈكۈتكە چۆمدى.

جىمجىتلىق ئىچىدىن قايتىپ چىقتىم. ھۇجرام ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن ئۈيقۇلىرىم بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشتۈم ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر تاۋۇشى ئارىسىدىن ھېلىقى چۈشلەر ئۈچۈن جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدىم.

تۈن غايىب بولدى. ناخشىلار ئۆز ئېقىمى ئىچىدە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. كەچكۈز باغرىدىكى سەرسان يوپۇرماقلار قوينۇمغا تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن سەرگۈزەشتىلىرىم ماڭا يەنە بىرتالاي شېرىن ئازابلارنى ئەكېلىپ بېرەمدىغاندۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

## ئىلتىجا

مۇبادا سەنلا مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىشنى خالىساڭ ئىدىڭ ئەركەم، مەن بارلىق ئېتىقاد ۋە سەمىمىيىتىمنى ئېلىپ سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا سالامغا بارغان بولاتتىم. بەزىدە ئېتىقادىم قەدىرلەنمىگەن، سەمىمىيىتىم خاتا چۈشىنىلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنى مۇقەددەس بۇيۇم سۈپىتىدە ساڭا ھەدىيە قىلغان بولاتتىم.

بەخت مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ، ئۇنى تېتىپ بېقىش شۇنچە ئوڭاي. ئەمما ئۇنى ھەقىقىي مەي باغلىتىپ ۋايىغا يەتكۈزۈش شۇنچە تەس. چۈنكى ئۇنىڭ بەزىلىرى چېچەك پەسلىدىلا توزۇپ كېتىدۇ. بەزىلىرىنى غورا ھالىتىدە شامال قېقىۋېتىدۇ. يەنە بەزىلىرىنى بولسا تەقدىر ئۆزلۈكىدىنلا نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

ئەمما، ئامرىقىم، مەن قەلبىمدىكى سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرىمنى بىر مۇقەددەس شېرىن مېۋە سۈپىتىدە سۇناتتىم. دەرۋەقە ئۇنىڭغا مېنىڭ بارلىق ئېتىقادىم، سەمىمىيىتىم، تەلپۈنۈشلىرىم ۋە ئاغرىنىش، ھەسرەتلىرىم سىڭگەن. ئۇنىڭ بىرلىرى ئالەمچە شادلىققا تولغان بولسا، يەنە بىر تەرىپى چەكسىز ھەسرەتكە تولغان. بىلگىنكى، ئەي گۈل، ئۇنىڭ ھەسرىتىمۇ شادلىققا ئوخشاش لەززەتلىك ۋە گۈزەل ئىدى.

ئەجەبا، سەن ئۆزۈڭنىڭ تەنھالىق ئارىلىدىكى ئاشۇ يېگانە قەسىردە مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن مۇستەسنا ھالدا قاچانغىچە تەنھا تۇرماقچىسەن؟! ئەجەبا، سېنى قايسى بىر ئىلاھىي كۈچ بۇ قەدەر يالغۇزلۇق ئىچىگە چىلاپ قويىدى؟ سەن بۇ مۇھەببەتسىز ھاياتىڭنى مەڭگۈ داۋام ئەتمەكچىمۇ؟

ئىلتىجا قىلىمەن ئەي گۈل، مېنىڭ مۇھەببەت دالايىمغا يېتىپ كەل. ئۇ يەردىكى شادلىق ۋادىسىدا ئۇسسۇلغا چۈش. ئۇ يەردىكى قۇشلار سېنىڭ ئىسمىڭنى يادلاپ ناخشا ئېيتماقتا. كەل، ئاشۇ چىمەنلەردىكى گۈللەرنى بىرگە تېرەيلى. كەل، بىز بىرلىكتە سۆھبەت قۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى تىڭشايلى. كەل، ئەي گۈل، دۇنيانىڭ مەركىزىدە بىز بۈگۈن ئىككى ئاشىق سۈپىتىدە مەڭگۈ تەنھا قالايلى.

## سۈكۈتلۈك قەلب

ئاھ قەلبىم، سەن ئۆز سۈكۈتۈڭ بىلەن بارلىق ئاۋازىڭنى يوشۇرۇپ قالدىڭ. سېنىڭ سۈكۈتۈڭ داللاردا، تاغلاردا، ھەتتا ئاددىي ئوت - چۆپلەرنىڭ باغرىدا ئۆزىنىڭ يۇمران ئاۋازىنى قالدۇردى. مەن ھەربىر پىچىرلاشلارنى سېنىڭ ئاۋازىڭ ۋە سۈكۈتۈڭنىڭ سايىسى دەپ ئويلايمەن.

چۆپ ئاستىدىكى بىر يۇمران سايە ئۆز دۇنياسىدا تەبىئەتنىڭ جىمجىت يېشىللىقى بىلەن سۆھبەتكە چۈشتى. ئاھ، ئۇ قاچاندىن بېرى بۇنداق مۆتىۋەرلەرچە سالاپەتنىڭ ئۆزىنى جىمجىتلىقنىڭ تەنھا قەسرىگە لەيلىتىپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندۇ؟

بىز مەڭگۈلۈك دەپ يۈرگەن نەرسىلەر ۋاقىت ئالدىدا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا غايىب بولىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قالدۇق. ئىنسانىيەتنىڭ مەغلۇبىيىتى نەقەدەر ئۇزۇن داۋام قىلغان - ھە؟ ئاھ قەلبىم، سەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئاشۇنداق سۈكۈت قىلامسەن؟ بۇ سۈكۈتنىڭ چېكى زادى نەدە.

تۈن دەرەخلىرى ئۆز شولىسىنى جىمجىت يوللارغا تۆكمەكتە. ئۇ يەردىن تەنھالا ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ يولۇچى كىمكىن. ئەي قەلبىم، مەن

ساڭا يانداشتىم. مەن بۇ سەپەرگە قۇرۇق قول كەلمىدىم. سەن ئۈزاتقان بارلىق سۆكۈتلەر كىچىككىنە گۈل سېۋىتىمگە قاچىلاقلىق. خالىساڭ ئۇنى قوبۇل قىل. خالىساڭ ئۇنى يەنىلا ئۇنتۇپ كەت.

ئاھ، سەن ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆز سۆكۈتۈڭ ئارىسىغا غەرق بولماقتىسەن. ھەسرىتىم ئۆز دالىسىدىكى گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ سېنى ئىزدىمەكتە. سەن ئۇنىڭ غەمكىن ئاياغ تىۋىشىدىن چۆچۈمىدىڭمۇ؟ سېنى دەپ توزۇغان بىر گۈل توزىماقتا. سەن ئۇنىڭ ئاخىرقى ناخشىسىنى ئاڭلىدىڭمۇ، چوپان چالغان نېيىنى توختاتتى. ئەجەبا، سەن ئۇنىڭ ئۈنسىز يىغلىغىنىنى ئۇقمىدىڭمۇ.

خوش قەلبىم، سېنىڭ سۆكۈتۈڭ بەربىر بىر كۈنى مېنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

## ئاشۇ پەيت

ئاشۇ چاغ يېتىپ كەلگەندە ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدۇ. بىز جىمجىت ھالدا گۈلخان يېنىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىنى تىلەيمىز. يېزىدا ھەممە نەرسە ئۇيقۇ ئىچىگە غەرق بولىدۇ. تۈن ئۆز قاراڭغۇلۇقىنى ئاستا - ئاستا ئەتراپىغا چاچىدۇ. يۇلتۇزلار روشەنلىشىپ، ئاسمان سۈكۈناتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدۇ. ئاشۇ چاغدا بىز ئاندىن ھېكايىمىزنى باشلاپ، ئۇچار گىلەم ئۈستىدە شەھەردىكى بىنالارنىڭ ئۈستىدىن ئايلىنىپ ئۆتەيلى.

ئويۇن - تاماشا ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان رەڭگارەڭ مەنزىرىلەر بىزگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالسۇن. بىز ئاشۇ خەتەرلىك دېۋە - پەرىلەر ماكانىدىنمۇ ئۆتەيلى. خەتەرلىك يەتتە تاغ ۋە يەتتە دەريا ئارقىمىزدا قالسۇن. بىز قورقماستىن ئىلگىرىلەيلى. ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنلىكىمىزگە ھەيران قالسۇن.

دەرەخ شاخلىرى ئۆز جىمجىتلىقى ئىچىدە يوپۇرماقلىرىنى ئەللەيلەۋاتقان، تۈن قۇشلىرى ئانىنىڭ باغرىدا ماموق پەيلەرگە باش قويۇپ ئۇخلاۋاتقان، چېكەتكىلەر ئۆز چۈشلىرى ئىچىدە يېتىلىپ، ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقان پەيتتە بىز ئاندىن چۆچەكلەرنى باشلىۋېتەيلى.

بىر چاغلار سەمەرقەنت شاھزادىسى سۇ ئىچىپ كېيىككە ئايلىنىپ قالغان بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ، ئېچىل داستىخاندىكى تاماقلارنى ھۇزۇرلىنىپ يەيلى. ئاسمان ئوردىسىدىكى پەرىزاتلار بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنىڭ نەقەدەر موللۇقىدىن ھەيران قېلىشسۇن. بىز قايتىشىمىزدا ئالتۇن بېلىق ۋە يىلان قىزنىمۇ بىرگە ئېلىۋالايلى. رىۋايەتلەردىكى خاسىيەتلىك باغدىن خاسىيەتلىك ئالمىنى ئۈزۈۋېلىپ بېغىمىزغا كۆمۈپ قويايلى. بوۋا، بىزنىڭمۇ خاسىيەتلىك بېغىمىز ۋە خاسىيەتلىك ئالمىمىز بولسۇن.

ئاشۇ چاغ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كۈندۈزنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئاخىرلىشىدۇ. تۈن يۇلتۇزى يېتىپ كېلىپ ئاسمان ئوردىسىنى بېزەيدۇ. بىز شۇ چاغدا سوقما تام بىلەن قورشالغان ھويلىمىزدا ئولتۇرۇپ يېڭى ھېكايىلىرىمىزنى باشلايلى. مەن دوستلىرىمنى چاقىراي. ئۇلارغا: «تۈن يېتىپ كەلدى. ئىشلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ ھويلىمىزغا يىغىلىڭلار» دەي.

## مەغلۇبىيەت

ھەممە نەرسەم بەربات بولغان، قەلبىم ئۈمىدسىزلىككە تولغان، ھاياتىم كۆز ياشلار ئىچىگە غەرق بولغان ئاشۇ كۈنى بۇنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ماڭا قالدۇرغان خاتىرەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ئاھ، مەن نەقەدەر بىر ھەسرەتلىك مۇھەببەت تەرىپىدىن ئۆز بەختىمنى ئىزدىدىم - ھە؟ كۆز يېشىم چۈشلىرى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قايغۇسىنى ئاشكارا قىلدى. قەلبىم ھەقىقىي ئازابىنىڭ دەل مۇشۇنداق ناخشىلارنى يازىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ھەسرەتلىرىم ھەقىقىي شائىرنىڭ ئازابسىز بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

بىلمىدىم ئەي دۇنيا، سەن يىراق مەنزىلدىن

مۇھەببەتنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەسرىتىنى ئەكەلدىڭمۇ؟ ئۇ يەردىكى خۇشاللىق بىلەن تولغان شاد - خۇرام مەنزىرىلەر تېخى ئەتىگەندىلا ھۇپپىدە ئېچىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ غەمكىن تۇرغان مۇڭ دەرەخلىرىنىڭ ئۇنسىز سايىسى ئاستىدا غايىب بولدى.

ھەقىقىي يوقىتىش مېنىڭ سارىيىمغا تېخى ئاياغ باسماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ شەپىسى قەلبىمنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. سۆيگۈم ئاشۇ يېشىل ساھىلدا ئۆز گۇللىرىنى ياز ئاپتىپىغا قاقلىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىردىنلا مۇڭ دەرياسىغا غەرق بولدى. بۇ زادى كىمنىڭ مەغلۇبىيىتى؟ بۇ كىمگە مەنسۇپ تراگېدىيە؟

ھەممە ناخشىلار ئېيتىلىپ، ھەممە چۈش ئاخىرلاشقان، ھەممە مۇساپە تاماملىنىپ، ھەممە سەرگۈزەشتە ئۆز يولىغا راۋان بولغان، ھەممە كۆز ياشلار تۆكۈلۈپ، بەخت ئۆز شولىسىنى جىمجىت پارە - پارە قىلغان ئاشۇ كۈنى ئاندىن مەن ئۆزۈمنىڭ تەنھا ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

ئاھ، ئەركەم، ھەممە مەغلۇبىيەت دەل سېنىڭ ماڭا بەرگەن مۇھەببىتىڭ تۈپەيلى بۇ دۇنياغا يۈز ئاچقانىدى. ئاخىر ئۇ ئىلكىمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق قوللىرى بىلەن ۋەيران قىلدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ياز ئاپتىپى لىق تولغان ئاشۇ يىراق دۇنيادا جىمجىت قول ئېلىشقانلىقىنى كۆردۇم.

## سودا

مەن ئۇ كۈنى ئۇ قىزنى ئۇچراتقىنىمدا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر تەمتىرەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. يەنە سۆزۈمنىڭ دېلىغۇللۇق ئىچىدە تولىمۇ تەستە ئېيتىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيتتىم. مەن ئۇنىڭغا يۈرىكىم ئاغقاندەكلا: «قىزچاق، ھۆپپىدە چېغىرتماق گۇللىرى ئېچىلغان يولدا ئۆزىڭىز تەنھا تۇرۇپسىزغۇ؟ مەن سىزنىڭ بۇ يولدا تەنھا ماڭماقچى بولغىنىڭىز ياكى بىرسىنى كۈتۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، ھەقىقەتەن بىرسىنى كۈتكەن بولسىڭىز ئۇ مەن بولۇپ قالسامكەن دەيمەن، تەنھالىقىنى خالىمىسىڭىز ئۇ ھالدا جىمجىت سۈكۈتىڭىزگە مېنى شېرىك قىلىسىڭىزچۇ؟» دېدىم. ئۇ گويا چەكسىز ھودۇقۇش ئىچىدە قالغاندەك ياكى بولمىسا مەندىنمۇ ئۆتە تەمتىرەۋاتقاندەك قورۇنۇپ تۇرۇپ: «مەن بۇ چىغىر يولدىن ئۆتمەكچى، قەلبىمدىكى توقۇنۇش ئاياغلىشىپ يۈرىكىم توختىغاندا ئاندىن مەن پۈتلىرىمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىمەن. ئۇ ئۆزى خالىغان مەنزىللەرنى تاللاپ ماڭىدۇ. يەنە ئۆزى خالىغان چىمەنلەردىن ئۆتىدۇ. ئۆزى خالىغان جايلاردا تۇرۇپ قالىدۇ» دېدى.

مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كۆرۈنمەس شەپىلىرىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالغانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ نېمىشقا بۇ قەدەر جىمجىت تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭغا ھېچكىم ھەمراھ بولمىغانىدى. مەن گويا ناھايىتى مەخپىي سۆزنى ئېيتقاندەكلا: «قىزچاق، ھەقىقەتەن ھاماقەتكەنسىز! تېخىچە يالغۇز تۇرۇپسىزغۇ؟ مەن سىزگە جاھاننىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئارىسىدەك بارلىق خۇشاللىقلارنى ئەكەلدىم. يەنە بارلىق سۈكۈتلەر ئىچىدىكى شادلىقلارنىمۇ قوشۇپ ئەكەلدىم. ئەجەبا، سىز مېنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلماسسىزمۇ؟» دېدىم. ئۇ تولىمۇ ۋەزمىن قىياپەتتە مۇجمەللا جاۋاب بەردى: «مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنىڭ يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ پۇشايمان ۋە ھەسرەتلىرى يېنىپ كېلەيلا دەپ قالدى...» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ جايدا بىكاردىن بىكارغا تۇرغىنىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئاخىرقى قېتىم ئارسالدىلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا: «قىزچاق، سىز تولىمۇ بەختسىز ئىكەنسىز، مەن سىزگە ھەممە نەرسىلىرىمنى بېغىشلاپ نەتىجىدە بىھۇدە خورىتىۋەتتىم. ئەمدى بىساتىمدا سىزگە بېغىشلىغۇدەك ھېچنەرسە قالمىدى. سىز قۇپقۇرۇق ئۈمىدلەر بىلەن تولغان ھاياتىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن كۈلبەمنى كۆرۈشنى خالامسىز؟» دېدىم. ئۇ مۇلايىم ھالەتتە بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، خۇشاللىق بىلەن: «مەن ئۆزۈڭدىن بېرى ئاشۇنداق نەرسىلەر بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ چوقۇمكى مېنىڭ ھەممە نەرسىلىرىمنى تولۇقلاپ بېرەلەيدۇ. مەن ئۇنى ھازىرقى سۈكۈتۈمگە تېگىشىشكە رازى» دېدى. مەن ئۇنىڭ خۇشال تۇرقىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم.

# پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى

## فارابى

**ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت تەرجىمىسى**

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

***25. ۋەھيي ۋە مالائىكىلەرنى (پەرىشتىلەرنى) كۆرۈش توغرىسىدا***

بۇ شۇنداق بولىدۇ. بىر ئىنساندا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ناھايىتىمۇ كەسكىن ھەم تولۇق بولسا، تاشقىرىدىن ئۇنىڭغا چۈشكەن ھېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قاپلىسا ھەم ئۇنىڭ نۇتۇق قۇۋۋىتىنى ۋاستە قىلمىسا، بۇنداق شەيئىلەرگە ئۇچرىغاندا [تەسەۋۋۇرىدا (خىيالدا)] ئۆز خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قولاي بىر ئۇستۇنلۇك ئۇلۇشى بولسا ۋە ئويغاق ۋاقتىتىكى ھالى، ئۇخلاۋاتقاندىكى ھالىدىن پەرقسىز بولسا ھەم پائال ئەقىل بەرگەن نەرسىلەرنى كۆز بىلەن كۆرگەن خاس نەرسىلەرگە تەقلىد ۋە ئىپادە قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا تەسەۋۋۇرنىڭ خىيال قىلغان بۇ نەرسىلىرى قايتىدۇ (ئايلىنىدۇ) ۋە سەزگۈ قۇۋۋىتىگە رەسىم (ئوبراز) قالدۇرىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ (خىيال-نىڭ) بۇ رەسىملىرى ئورتاق سەزگۈ قۇۋۋىتىگە ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆرۈش قۇۋۋىتىدە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ بۇ رەسىملەرنى (ئوبرازلارنى) كۆرۈش نۇرى بىلەن نەچچە قاتلارغا بۆلۈنگەن يورۇق ھاۋاغا ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ھاۋاغا ئىنكاس قىلىنغان بۇ رەسىملەر (ئوبرازلار)، بۇ قېتىم تەتۈرىگە قايتىپ كۆزدە بولىدىغان كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۈستىگە قايتىدىن ئوبرازلىنىدۇ (گەۋدىلىنىدۇ). بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل بەرگەن نەرسىلەر ئۇ ئىنسان تەرىپىدىن كۆرۈلگەن بولىدۇ.

ئەمدى تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى بىرىكمىگە ئايلاندۇرغان شەيئىلەر ئەڭ گۈزەل ۋە مۇكەممەل ھېس قىلىنغان نەرسىلەردىن بولغاچقا، بۇلارنى كۆرگەن كىشى «ئاللانىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە ئاجايىپ بىر كارامىتى بار - ھە!» دەيدۇ ھەم كۆرگەن بۇ ئاجايىپ شەيئىلەرنىڭ باشقا مەۋجۇتلۇقلار ئارىسىدا ئوخشاشلىرى ئۇچرىمايدى-غانلىقىنى كۆرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى، مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن بىر ئىنسان پائال ئەقىل بىلەن ئويغاق بولغىنىكەن، مەيلى ھازىر ياكى ئىستىقبالدىكى (كەلگۈسىدىكى) جۈزئىياتىنى قوبۇل[1] قىلسا ياكى ئۇلارنى ھېس قىلىنغانلار بىلەن ئىپادىلىسە ھەم پەرقلىق بولغان ئويغۇنلۇقلارنىڭ ۋە باشقا مۇقەددەس بارلىقلارنىڭ بىرىكىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى كۆرسە، ئۇ كىشى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئويغۇنلۇقلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئىلاھىي نەرسىلەردىن سۆزلىيەلەيدۇ. بۇ ھال تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋە بولغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر (خىيال) ۋاستىسى بىلەن ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىدۇر. بۇنىڭ تۆۋەنىدىكى مەرتىۋىلەردە،

---

① بۇ يەردە ئالماق، قوبۇل قىلماق ۋە كۆرمەك سۆزلىرىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى مەنىلەردە چۈشىنىلىدۇ: ئالماق ياكى قوبۇل قىلماق - پائال ئەقىل ئىلھام سۈپىتىدە بەرگەن سۈرەت ياكى پىكىرنى ئالماق ياكى قوبۇل قىلماق دېمەكتۇر. كۆرۈشتىن مەقسەتمۇ پىكىر ياكى تەسەۋۋۇر بىلەن كۆرمەكتۇر. كۆز بىلەن كۆرۈش مەقسەت قىلىنسا، فارابى بۇ سۆزنىڭ يېنىغا كۆز ياكى بەسەر (كۆز) سۆزلىرىنى ئىلاۋە قىلىدۇ.
- تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئىزاھاتى.

ئىنسان بۇ شەيئىلەرنىڭ بىرقىسمىنى چۈشىدە كۆرىدۇ، بىرقىسمىنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ، بەزىدە بۇ نەرسىلەرنى خىيال قىلىدۇ. ئەمما كۆزلىرى بىلەن كۆرمەيدۇ. بۇنىڭ تۈۋىنىدىكى مەرتىۋىدە، ئىنسان بۇ نەرسىلەرنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرىدۇ. بۇلار ئاللىگورىك (سىمۋوللۇق) ماھىيەتتە بولغاچقا، ئىنسان ئۇلارنى سىمۋوللار بىلەن، يوشۇرۇن ياكى تەتۈر مەنىلەر بىلەن ئوخشىتىش (تەشبىھ) ۋە تىپىشماقلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانلار بۇ جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەردە بولىدۇ. بەزىسى يالغۇز جۇزئىياتنى (ئايرىملىقلارنى) قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. لېكىن ئەقلىغە ئۇيغۇنلۇقىنى (ماقۇللۇقىنى) ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىلىرى ئەقلىغە ئۇيغۇنلۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇلارنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. لېكىن جۇزئىياتنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىسى بۇلارنىڭ بىرقىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىر قىسمىنى كۆرىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى كۆرمەيدۇ. بەزىلىرى بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. بىرقىسمىنى چۈشىدە قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىلىرى بۇلاردىن ھېچبىرىنى ئويغاقلىقتا قوبۇل ئەتمەي، پەقەت چۈشىدىلا قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن چۈشىدە يالغۇز جۇزئىياتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇنلۇقلىرىنى (ماقۇللىرىنى) قوبۇل ئەتمىدى. باشقا بىرسى بولسا بۇلاردىن بىرئاز، ئۇلاردىن بىر ئازنى ئالىدۇ. باشقا بىرسى ھەم پەقەت جۇزئىياتتىن ئازراقنى ئالىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كۆپى مۇشۇ خىلدا بولۇپ، ئارىلىرىدىكى دەرىجە پەرقى بىلەن ماختىنىدۇ.

بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ياردەمچىلىرى ئورنىدىدۇر. شۇڭا بىرقاتار تەسىرلەر ئاستىدا ئىنساننىڭ مىزاجى (مىجەزى) ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى پائال ئەقلىدىن گاھ ئويغاق ھالدا، گاھ ئۇيقۇدا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھال بىر كىشىدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقىنىدەك، بەزىدە ناھايىتىمۇ قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە يوق بولىدۇ. يەنە بىرقاتار تەسىرلەر ئاستىدا بىر كىشىنىڭ مىزاجى ۋە خىياللىرى بۇزۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ تەركىبىنىڭ مەھسۇلى

بولغان شۇنداق ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرىدۇكى، بۇلار ئەمەلىيەتتە نە مەۋجۇتتۇر، نە مەۋجۇت بولغان شەيئىلەرگە ئوخشاشتۇر. ئابداللار، ساراڭلار ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار بۇ تۈركۈمگە مەنسۇپتۇر.

***26. ئىنساننىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشكە بولغان ئېھتىياجى توغرىسىدا***

ھەربىر ئىنسان ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن، يارىتىلىشتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج ھالەتتە يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان ئۆزى يالغۇز قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئىنسان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشىغا موھتاجدۇر. ھەربىر ئىنسان بۇ ئېھتىياجلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرلىرى ئالدىدىكى ۋەزىيىتى مانا مۇشۇ مەركەزدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم تەبىئىتىدىكى مۇكەممەللىككە يېتىش ئېھتىياجىنى پەقەت باشقا ئىنسانلارنىڭ ياردەملىشىشى مەقسىتىدە بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

تۈرلۈك ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ياشىشىدىن جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى كەمتۈك (تولۇق بولمىغان) تۇر. تولۇق بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ.

چوڭ جەمئىيەت - يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئىبارەتتۇر. ئوتتۇرا جەمئىيەت دېگىنىمىز، يەر يۈزىدىكى [ئايرىم - ئايرىم] مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتتۇر. كىچىكى بولسا، بىر مىللەتنىڭ يېرىنىڭ بىرقىسمىدا ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەتتۇر.

كەمتۈك جەمئىيەت بولسا يېزا، مەھەللە، كوچا ياكى ئائىلىدە ياشىغۇچى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلىدىن كىچىك بولغان كۆلىمىمۇ مۇشۇ تۈركۈمگە تەئەللۇقتۇر. مەھەللە ۋە يېزىنىڭ ھەر ئىككىسى شەھەرگە تەۋە. لېكىن شۇ مەنىدە تەۋەكى، يېزا شەھەرگە خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن شەھەرنىڭ بىرقىسمى (بۆلىكى) سۈپىتىدە تەۋەدۇر. بۇ

سەۋەبتىن ئۆي (ئائىلە) كوچىنىڭ بىرقىسمى بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا (كوچىغا) تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي كوچىنىڭ بىرقىسمى، شەھەر مەملىكەتنىڭ زېمىنىنىڭ بىرقىسمى، مەملىكەتمۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بىرقىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭغا كۆرە، ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە يۈكسەك كامالەتكە شەھەردىن كىچىك بولغان جەمئىيەت مەركەزلىرىدە ئەمەس، بەلكى شەھەر دائىرىسى ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنى ھەم ئېيتايلىكى، ياخشىلىق قانداق ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرۈلسە، يامانلىقمۇ ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىر شەھەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەمكارلىقنىڭ يامان مەقسەتلەر تەرەپكە كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر پەزىلەتلىك شەھەردۇر. چۈنكى بەختكە ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن تەشكىللەنگەن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پۈتۈن شەھەرلىرى، بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشۋاتقان بىر مەملىكەتمۇ پەزىلەتلىك مەملىكەتتۇر. پۈتۈن مەملىكەتلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەمكارلاشتۇرغان دۇنيا ھەم پەزىلەتلىك دۇنيا بولىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ھەممە جەھەتتىن ساغلام بولغان بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئەزالىرى ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئاخىرىغىچە ساقلاش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ياردەملىشىدۇ. بەدەننىڭ ئەزالىرى قانداق كۆپ خىل بولسا، يارىتىلىش ۋە قۇۋۋەتلىرى جەھەتتىن بىر - بىرلىرىدىن قانداق ئۈستۈن بولسا ھەم ھەممىنىڭ ئۈستىدە باش رول ئوينايدىغان - يۈرەك ئىسىملىك بىر ئەزا بولۇپ، بۇ ھاكىم ئەزاغا دەرىجىلىرى يېقىنراق بولغان ئەزالار ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان باشقا ئەزالار بولغىنىدەك ھەم بۇ ئاخىرقى ئەزالار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ۋە بۇلارنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەزالار ۋە بۇ ئەزالارغا باغلىنىشلىق باشقا ئەزالار، نىھايەت ھەرىكەتلىرى ۋە كۈچلىرى پەقەت باشقىلىرىغا قىلىنىغان خىزمەتلا بولىدىغان تېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەزالار بولغىنىغا ئوخشاش، شەھەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. يەنى شەھەرنى تەشكىل قىلغان ئۇنسۇرلار، يارىتىلىشتا ھەر خىل ۋە بىر - بىرلىرىدىن ئۈستۈن ھالەتتە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر ئىنسان بىلەن دەرىجە جەھەتتىن ئۇنىڭغا يېقىن بولغان باشقا ئادەملەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قابىلىيەت ۋە پائالىيەتلىرىنى باشلىقنىڭ غايىلىرىگە ئۇيغۇن بىر سۈرەتتە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا باشقىلار بولغىنىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئەمرىدىمۇ يەنە باشقىلار بولىدۇ. دەرىجە تەرتىپلىرى مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىپ، ئاخىرىدا ئەڭ تۆۋەندىكى تەبىقىلەرگە بارىدۇكى، بۇ ئاخىرقى دەرىجىدىكىلەر باشقىلارنى باشقۇرمايدۇ، پەقەت ئۆزىدىن ئالدىنقى دەرىجىدىكىلەرنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

ھالبۇكى، شۇنى ھەم سۆزلىمەك ھاجەتكى، بىر جىسىمنىڭ ھەم ئەزالىرى تەبىئىيدۇر، ھەم ھەيئەتلىرى تەبىئىي قۇۋۋەتلەردىن ئىبارەتتۇر. لېكىن، بىر شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى تەبىئىي بولۇش بىلەن بىرگە، بۇلارنىڭ شۇ شەھەر خىزمىتىدە كۆرسىتىدىغانلىرى پائالىيەت، ماھىيەت ۋە تەرزى (ئۇسلۇپ) جەھەتتىن - تەبىئىي ئەمەس، بەلكى ئىرادىيدۇر.

شۇبھىسىزكى، شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى [بولغان ئىنسانلار] بىر - بىرىدىن ئۈستۈن خۇسۇسىيەتلەر بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، بەزى ئىنسانلار يەنە بەزىلىرىگە بەزى تەرەپلەردە پايدىلىق بولىدۇ. بەزى تەرەپلەردە پايدىلىق بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يالغۇز يارىتىلىشلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىرادىي قابىلىيەتلىرى بىلەنمۇ شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بەدىنى ئەزالىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرى تەبىئىي بولسا ھەم شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلىرى تەرز ۋە ماھىيەت نۇقتىسىدىن پەقەت ئىرادىيدۇر (ئىختىيارىيدۇر).

### 27. ھاكىم ئەزا توغرىسىدا

بەدىنىمىزدىكى ھاكىم ئەزا قانداق ھالدا باشقا ئەزالارنىڭ ئەڭ مۇكەممەلى بولسا ھەم ئۆزلۈكىدىن ۋە ئۆزىگە ئائىت خۇسۇسلاردا باشقا

ئەزالارنىڭ ئەڭ تولۇقى بولسا، ياردەملەشكۈچى ئەزالار ئارىسىدا قايسى يوسۇندا ئەڭ يۇكسەك ئورۇن ئىگىسى بولسا ۋە بۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا باشقا ئەزالار شۇنداقلا بۇ ئەزالارنىڭ باشقۇرۇشىدىمۇ باشقا ئەزالار بولغىنىغا ھەم بۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇشلىرى ھاكىم ئەزانىڭ باشقۇرۇشىغا ئوخشىماي، ئۇلار باشقۇرغۇچى بولۇش بىلەن يەنە باشقۇرۇلغۇچى بولغىنىغا ئوخشاش، شەھەر باشلىقىمۇ ئۆزىگە ئائىت ئىشلاردا شەھەر ئەزالىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغۇچى كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ يۇكسەك ئورۇن ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئادەملەر بولىدۇ. بۇلارمۇ باشقىلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ.

يۇرەك ھەممىدىن ئاۋۋال شەكىللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەزالارنىڭ شەكىللىنىشىگە، قۇۋۋەتلىنىشىگە ۋە دەرىجىلىرىگە ئاساسەن ئورۇن ئېلىشىغا سەۋەب بولغىنىغا ھەم بۇلارنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، يۇرەك بۇ چاتاقنى تۈگىتىدىغان ۋاستىنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش، شەھەر باشلىقىنىڭمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈردۇركى، ئۇ شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىرادىي پائالىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، شەھەر جامائە ئەزالىرىنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، بۇ چاتاقنى تۈزەيدىغان ۋاستىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ھاكىم ئەزاغا يېقىن بولغان ئەزالارنىڭ تەبىئىي پېئىللىرى رەئىسنىڭ (ھاكىم ئەزانىڭ) مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق خىزمەت قىلىش بىلەن قانچىلىك ئىپتىخارلانسا ھەم بۇ ئەزالارنىڭ تۆۋەندىكى ئەزالار ئىگە بولغان تەبىئىي پېئىللار دەرىجە جەھەتتىن ئۆزىدىن يۇقىرى بولغان ئەزالارنىڭ دەرىجىسىگە قانداق يېتەلمىسە ۋە مۇشۇ بويىچە ھەربىر شەيئى دەرىجە بويىچە تۆۋەنلەپ بېرىپ ئەڭ تۆۋەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدىغان ئەزالارغا قەدەر بارسا، مەرتىۋە جەھەتتىن شەھەر باشلىقىغا (رەئىسكە) ئەڭ يېقىن بولغان جامائەلەرنىڭ ئورۇنلىغان ئىرادىي خىزمەتلىرىمۇ دەرىجە جەھەتتىن ئەڭ شەرەپلىك ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن تۆۋەندە بولغان ئەزالارنىڭ خىزمەتلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارمۇ دەرىجە بويىچە مېڭىپ، ئاخىرىدا ئەڭ تۆۋەندىكى ئىشلارنى بېجىرىدىغان قىسىملارغا قەدەر بارىدۇ. ئىشلارنىڭ تۆۋەنلىكى ـ سۈيدۈك يولى ۋە توغرا ئۈچەيدە بولىدىغانغا ئوخشاش، گاھىدا ئۇنچە بەك پايدىلىق بولماسلىقىغا قارىماستىن ـ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەزىدە پايدىسىز ياكى بەكمۇ قولاي بولۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

شەھەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ بۆلەكلىرى بىر - بىرلىرىگە ماسلاشقان ۋە بىر - بىرى بىلەن قەتئىي رەۋىشتە زىچ باغلانغان، ھەربىر بۆلەكمۇ مۇشۇنداقتۇر. بۇنىڭمۇ بىر رەئىسى (باشلىقى) بولۇپ، باشقا قىسىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ ھالەتتە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن بارلىقلارمۇ مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بىرىنچى سەۋەبنىڭ باشقا بارلىقلارغا بولغان نىسبىتى، پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ شەھەردىكى باشقا قىسىملارغا بولغان نىسبىتىگە ئوخشاشتۇر. مەسىلەن ماددىسىزلىق دەسلەپكى بارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئاسمان جىسىملىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاستىدا ماددىي (ھەيۇلانى) جىسىملار تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى سەۋەبنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆز قۇربىنىڭ يېتىشىچە بۇ يولدا ماڭىدۇ. شۇ دەرىجىدە بولىدۇكى ، ئۇلار مۇئەييەن بىر تەرتىپ بويىچە ماڭىدۇ. بۇ شۇنداقكى، تۆۋەن دەرىجىدىكى شەيئى ئۆز دەرىجىسىدىن بىرئاز ئۈستۈن بولغان شەيئىنىڭ ئىزىنى بويلاپ نىشانىغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىنىڭ نىشانىمۇ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكىدۇر. مۇشۇ باغلىنىش، مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا دەسلەپكى بارلىق بىلەن ئارىلىرىدا ھېچقانداق بىر ۋاستە قالمىغان باسقۇچقا بارىدۇ. پۈتۈن مەۋجۇتلۇق مۇشۇ تەرتىپ بويىچە دەسلەپكى سەۋەبنى نىشان قىلىپ شۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋۇجۇدلىرىنىڭ (بارلىقلىرىنىڭ) ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر نەرسە دەسلەپتىلا ئىگە بولغانلىرى، دەسلەپكى بارلىقنىڭ مەقسىتىنى دەسلەپكى

ئىنتىلىشتىلا بىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن يۈرگەن بولغاچقا، يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەمما دەسلەپتە ۋۇجۇدلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى بولسا، ئېھتىماللىق ئىچىدىكى نىشانغا يېتىش ۋە بۇ تەرتىپتە دەسلەپكى بارلىقىنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان قۇۋۋەتنى ئالىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەرمۇ مۇشۇنداقتۇر. پۈتۈن بۆلەكلەر دەرىجە ۋە مەۋقەلىرى بويىچە دەسلەپكى سەۋەبنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق يولدا مېڭىشى كېرەك. كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولغان ھەرقانداق ئادەم پەزىلەتلىك شەھەرگە باشلىق (رەئىس) بولالمايدۇ. باشقۇرۇش (رىياسەت) ئىككى نەرسە بىلەن بولىدۇ. بىرى، رەئىس (باشلىق) بولىدىغان ئادەمنىڭ تەبىئەت ۋە يارىتىلىشىدا رىياسەتكە (باشقۇرۇشقا) قابىلىيىتى بولۇشى لازىم. يەنە بىرى، رەئىسنىڭ (باشلىقنىڭ) ھەيئەتكە خاسلىقى ۋە ئىرادىي ئادىتى بىلەن رىياسەتكە قابىلىيىتى بولغان كىشىنىڭ ئورۇنلايدىغان ماھارىتى ھېچقانداق بىر سەنئەت (ماھارەت) بولالمايدۇ. چۈنكى، شەھەردىكى سەنئەتلەرنىڭ كۆپى باشقۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىشقا خاستۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆپىمۇ خىزمەت قىلماق ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

سەنئەتلەر (ماھارەتلەر) ئارىسىدا ھەم باشقۇرۇشقا (رىياسەتكە)، ھەم خىزمەت قىلىشقا ماس كېلىدىغان سەنئەتلەر بولغىنىغا ئوخشاش، يالغۇز خىزمەت قىلىشقىلا ماس كېلىدىغان، ئەمما رىياسەتكە ماس كەلمەيدىغان سەنئەتلەرمۇ باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغان ھەرقانداق بىر سەنئەت ياكى ھەرقانداق بىر ئادەت پەزىلەتلىك شەھەردە رەئىسلىك سەنئىتى بولالمايدۇ. ئەڭ بۈيۈك رەئىس ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈمدىن ھېچكىمنىڭ رەئىسلىكىنى (باشقۇرۇشىنى) قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ خۇددى بەدەندىكى رەئىس بولغان ئەزا باشقا بىر ئەزانىڭ رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلمىغانغا ئوخشاشتۇر. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى (باشلىقى) مۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، باشلىققا (رەئىسكە) خىزمەت تەكلىپ قىلىدىغان ماھىيەتتە بولۇپ قالماسلىقى ۋە بۇ باشقۇرۇش سەنئىتىدىن تېخىمۇ يۈكسەك بولغان بىر سەنئەت مەۋجۇت بولماسلىقى لازىم. بۇ سەنئەت ئۆزىگە نىشان قىلغان غايە ئېتىبارى بىلەن باشقا سەنئەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ماھىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەردىكى پۈتۈن ئىشلارنىڭ نىشانى رەئىسنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى كېرەك. ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆكۈمى ئاستىغا كىرمىگەن بىر ئىنسان بولۇشى لازىم. لېكىن، رەئىس (باشلىق) شۇنداق مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇشى كېرەككى، ھەم ئاقىل بولسۇن، ھەم ھەقىقىي ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسۇن. بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئۆز تەبىئىتى بىلەن مۇكەممەللىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىگە يەتكەن بولسۇن، ھەم بۇ قۇۋۋەت پائال ئەقىلنىڭ جۇزىياتى (بۆلەكلىرى) بولغىنىغا ئوخشاش ياكى سىمۋول قىلىنغان بىر ھالدا ئويغاق ۋە ياكى ئۇيقۇلۇق ئەسنادا قوبۇل قىلسۇن، پاسسىپ ئەقلى (مۇنفائىل ئەقىل) پۈتۈن ئۇيغۇنلۇقلار (ماقۇللار) بىلەن مۇكەممەللەشكەن بولسۇنكى، ئۇلاردىن ھېچبىرى سىرتتا قالماستىن، ئەمەلىي ئەقىل (بىلپېئىل ئەقىل) بولسۇن، چۈنكى پاسسىپ ئەقلى (مۇنفائىل ئەقىل) پۈتۈن ئۇيغۇنلۇقلار (ماقۇللار) بىلەن مۇكەممەللەشكەن ھەربىر ئىنسان ئەمەلىي ئۇيغۇنلۇق ۋە ئەمەلىي ئەقىل بولغانسېرى ۋە ئۆزىدىكى ئەقىلگە ئۇيغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىغانسېرى، ئۇنىڭدا ئەمەلىي بىر ئەقىل ھاسىل بولىدۇكى، بۇ [ئەقىل] مەرتىۋە جەھەتتىن پاسسىپ ئەقىلدىن (مۇنفائىل ئەقىل) ئۈستۈندۇر. ماددىدىن تېخىمۇ تولۇق ۋە قەتئىي بىر سۈرەتتە پەرقلىقتۇر ۋە پائال ئەقىلگە ناھايىتىمۇ يېقىندۇر.

بۇ ئەقىلگە ئېرىشىلگەن ئەقىل (مۇستەفاد ئەقىل) دېيىلىدۇكى، پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئوتتۇرا ھالدا بولىدۇ. بۇ ئەقىل بىلەن پائال ئەقىل ئوتتۇرىسىدا باشقا بىر ۋاستە يوقتۇر. شۇ سەۋەبتىن پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ (مۇستافاد ئەقىل)

ماددىسى ئورنىدىدۇر. تەبىئىي بىر شەكىل بولغان نوتۇق قوۋۋىتىمۇ پاسسىپ ئەقىلنىڭ ماددىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئىنساننى ئىنسان قىلغان دەسلەپكى باسقۇچ، بۇ تەبىئىي شەكىلنىڭ پائال (ئاكتىپ) بولۇشىدىكى ئىستېبدات ۋە قابىلىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇمۇ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئىككى باسقۇچ بار: بىرى، پاسسىپ ئەقىلنىڭ ئەمەلىي ھاسىل بولۇشى، يەنە بىرى، ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر.

ئىنسانلىقنىڭ بۇ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە ئۇلاشقان كىشى بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا يەنە ئىككى باسقۇچ بار بولۇپ، ئۇلار شۇنداقكى، مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) بىلەن تەبىئىي شەكىل ـ ماددا بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىششىدىن، يالغۇز بىر شەيئى ھالىغا كەلگەندە ۋە بۇ بىرلىشىش بىلەن ئەمەلىي (ھەقىقىي) ھاسىل بولغان پاسسىپ ئەقىل ئىنسان شەكلىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا بىر باسقۇچ قالىدۇ.

تەبىئىي شەكىل ـ ئەمەلىي ئەقىل ھالىغا كەلگەن ـ پاسسىپ ئەقىلنىڭ ماددىسى بولغاندا ۋە پاسسىپ ئەقىل ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ماددىسى بولغاندا ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسى يېگانە بىر شەيئى ھالىتىدە قوبۇل قىلىنغاندا، ئۇ ۋاقىتتا شۇ ئىنسانغا پائال ئەقىل سىڭىپ كىرگەن (ھۇلۇل) بولىدۇ.

بۇ ھال ئۇ ئىنساننىڭ نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ھەر ئىككى قىسمىدا يەنى ئەمەلىي ۋە نەزەرىيى قىسىملىرىدا ۋە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىدە پەيدا بولغاندا، ئۇ ئىنسانغا ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇلۇغ ۋە ئەزىز تەڭرى ئۇنىڭغا ئەقىل ۋاستىسى بىلەن ۋەھيى بېرىدۇ. بۇ سۈرەت بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە مېھرىبان ئاللادىن چىققان ۋەھيى پائال ئەقىلگە كېلىدۇ. پائال ئەقىلدىن ئېرىشىلگەن ئەقىل ۋاستىسى بىلەن چىققان ۋەھيى پاسسىپ ئەقىلگە ۋە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە كىرىدۇ.

ۋەھيى بىر ئىنساننىڭ پائال ئەقىلدىن پاسسىپ ئەقىلگە ئۆتكەندە، ئۇ ئىنسان تولۇق مەنىدە ھەكىم، پەيلاسوپ ۋە ئەقىل ئىگىسى بولىدۇ. ۋەھيى بىر ئىنساننىڭ پائال ئەقىلدىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە ئۆتكەندە ئۇ ئىنسان پەيغەمبەر بولىدۇ ـ دە، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئىلاھنىڭ بىلدۈرگەن بارلىقى بىلەن كۆز ئالدىدىكى جۇزئىيات (قىسمەنلىكلەر) ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئىنسان ئىنسانلىق مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە بەختىنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىمۇ تاكامۇللىشىپ باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، پائال ئەقىل بىلەن بىرلەشكەن بىر ھالدا بولىدۇ ۋە بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەرقانداق پېئىلدىن (ھەرىكەتتىن) خەۋەردار بولىدۇ.

رەئىسلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى مانا شۇدۇر.

ئاندىن ئۇنىڭ تىلىدا شۇنداق بىر قۇدرەت بولۇشى لازىمكى، بىلگەنلىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسۇن، بەخت ـ سائادەتنى ۋە بەختكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ئۆگەتسۇن، ئۇ بۇ يولدىكى ئايرىمىلىقلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

***28. پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ (رەئىسىنىڭ) سۈپەتلىرى توغرىسىدا***

بۇ، ئۈستىدە ھېچقانداق ئادەم بولمايدىغان رەئىستۇر (باشلىقتۇر). ئۇ پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ رەھبىرى ۋە رەئىسىدۇر. ئۇ ھەم پەزىلەتلىك مىللەتنىڭ رەئىسى ھەم ماكان بولغان يەر يۈزىنىڭ رەئىسىدۇر. بۇ ھال پەقەت تۇغۇلۇشىدىن ئون ئىككى خىل سۈپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ.

ئالدى بىلەن بەدىنى ساغلام ھەم ھەممە ئەزالىرى تولۇق ۋە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلىيالايدىغان بولۇشى لازىم.

ئاندىن ئۆزىگە سۆزلەنگەن ھەربىر نەرسىنى تەبىئىتى بىلەن ياخشى ئاڭقىرىپ چۈشىنىش كېرەككى، ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتىنى، ھەم سۆز تېمىسى نېمە ھەققىدە بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىكى لازىمدۇر.

ئاندىن خاتىرىسى قۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەككى، چۈشەنگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە

ھېس قىلغان ھەربىر نەرسىنى ئېنىق ئېسىدە ساقلىشى ۋە ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەككى، ئۇچرانقان ھەربىر ئۇششاق دەلىللەرنىمۇ ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ، ئۆز ئورنىدا قوللىنىشى، بىلىشى لازىم.

چىرايلىق سۆھبەتلىشىشنى بىلىش لازىمدۇركى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىكى ھەربىر نەرسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىزاھلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈش، بۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇشى ۋە ھەربىر نەرسىنى تېز ئۆگىنىشى لازىمدۇركى، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن نە ئىزتىراپ چېكىدىغان، نە ھېرىپ - چارچاپ قالىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

يېمەك - ئىچمەككە ۋە ئاياللارغا بېرىلگەن بولماسلىقى ۋە تەبىئىتى بىلەن ئويۇن - تاماشىدىن ئۆزىنى تارتقان بولۇشى لازىم.

راستچىللىقنى ۋە سەممىمىي، راستچىل ئادەملەرنى سۆيۈشى، يالغانچىلىقتىن ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى لازىم.

ئۇلۇغ بولۇشى ۋە ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى لازىمدۇركى، خىجالەتتە قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى، تەبىئىتى بىلەن يۈكسەك نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇشى، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلار ۋە باشقا دەپىنە - دۇنيالارغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى لازىم.

ئادالەتنى ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى سۆيۈشى، ئىستىبداتتىن، زۇلۇمدىن، زالىملاردىن نەپرەتلىنىشى لازىمدۇركى، ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھەقىقەت ئىزدىشى ۋە ئۇلارنى ھەققانىيەتكە دەۋەت قىلىشى، ئىستىبدات قۇربانلىرىنىڭ دەردى - ھالىغا يېتىشى، گۈزەل ۋە ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئوتتۇراھال (مۆتىدىل) مىجەزدە بولۇشى كېرەككى، ئۆزىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا قەھرى - غەزەپ كۆرسەتمەسلىككى، ئىنتىكلىك ۋە تەۋرۇلۇك قىلماسلىقى، لېكىن ئىستىبداتقا ۋە يامانلىققا دەۋەت قىلىنغان ھامان قەھرى - غەزەپ، تەۋرۇلۇك كۆرسىتىشى لازىم.

ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە ئۇلۇغ بىر ئىرادە ئىگىسى بولۇشى كېرەككى، زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىشى، ھەرگىزمۇ قورقۇنچاق ياكى يۇمشاق قول بولماسلىقى لازىم.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر كىشىدە توپلانغان بولۇشى قىيىن بولغاچقا، بۇنداق يارىتىلغان كىشىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئەگەر پەزىلەتلىك شەھەردە مۇشۇنداق بىر كىشى بولۇپ ۋە ئۇ چوڭ بولغان ھامان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىياسەت (باشلىقلىق) شەرتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئالتىسىنى ياكى بەشىنى ھازىرلىغان بولسا، بۇلاردىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە ئائىت بولغان باشقا خىلدىكى سۈپەتلەر ئۇنىڭدا ھازىرلانمىغان بولسىمۇ، رەئىس بولسا بولىدۇ. بۇنداق بىر ئادەم زادى تېپىلمىسا، ئۇ شەھەرنى باشقۇرۇشقا كەلگەن بىرىنچى رەئىس (باشلىق) بىلەن ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى كۆرسەتكەن شەرىئەت ۋە سۈننەتلەر بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئاخىرقى رەئىسمۇ تۇغۇلۇشىدىن ۋە بالىلىقىدىن باشلاپلا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شەرتلەر توپلانغان بولۇشى لازىم. چوڭ بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا ئالتە خىل ئالاھىدىلىك ھازىرلانمىقى شەرت:

بىرىنچىسى، ھەكىم (دانىشمەن) بولۇشى لازىم.

ئىككىنچىسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەھەردە ئورناتقان قانۇن - نىزاملارنى تولۇق بىلىشى ۋە ھەممە ئىشلىرىدا شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى، بۇ قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچىسى، بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى قىياسلارنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى ۋە بۇ قىياسلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى لازىم.

تۆتىنچىسى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەبىئىتى بىلەن مەشغۇل بولمىغان كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك زېھنىغا ۋە سەزگۈرلۈكلەرگە ئىگە بولۇشى، چىقارغان ھۆكۈملىرى شەھەر مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان

بولۇشى لازىم.

بەشىنچىسى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزلىرى ئورناتقان ياخشى ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىتىشنى بىلىشى كېرەك.

ئالتىنچىسى، ھەربىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە ھەربىي ماھارەتنىڭ ئاساسلىق ۋە نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىشى لازىم.

ئەگەر بۇ شەرتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان يالغۇز بىر ئادەم تېپىلماي، ئىككى ئادەم بولۇپ قالسا، ھەم بۇلارنىڭ بىرسى ھەكىم (دانىشمەن) بولۇپ، يەنە بىرسى باشقا شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولسا، ھەر ئىككىسى رەئىس بولىدۇ.

ئەگەر بۇ شەرتلەر ھەر خىل كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان بولسا، ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدە ھېكمەت، ئىككىنچىسىدە ئىككىنچى شەرت، ئۈچىنچىسىدە ئۈچىنچى شەرت، تۆتىنچىسىدە تۆتىنچى شەرت، بەشىنچىسىدە بەشىنچى شەرت، ئالتىنچىسىدە ئالتىنچى شەرت ھازىرلانغان بولسا ھەم ئۇلار بىر - بىرلىرىنى چۈشەنگەن ۋە ماسلاشقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەئىس بولسا بولىدۇ.

لېكىن، ھېكمەت رىياسەتنىڭ (باشقۇرۇش-نىڭ) شەرتى بولۇشتىن چىقىرىۋېتىلگەن كۈن - باشقا شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر بولسىمۇ، پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقسىز (رەئىسسىز) قالىدۇ. شەھەرنى باشقۇرغۇچى رەئىس، شاھ بولمىغاندا، شەھەر تەھلىكە ئاستىدا قالىدۇ. ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان بىر ھەكىم (دانىشمەن) بولمىغان شەھەر ئۇزۇن ئۆتمەي ھالاك بولىدۇ.

***29. پەزىلەتلىك شەھەرگە قارىمۇ - قارشى بولغان شەھەرلەر توغرىسىدا***

پەزىلەتلىك شەھەرگە قارشى بولغان شەھەرلەر - جاھىل شەھەر، پاسىق شەھەر، ئۆزگىرىپ كەتكەن شەھەر، نادان شەھەرلەردىن ئىبارەتتۇر. پەزىلەتلىك شەھەرگە قارىمۇ قارشى بولغان كىشىلەرنىمۇ شەھەرنىڭ بالايىئاپەتلىرى [بالا - ئاپەت كەلتۈرىدىغان كىشىلەر] دەپ ھېسابلىماق كېرەك.

جاھىل شەھەر شۇنداق بىر شەھەردۇركى، ئاھالىسى بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشى، چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارغا ئۆگىتىلسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار پەقەت سالامەتلىك، بايلىق، شەھۋەت، ئەركىن - ئازادە بولۇش، نام - ئاتاققا ئېرىشىش قاتارلىق زاھىرى نەرسىلەرگە ھاياتنىڭ نىشانى سۈپىتىدە قارايدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەربىرىنى جاھىل شەھەر ئاھالىسى بەخت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ زور بەخت - سائادىتىمۇ مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ بىر يەردە جەم بولۇشىدىن، ئىبارەت خالاس.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەختنىڭ زىت تەرەپلىرى - بەختسىزلىك، كېسەللىك، نامراتلىق، لەززەتلەردىن مەھرۇم بولۇش، خالىغان ئىشنى قىلالماسلىق ۋە ئېتىبارسىز قېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ شەھەرمۇ يەنە بىر تۈركۈم ئايرىم شەھەرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

زۆرۈرىي شەھەر - بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي ۋە خوتۇن قاتارلىقلارنى پەقەت زۆرۈرىي (ئېھتىياجلىق) بولغان مىقداردا ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ ھەم بۇ شەيئىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر - بىرلىرىگە ياردەم قىلىدۇ.

تېگىشتۇرگۇچى (بەد دالە) سەرراپ (سودىگەر) شەھەر - بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پەقەت بايلىق ۋە مال - دۇنيالىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. يىغقان بايلىقلىرىنى باشقا ئىش يولىدا پايدىلانماستىن، ئۇنى ھاياتنىڭ مەقسىتى قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تىنىمسىز ھالدا بايلىقلىرىنى ئارتتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ.

پەسكەشلىك ۋە بەختسىزلىك (سىسەت ۋە شىكۋەت) شەھىرى - بۇ شەھەرنىڭ خەلقى تۇرمۇشنىڭ ماددىي ئىنتىلىشلىرىگە قۇل بولغاندۇر. يېمەك - ئىچمەك، شەھۋەتپەرەسلىك قىلماق، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى، بەزمە - مەشرەپ، كۈلكە - چاقچاقلارنى ھەممە نەرسىدىن ۋە ھەممە تەرەپتىن ئۈستۈن قويىدۇ.

نام - ئابرۇي (ھايسىيەت) شەھىرى - بۇ

شەھەرنىڭ خەلقى باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ئابرۇي ۋە ئېتىبار قازىنىش، ماختىلىش، ھۆرمەتلىنىش ۋە شان - شۆھرەتلىرىنى ئاشۇرۇش يولىدا بىر - بىرىگە قول بېرىدۇ. ياتلار ۋە ئۆز خەلقى ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىشنى ئىزدەيدۇ. ھەربىر ئادەم قولىدىن كېلىشىچە ئىززەت - ئىكرام كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

زومىگەرلىك شەھىرى - بۇ شەھەرنىڭ خەلقى باشقىلارنى ئېزىشكە، ئەمما باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلمەسلىككە تىرىشىدۇ. پۈتۈن ئىشتىياقلىرى غەلىبە ۋە زورلۇقتىن ئىبارەتتۇر.

شەھۋەتپەرەسلىك (جىمائىي) شەھىرى - خەلقى ئەركىنلىكتە ياشاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆزلىرى خالىغانچە ياشايدۇ ۋە خالىغىنىنى قىلىدۇ.

بۇ جاھىل شەھەرلەر ئومۇمەن مۇتلەق ھوقۇقلۇق ئەمىرلەرنىڭ مەيىل - خاھىشى بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ. بىز بۇ شەھەرلەرنىڭ غايىلىرىنى جاھالەت ئەھلىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتتۇق.

پاسىق شەھەر بولسا، كۆز قاراشلىرى ئېتىبارى بىلەن پەزىلەتلىك شەھەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللانى، سەۋانىينى (ئىككىنچى ئورۇندىكى ئۇلۇغ بارلىقلار)، پائال ئەقىلنى ۋە پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى بىلىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ئەمما قىلغان ئىشلىرى جاھىل شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاينىغان (ئۆزگىرىپ كەتكەن) شەھەر بولسا، خەلقى بۇرۇندىنلا پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىگە ئوخشاش چۈشەنچىدە بولغان ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلغان بولسىمۇ، باشقا پىكىرلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئاينىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە باشقىچە يول بىلەن مېڭىشقا باشلىغان.

نادان شەھەرنىڭ ئاھالىسى بولسا، بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن كېيىن بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللا ھەققىدە، سەۋانىي (ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇقەددەس بارلىقلار) ۋە پائال ئەقىل ھەققىدە بولمىغۇر پىكىرلەردە بولىدۇ. دۇرۇس بولمىغان بۇنداق پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق ھالدا تەمسىل ۋە خىيال قىلىنىشىغا ئەسىر بولۇش شەرت ئەمەستۇر. ئەمما شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقى، ئۆزىگە ۋەھىي چۈشكەنلىكىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ ھەقتە يالغان سۆزلەشتىن، ئالداش ۋە ئالدىنىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر ئەمىرلىرىنىڭ ئەكسى، رەئىسلىرىمۇ (باشلىقلىرى) پەزىلەتلىك شەھەر رەئىسلىرىنىڭ ئەكس ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسى ھەم شۇنداقتۇر.

پەزىلەتلىك شەھەرگە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا باش بولغان ئەمىرلەر گويا يالغۇز بىر ئەمىردەكلا بولۇپ، ھەر ۋاقىت ياشايدىغان يېگانە بىر ئەمىرگىلا ئوخشايدۇ. بۇلار ئوخشاش بىر شەھەردە ياكى ھەر خىل شەھەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ ھالەتتىدۇر. خەلقلىرى گويا يېگانە بىر ئەمىردەك، روھلىرىمۇ گويا يالغۇز بىر روھتەكتۇر. شەھەر خەلقىنىڭ ھەربىر قاتلىمى ھەم مۇشۇ ھالەتتىدۇر. يەنى ئوخشاش بولمىغان زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت ئوخشاشلا بىر روھ كەبىدۇر. بۇلار تۈرلۈك شەھەرلەردە ياشىسىمۇ، مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بۇ تەبىقىلەر قايسى مەرتىۋىدە بولسا بولسۇن، مەيلى ئەمىر بولسۇن، مەيلى خىزمەتچى بولسۇن - گويا بىر روھتەكلا ياشايدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى بىلىدىغان ۋە قىلىدىغان ئورتاق نەرسىلەر بولغىنىغا ئوخشاش، بىلىم ۋە ئىشتا ھەر تەبىقىنىڭ ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرىمۇ باردۇر. ئۇلار بەخت باسقۇچىغا مۇنۇ ئىككى نەرسە بىلەن يېتەلەيدۇ. بىرى، ھەربىر ئادەمنى باشقىسىغا باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن، يەنە بىرى، شۇ ئادەمنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈمگە باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن. ھەربىر كىشى بۇ بەختكە ئۇلاشماق ئۈچۈن ئەجىر قىلسا، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۈستۈن سەۋىيىگە بارىدۇ. مۇشۇ يولدا تىرىشقانسېرى روھىي ئۈستۈنلۈكى ئارتىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەزىلەت قۇۋۋىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ چىرايلىق خەت يېزىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چىرايلىق خەت يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلىگىنىمىزدىن كېيىن يازغانسېرى ماھارىتىمىزدە بالاغەت ۋە ئۈستۈنلۈك كۆرۈلىدۇ. روھنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكتىن ھېس قىلغان زوقى ئارتقانسېرى خەتتاتلىقتا بولغان ئىشقىمۇ ئارتىپ بارىدۇ.

بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماھىيەتتە بولۇپ، ئىنسان

ئۇلار بىلەن قانچىلىك كۆپ مەشغۇل بولسا ۋە قانچە كۆپ تەكرارلىسا، شۇنچە قۇۋۋەتلىك ۋە شۇقەدەر ئۇستۇن ھەم مۇكەممەل بىر بەخت مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ماددىدىن تامامەن بىزار بولۇپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ - دە، ماددىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش، نە ماددىنىڭ باقىي قىلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ، ئۇنىڭغا موھتاج بولۇش دېگەندەك ھالەتلەر بولمايدۇ.

روھ ماددىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغاندا، جىسىملارغا تاشقى كۆرۈنۈش بولغان ھاللاردىن خالاس بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جىمجىت ياكى ھەرىكەت ھالىتىدە دېيىش توغرا ئەمەستۇر. ئۇنىڭ توغرىسىدا پەقەت جىسىم بولمىغان نەرسىلەرگە خاس بولغان ئىپادىلەرنى قوللىنىش لازىم. بۇ ئايرىلغان روھنىڭ ھالىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جىسىملارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خالىي (بوش) ئىبارىلەرنى قوللىنىشتىن چېكىنمەك لازىمدۇر. بۇ ۋاقىتتىكى ھالەتنى چۈشىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىندۇر. چۈنكى [روھ] ئادەتتىكى نەرسىلەردىن ئەمەستۇر. روھ ماددىدىن ئايرىلغاندا، جىسىملارغا خاس بولغان پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى تاشلايدۇ.

[شۇنىڭ بىلەن بىللە] ماددىدىن ئايرىلغان روھلار ھەر خىل ماددىي جىسىملار (ھەيۇلانى) ھالىتىدە بولىدۇ. روھىي (نەپسانى) شەكىللەر ئازدۇر - كۆپتۇر بارلىقلارنىڭ مىزاجلىرىغا تەئەللۇق بولغانلىقتىن، ھەربىر روھىي شەكىل (نەپسانى ھەيەت) شۇ بارلىقنىڭ (ۋۇجۇدنىڭ) مىزاجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، روھلار ۋە تۈرلۈك شەكىللەر نامايان بولىدۇ. ۋۇجۇد (بارلىق) لار چەكسىز ئۆزگىرىش ئىچىدە بولغىنىغا ئوخشاش، روھلار ھەم چەكسىز ئۆزگىرىشچاندۇر.

***30. روھلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بىرلىشىشى توغرىسىدا***

بىر تائىپە كۆچۈپ ۋۇجۇدلىرى يوق بولغاندىن ۋە روھلىرى قۇتۇلۇپ سائادەتكە ئۇلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇلار بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە بولغان كىشىلەر كېلىدۇ ھەم ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇلارمۇ كۆچۈپ ئارىدىن يوقالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال كۆچكەنلەرگە ئوخشاش بەخت مەرتىۋىسىگە ئۇلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىقدار ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولغان [روھقا] قوشۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىسىم بولۇشتىن خالاس بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلغان ۋاقىتتا - مەيلى قانچىلىك كۆپ بولسا بولسۇن، ئورۇن جەھەتتىن تارلىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ماكان ئىچىدە ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە بىر - بىرىگە قوشۇلۇشى جىسىملاردىكىگە ئوخشاش يۈز بەرمەيدۇ. بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان بۇ پەرقلىق روھلار بىر ماقۇلنىڭ (ئۇيغۇنلۇق) يەنە بىر ماقۇلغا قوشۇلۇش قابىلىيىتى ئارتىپ كۆپەيگەنسېرى، ھەر بىرىنىڭ زوقلىنىش ئىمكانىيىتى ھەم شۇ نىسبەت بويىچە ئارتىپ بارىدۇ.

يېڭىلىرىنىڭ كونىلىرىغا قوشۇلۇشىدىن ھەم يېڭىلىرى مەمنۇن بولىدۇ، ھەم كونىلىرى مەمنۇن بولىدۇ. ھەربىر بىرلىك ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆز ئوخشىشىنى بىلىدىغان بولغانلىقتىن، بىلىنگەن شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارتىدۇ. بۇ ئارتىش خۇددى خەتتاتنىڭ يېزىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن كاتىپلىق ماھارىتىنى قۇۋۋەتلەندۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. تەكرارلاش كاتىپنىڭ قەلىمىگە قۇۋۋەت ۋە ئۆزگىچىلىك بەخش ئېتىدۇ. ئارقىدىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىرلىكنىڭ قۇۋۋىتىنى ئارتتۇرمايدۇ. ئەمما، چەكسىز نىسبەتتە ھۇزۇرىنى ئارتتۇرىدۇ. ھەربىر كۆچكەن تائىپەنىڭ ھالى مۇشۇنداقتۇر.

***31. سەنئەتلەر ۋە بەختلەر توغرىسىدا***

بەختلەر بىر - بىرلىرىدىن ئۈچ جەھەتتە ئۇستۇن تۇرىدۇ. تۈرى (خىلى)، مىقدارى (سانى) ۋە خۇسۇسىيىتى (سۈپىتى) جەھەتتە، بەختلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇستۇن بولۇشى تۈر جەھەتتىكى ئىختىلاپتىن ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن ياخشى بولۇشىدىن تۇغۇلىدۇ. توقۇمىچىلىق، باپكارلىق، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەش، ئەخلەت توشۇش (تازىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش)، ئۇسسۇلچىلىق، قانۇنچىلىق، پەلسەپە، ناتىقلىق سەنئەتلىرى ۋە بۇ سەنئەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئارىسىدىكى ئۇستۇنلۈك پەرقلىرى مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

ئوخشاش بىر سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ئارىسىدىمۇ مىقدار جەھەتتە ئۇستۇنلۈك پەرقى بولىدۇ. مەسىلەن كاتىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى كىشىدىن بىرسى يەنە بىرسىدىن بىلىملىكرەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەنئەت تىل بىلەن ناتىقلىقنىڭ ۋە چىرايلىق يېزىش بىلەن ھېساباتنىڭ بىر يەرگە كېلىشىدىن تەشكىل تاپقىنى ئۈچۈن، ئىككى كاتىپ

ئارىسىدىكى ئۇستۇنلۇك پەرقىنى بەلگىلەش مۇمكىندۇر. مەسىلەن ئۇلاردىن بىرسى يالغۇز ناتىقلىقنى ۋە خۇشخەتنى بىلسە، يەنە بىرسىمۇ ناتىقلىقنى ھەم خۇشخەتنى، ھەم لۇغەتنى ياخشى بىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇچىنچى بىرسى بەلكى كاتىپلىق شەرتلىرىنىڭ تۆتىنى تولۇق ھازىرلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

خۇسۇسىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقلۇق مۇنداق بولىدۇ: ھەر ئىككى كاتىپ كاتىپلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسلىرىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، بىرسى يەنە بىرسىگە قارىغاندا ناھايىتىمۇ قۇۋۋەتلىك (كۈچلۈك) ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. بەختلەرمۇ مۇشۇ ئاساسلارغا ئاساسەن بىر - بىرىدىن ئۈستۈن بولىدۇ.

باشقا شەھەرلەرنىڭ خەلقىگە كەلسەك، بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يامان بولغانلىقتىن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى ئۇلاردا يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۇرۇپ قويغان، ئەمەلىيەتتە، كاتىپلىق ئىشلىرىدا خاتا ۋە يامان بىر تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرىش، ئىنسانغا يامانلىقنىڭ يامىنى بولغان ناچار ۋە بۇزۇق بىر خەتتاتلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ يولدا كېتىۋەرسە، سەنئەتنىڭ قۇسۇرلىرى كۆپىيىدۇ. بۇ شەھەرلەردە ئولتۇرغانلارنىڭ يامان خۇيلىرىمۇ روھلىرىغا مۇشۇنداق يامان خاھىشلار بېغىشلايدۇ. شەھەر ئادەملىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ روھىي خاسلىقلىرىمۇ مۇشۇ نىسبەتتە ئارتقان بولىدۇ. ئاخىر بېرىپ شۇنداق بولىدۇكى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ روھىدا بىر خەستىلىك (كېسەللىك) شەكلىگە كىرىدۇ ۋە بۇ يامان خاھىشلاردىن ھۇزۇر ئېلىشقا باشلايدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن بەزگەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان خەستىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىزاج (مىجەز) بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن كىشىگە خۇش كەلمەيدىغان نەرسىلەردىن ھۇزۇر ئالىدۇ. تاتلىق ۋە لەززەتلىك نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ ۋە بۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنى چۈشەنمەيدۇ.

روھىي كېسەل بولغانلار - ئىرادە ۋە ئادەتلىرى بىلەن ئېرىشكەن ئەخمىقانە خىياللار سەۋەبىدىن - يامان ئىشلارغا ۋە يامان خاھىشلارغا ئىنتىلىدۇ. گۈزەل ۋە ئۇلۇغ نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ.

ئاغرىقلار (خەستىلەر) ئىچىدە دەردىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ساغلام ھېسابلاپ ۋە بۇ قارىشىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تېۋىپنىڭ سۆزلىرىگە ئەسلا قۇلاق سالمايدىغان كىشىلەرمۇ بولغىنىغا ئوخشاش، روھىي كېسەللەر ئارىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، ئەكسىچە، ئۆزىنى ئۈستۈن ۋە روھىنى ساغلام ھېسابلايدىغان ھەم ھەرقانداق بىر يېتەكچىنىڭ، مۇئەللىمنىڭ ياكى تەربىيىچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر.

***32. بۇ [جاھىل] شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا***

جاھىل شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى روھىي جەھەتتىن كەمتۈك قالغانلاردۇر. روھى پۈتۈنلەي ماددىغا بېرىلگەندۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ روھلىرىدا ماقۇللار (ئۇيغۇنلۇقلار) قالدۇرغان ھېچبىر ھەقىقەت يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ھايات تايانچى بولغان ماددىنىڭ پارچىلىنىپ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ماددىدىن قۇۋۋەتلەنگەن ھاياتلىق ئىمكانلىرى ھەم پارچىلىنىپ يوقىلىدۇ. لېكىن ماددىنىڭ [باشقا بىر شەكىلدە] داۋاملىشىشىغا خىزمەت قىلىدىغان قۇۋۋەتلەر ھايات قالىدۇ. بۇمۇ پارچىلىنىپ بۆلۈنگەندە، قالغان شەيئى پارچىلىنىپ بۆلۈنگەن شەيئىنىڭ شەكلى بولىدۇ. بۇ پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈش داۋاملىشىش بىلەن ھاسىل بولغان شەيئى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىنىڭ شەكلىنى ئالىدۇ. نىھايەت، بۇ پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلەردىن ئۇستۇقۇسلار (ئېلېمېنتلار) ھاسىل بولىدۇ. ئېلېمېنتلارمۇ پارچىلىنىپ شەكىللىرى ئەبەدىي قالىدۇ.

ئېلېمېنتلارنىڭ پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلىرىدىن پەيدا بولغان ئەڭ كىچىك بۆلەكلەر بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىنساننى شەكىللەندۈرىدىغان سۈرەتتە بىر - بىرلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىنسان شەكلىدە جەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشلىرى جانلىق ۋە جانسىز باشقا تۈرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان سۈرەتتە بىرىككەندە، بۇ تۈرلەرنىڭ شەكىللىرىدە توپلىنىدۇ.

ھالاك بولغاندىن كېيىن يوقىلىدىغان شەيئىلەر گۆش ۋە ئوت يەيدىغان ھايۋانلار بىلەن يىلانلار تۈركۈمىدىكى نەرسىلەردۇر. ھەممىسىنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئاقىۋىتى مۇشۇنداقتۇر. لېكىن پەزىلەتلىك شەھەر خەلقىنىڭ ئەجدادلار پىكىرلىرىدىن ئالغان روھىي ھاللىرى ئۇلارنى ماددا بولۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

رەزىل ئىشلاردىن پەيدا بولغان نەپسانى يامان ھاللار ئالدىنقى ھاللار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى بۇلغايدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمۇ قارشى بىر ھالەتتە بولىدۇ. بۇ خىل قارىمۇ قارشى ھالەتتىن روھ ئاجايىپ زور بىر ئازاب چېكىدۇ. ياخشى ھاللار يامان ھاللارغا قارشى بىر ھالەتتە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن روھ يەنە ئىزتىراپ چېكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھ ئىككى چوڭ ئازاب ئىچىدە تولغىنىدۇ.

جاھىلانە ئىشلاردىن پەيدا بولغان ھاللار ھەقىقەتەنمۇ روھنىڭ نۇتۇق قىسىملىرىغا ئاجايىپ زور بىر زۇلۇم ئەكېلىدۇ. لېكىن، نۇتۇق قىسمى تۇيغۇلار يەتكۈزگەن [تەسىرلەر] بىلەن مەشغۇل بولغاچقا بۇ زۇلۇمنى تۇيمايدۇ. بۇ ھال ۋە شەكىللەرنىڭ زۇلۇملىرىنى سەزمەسلىك ئۈچۈن، يالغۇز قېلىپ تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلماق لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بۇلارنى ماددا بولۇشتىن قۇتۇلدۇرغان ۋە تۇيغۇلار بىلەن سىرتتىن كېلىدىغان پۈتۈن تەسىرلەرنى ئايرىۋەتكەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەقدىر - پېشانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆزگە يوللىغان نەرسىلىرى بىلەن ئاۋۇنۇپ، تەقدىرلىرىنى ئۇنتۇيدۇ ياكى ئۇلارنى تۇيمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەردكە قايتا مۇپتىلا بولۇشى ئۈچۈن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن بىر مەھەل قۇتۇلۇش لازىمدۇر. ئازاب چېكىۋاتقان بىمار ھەم مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بەزى نەرسىلەر بىلەن ئاۋۇنسا ئازابى يېنىكلەپ ئۇنى تۇيماي قالىدۇ. مەگەركى، ئۆزى مەشغۇل بولىۋاتقان ئىشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشى بىلەن تەڭ ئاغرىق ئازابىنى يەنە سېزىدۇ ياكى ئاغرىق ئازابى ئۇنى قايتىدىن باسىدۇ.

نۇتۇق قىسىممۇ مۇشۇنداقتۇر. تۇيغۇلىرى ئەكەلگەن نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا، ناچار شەكىللەرنىڭ (كۆرۈنۈشلەرنىڭ) بېرىدىغان ئىزتىراپىنى تۇيمايدۇ. پەقەت پۈتۈنلەي يالغۇزلۇقتا چۆكۈپ، تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن ھالقىپ چىققان ۋاقىتتا بولسا، بۇ ھاللارنىڭ ئەكېلىدىغان ئىزتىراپلىرى ئۇنىڭغا زاھىر بولىدۇ، ئۇنى قىينايدۇ ۋە ھەر ۋاقىت ئۇنى ئازابلايدۇ. [نۇتۇق قىسمىغا] ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كەلتۈرگەن ئىزتىراپلىرى قوشۇلغاندا، چېكىدىغان جەبرى - زۇلۇملىرىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ ئارتىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى چۈشىنىلگەندە، بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئىچكى جەھەتتىن چېكىدىغان زۇلۇمنىڭ قانچىلىك زور بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. مانا بۇ ھال بەختنىڭ ئەكس تەرىپى بولغان بەختسىزلىكتۇر.

نادان شەھەر ئاھالىسىگە كەلسەك، ئۇلارنى ئازدۇرغان ۋە بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، جاھىلانە مەقسەتلەر يولىدا بۇ شەھەر ئاھالىسىنى بەخت - سائادەت يولىدىن چەتلەشتۈرگەن ئادەم - پاسىق شەھەر ئاھالىسىدىن بىرسى ھېسابلىنىپ بەختسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلقى بولسا جاھىل شەھەر ئاقىۋىتىگە دۇچار بولۇپ، نادان ھالىتىدە قالىدۇ.

خاتا ۋە يېڭىلىش ھالدا بەختنى تەرك ئەتكەن ھەرقانداق ئىنسان ھەم مۇشۇ ھالەتتە بولىدۇ. ئەمما پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىدىن بولۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن جاھىللارچە ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغانلار ئىچىدىن قىلىشنى خالىماي تۇرۇپ قىلغان بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەجبۇر قىلىنغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئۇلارغا ياخشى بىلىنگەن روھىي شەكىللەرگە زىت شەكىللەرنى پەيدا قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرغان روھىي شەكىللىرىنى بۇلغاشتەك بىر ھالمۇ پەيدا قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار پاسىق شەھەر ئاھالىسىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇلار زورلۇق بىلەن قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا خۇش كەلمەيدىغان بۇ زورلۇق يا پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ ئەكسى بولغان شەھەرلىكلەردىن بىرىگە مەنسۇپتۇر ۋە ياكى ئۆزلىرى شۇ زوراۋانلارنىڭ ئىستىبدات ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولغان شەھەردە ياشاش زۆرۈرىيىتىدە قالغانلىقىدىن بولغاندۇر.

***33. پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىگە ئورتاق بولغان نەرسىلەر توغرىسىدا***

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەر بىر ئادىمى بىلىشى زۆرۈر بولغان نەرسىلەر بۇلاردۇر: ئالدى بىلەن بىرىنچى سەۋەبنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن ماددىدىن

ئايرىم بولغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ سۈپەتلىرى، دەرىجىلىرىنى ھەم پەرقلىق ھالەتتىن پائال ئەقىلگە بارغانغا قەدەر بولغان پېئىللىرىنى (ھەرىكەتلىرىنى) بىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن جەۋھەرلەرنى ۋە ھەر بىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئاندىن بۇلارنىڭ ئاستىدا بولغان تەبىئىي جىسىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى، قانداق بۇزۇلىدىغانلىقىنى ھەم بۇ تەۋە بولۇش ھادىسىلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىھتىياتلىق دانا بىر تەدبىرنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تەدبىردە بىپەرۋالىق، كەمتۈكلۈك، ئادالەتسىزلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلىشى لازىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىنى، روھىي قۇۋۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە پائال ئەقىلنىڭ بۇلار ئۈستىدە نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى بىلەن دەسلەپكى ماقۇللارنىڭ (ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ) ۋە ئىرادىي ئىختىيارنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن پەزىلەتلىك شەھەر بىلەن ئاھالىسىنى، روھلىرىنىڭ ئېرىشىدىغان بەختىنى، پەزىلەتلىك شەھەرگە زىت بولغان شەھەرلەرنى، روھلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن دۇچار بولىدىغان ئاقىۋىتىنى ۋە قايسىلىرىنىڭ سائادەتكە، قايسىلىرىنىڭ يوق بولۇشقا يۈزلىنىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن كېيىن پەزىلەتلىك ئاھالىلەر ۋە بۇلارنىڭ قارىمۇ قارشىسى بولغانلارنى بىلىشى لازىمدۇر.

بۇ نەرسىلەر ئىككى يول بىلەن بىلىنىدۇ. يا [خەلقنىڭ] روھىدا بولغان ۋە بولىدىغانغا ئوخشاش ھالدا قايتا گەۋدىلىنىشى بىلەن ياكى مۇناسىۋەت ۋە تەمسىل يولى بىلەن، يەنى ئوخشاش مىساللىرى ئارقىلىق روھلارغا ئەكس ئېتىشى بىلەن پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ ھاكىملىرى بۇ شەھەرنى روھلىرىنىڭ بوھرانلىرى ۋە سەگەكلىكى بىلەن بىلىدۇ. ھاكىملارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەر بولسا، ھاكىملارغا تەۋە بولۇشى بىلەن، ئۇلارغا ئىشىنىپ تايىنىش بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ھاكىملارنىڭ نەزىرىدە قانداق بولسا شۇ بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىر تېپىدىكىلەرمۇ بۇ نەرسىلەرنى شۇلارنى بىلدۈرىدىغان مىساللىرى بىلەن بىلىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدە چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدە نە يارىتىلىشتا بېرىلگەن نە كۆنۈكۈش - ئادەتلىنىش ئېلىپ كەلگەن [روھىي] بىر ھال تېپىلمايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھاكىمنىڭ چۈشىنىش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر. بىلدۈرگۈچى مىساللار بىلەن چۈشەنگەنلەرنىڭ بىرقىسمى بۇ نەرسىلەرنى يېقىن كېلىدىغان مىساللار بىلەن، بىرقىسمى بولسا ئۇزاق مىساللار بىلەن، بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق مىساللار بىلەن، يەنە بەزىلىرى ناھايىتىمۇ ئۇزاق مىساللار بىلەن بىلىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ۋە ھەربىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئالدىدىكى مىساللار بۇ نەرسىلەرنى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ياخشى بىلگەن شەيئىلەرگە ئوخشىتىلغان مىساللاردۇر. شۇ سەۋەبتىن تۈرلۈك مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ خۇسۇسلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ياكى بىرقىسمىدا ئوخشىماسلىقلار (ئىختىلاپ) چىقىشى مۇمكىن. ھەربىر مىللەتنىڭ قوبۇل قىلغان مىساللىرىنى ئىپادىلىگەن ئۇقۇم باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئەينى شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەتلىك مىللەتلەرنىڭ ۋە پەزىلەتلىك شەھەرلەرنىڭ مەزھەپلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بۇ پەرق ھەممىنىڭ ئەينى شۇ بىر مەقسەتنى كۆزلەشكە توسقۇن ئەمەستۇر.

بۇ ئورتاق نەرسىلەر دەلىل - ئىسپاتلىرى (بۇرھانلىرى) بىلەن بىلىنگەن بولسىمۇ، ھېچبىر نۇقتىدا - مەيلى يېڭىلىش، مەيلى چۈشىنىكسىزلىك يۈزىسىدىن بولسۇن - سىر ۋە ئىشەنچ تېمىسى بولالمايدۇ. چۈنكى ئىشەنگۈچى كىشى ئۆز ئىچىدە مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى ئەمەس، خاتالىقىنى چۈشەنگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇلار ئوخشاتقۇچى مىساللىرى بىلەن بىلىنگەن بولسىمۇ، بۇ مىساللاردا ئىشەنچ سەۋەبلىرى بەزەن ئاز، بەزەن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزىلەرگە بىلىنگەن بولىدۇ. بەزىلەرگە بولسا يوشۇرۇن پېتى قالىدۇ. بۇ شەيئىلەرنى ئوخشاتقۇچى مىساللىرى بىلەن تونۇغان كىشىلەرنىڭ ئۇ نىسبەتلەردىكى ئىشەنچ نۇقتىلىرى بىلىش ھالىتىدە تۇرۇشى دائىملىق ئىشلاردۇر. بۇ كىشىلەرمۇ خىلمۇ - خىل بولىدۇ.

بۇلارنىڭ بىرقىسمى ئۆگىنىشكە تەشنا بولۇپ، بىر نەرسىدىن شۈبھىلەنگەندە، ئۇلارنى

خەلققە يېقىنلاشتۇرىدىغان مىسال تېپىلسا ئىشەنچلىرى يوققا چىقىدۇ. قانائەت قىلمىغان تەقدىردە، ئۇلارغا باشقا مىساللار كۆرسىتىلىدۇ. قانائەت قىلىنسا تېخى ياخشى، بولمىسا ئۇلارغا باشقا بىر مىسال تەقدىم قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھەربىر بېرىلگەن مىسالدىن شۈبھىلەنگەندە، ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. بېرىلگەن پۈتۈن مىساللار ئۇنىڭ شۈبھىلىرىنى يوقىتالمىسا، ئۇلاردىكى ھەقنى تونۇش ئارزۇسى ئاشكارىلانغان بولىدۇ ۋە ھاكىملارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ھېكمەتكە تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ھېكمەتنى ئۆگىنىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغان بولىدۇ.

بىرقىسمى بولسا ئېتىبار، باياشاتلىق، مال سەۋداسى ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا جاھىلانە غايىلەرنىڭ قۇلى بولىدۇ. بۇلار پەزىلەتلىك شەھەر قانۇنلىرىنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇن بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ قانۇنلارنى ـ مەيلى ئۇ ئادالەتكە ئۆرنەك بولسۇن، مەيلى ئادالەتنىڭ نەق ئۆزى بولسۇن ـ يوق قىلماق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مىساللار ئىككى خىل شەكىلدە يوق قىلىنىدۇ:

بىرسى ئىشەنچ ماۋزۇلىرىدىن بىرىنى مۇنازىرە تېمىسى قىلىش بىلەن، يەنە بىرسى ئېزىقتۇرۇش ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىك بىلەن، ھەققانىيەت پەقەت ئېزىقتۇرۇش ۋە مەككارلىق بىلەن يوقىتىلىشى مۇمكىن. بۇنى قىلغانلار جاھىللارچە ۋە چىركىن مەقسەتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلۈشنى خالىمىغانلاردۇر. بۇنداق ئادەملەر پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى جامائەلىرى ئارىسىدا بولمايدۇ.

بىرقىسمى پۈتۈن مىساللارنى ئىككى تەرەپتىن يوقىتىشقا باشلايدۇ. بىرى، مىساللار ئۆز ئىچىگە قامىرىغان ئىشەنچنىڭ ئۆزى بىلەن، يەنە بىرى ئەخمىقانە ئويلايدىغانلىقلىرى ۋە خاتا چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، مىساللاردىكى ئاشكارا ھەقىقەتنى خاتا چۈشىنىش بىلەن بۇ سۈرەت بىلەن، ئىشەنچ ئەسلا كېرەك بولمىغان مىساللار ئۇنىڭ قارىشىدا ئاساسسىز ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ھەق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئەخمىقانە چۈشەنچىلىرى ئۇلارنى كولدۇرلىتىدۇ. ھەقىقەت بولمىغان باشقا نەرسىلەرنى خىيال قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ھەق بولمىغان نەرسىنى ھەق ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق چۈشەنچىسى نەزەرلىرىدە سۈكۈت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، سۈكۈت قىلغان شەيئىنىڭ ئۆزى يېڭىلىش چۈشەنچىلەر بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتنىڭ نەق ئۆزى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ھەقىقەتنى ئۆگىنىش ئىدىيىسىدە بولغانلارنى سۈيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن باشلىقلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىق دەپ قارىشىدۇ.

بۇ ھال بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھاماقەتلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلىرى بولسا بىرنەرسىنى يىراقتىن ياكى بولمىسا چۈشىدە كۆرگەنگە ئوخشاش، ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەمما بىرمۇنچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ھەقىقەت دەپ بىلگەن نەرسىنى قەستەن يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلىرى سېستىپ يوققا چىقارغان بۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ ياكى شۇنداق چۈشىنىدۇ.

***34. جاھىل ۋە نادان شەھەر ئاھالىسىنىڭ پىكىرلىرى توغرىسىدا***

جاھىل ۋە نادان شەھەرلەر كونا ۋە پاسىق پىكىرلەرگە تايانغان مەزھەپلەرنىڭ ئەسىرلىرىدۇر، بۇلارنىڭ قوۋملىرىدىن بىرى شۇنداق دەيدۇ:

بىز مەۋجۇتلۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى كۆرىۋاتىمىز. ھەربىر مەۋجۇتلۇق باشقىسىنى ھالاك قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەربىر ۋۇجۇد پەيدا بولۇشتىنلا ئۆز بارلىقىنى پارچىلىنىشتىن ساقلايدىغان بىر ئىقتىدارغا ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئالدىدىكى قارشىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ يوق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغدايدىغان بىر ئىقتىدارغىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قارشىسىنى (زىتىنى) ھالاك قىلىپ، ئۇنى ئۆز تۈرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق، ھەربىر شەيئىنى ئۆزىنىڭ ئۈستۈن بارلىقىغا كېرەك بولىدىغان ۋە ئەبەدىيلىكىنى قوغدايدىغان

بىر شەكىلدە سۇندۇرۇشتەك ئىستىبداتقا ئىگە بولىدۇ. كۆپىنچە مەۋجۇداتلار ئۇستۇنلۇك ۋە ئۆزىنىڭ زىتلىرىغا قەھرىلىنىدىغان ئىستىبداتقا ئىگە بولىدۇ.

ھەربىر مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز زىتىغا ۋە ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق شەيئىگە قارىتا بۇ ھالەتتە بولۇشى، بىزنى تۆۋەندىكىدەك يول بىلەن چۈشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتتا ھەربىر بارلىق ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشاشنى مەقسەت قىلىدۇ ياكى باشقا بارلىقلار ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈن ھاياتلىقنىڭ يالغۇز ئۆزىگىلا بېرىلگەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۆزىگە زەرەرلىك ۋە پايدىسىز بولغان ھەربىر شەيئىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەربىر شەيئىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بېرىلگەندۇر. بىز كۆپىنچە ھايۋانلارنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى كېرەكسىز ۋە پايدىسىز يەرگە قوغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ساقلاش خاھىشىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھايۋانلار گويا ئالەمدە ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلار يوقتەك ياكى بولمىسا ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغاندەك، باشقا ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ياقتۇرمايدىغان تەبىئەتتە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ھايۋاننىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق يامانلىقى يوقتۇر. يارىتىلىش ۋە تەبىئەتتە بۇنداق بولمىغان بۇ مەۋجۇتلۇقلار بىر - بىرىنى شەخسىي مەنپەئەت يولىدا ئەسىر ۋە قۇل قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەربىر تۇرنىڭ باشقا تۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ ئاساسقا تايانغان بولىدۇ. شۇ بىر تۇرنىڭ ئىچىدىمۇ ھەربىر شەخسنىڭ باشقا شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم مۇشۇ ئاساسقا تايىنىدۇ. ماھىيەتتە، بۇ بارلىقلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە بىر - بىرىنى قوغلاش تەبىئىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈكى يەنى باشقىلىرىنى ئېزىدىغىنى تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرىدۇ. بۇلاردىن دائىم غالىب چىققانلار يا بىر - بىرىنى يوق قىلىدۇ - چۈنكى ھەربىرى باشقا بارلىقنى ئۆز بارلىقىغا نۇقسان ۋە زەرەر يەتكۈزىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ - ياكى بىر - بىرىنى قۇلغا ئوخشاش ياللاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ كىشىلەر بىر تۈركۈم شەيئىلەرنىڭ تەرتىپسىز (قائىدە - نىزامسىز) يۈرىۋاتقانلىقىنى ۋە مەۋجۇتلۇقلارنىڭ دەرىجىلىرىگە ئەمەل قىلىنمىغانلىقىنى ھەم بەزى ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇققا لايىق ئەمەسلىكىنى ۋە توغرا بولمىغان يەرگە بەزى ئىمتىيازلاردىن پايدىلانغانلىقىنى، ھەتتا ئىمتىياز دېگەن نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئويدۇرما نەرسىلەردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھېسابلىشىدۇ. بىز كۆرگەن ۋە بىلگەن مەۋجۇتلۇقلار مانا شۇنداقتۇر، دېيىشىدۇ.

بۇ ھەقتە باشقا بىر قوۋم شۇنداق دەيدۇ: بۇ ھال مەۋجۇتلۇقلارنىڭ تەبىئەت ۋە يارىتىلىشلىرىدىنلا شۇنداقتۇر. تەبىئىي جىسىملارنىڭ ئىجرا قىلىنغان ھۆكۈملىرىنى ئىرادە ۋە ئېھتىيات ئىگىسى بولغان ھايۋانلار ئۆز ئارزۇ ۋە ئىرادىلىرى بىلەن ئورۇنلايدۇ. ئەقلى بىلەن چۈشىنىش ئارقىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەملەر بۇنى شۇنداق چۈشىنىدۇ. شەھەرلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نە قائىدە - نىزام، نە رەت تەرتىپ بولمايدۇ. ھېچبىر شەخسنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئېتىبارى ئۇنى ئىمتىيازغا ئىگە قىلمايدۇ. ھەربىر ئىنسان ئۆز ياخشىلىقىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۆزىگە پايدىلىق ھېسابلىغان ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلمىقى كېرەك. ئەڭ بەختىيار ئىنسان كۈرەش ئاخىرىدا پۈتۈن رەقىبلىرىنى يېڭىپ، غەزەپ ياغدۇرغان ئىنساندۇر.

بۇ جاھىللارچە پىكىرلەر ئاخىر بېرىپ شەھەرلەردە باشقا پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، بەزى قوۋملار شۇنداق دېيىشىدۇ: [مەۋجۇتلۇقلارنىڭ] بىر - بىرلىرىگە يېقىنلىششى ۋە بىر - بىرلىرىدىن يىراقلىششى نە تەبىئەت، نە ئىرادە ئەمرى ئەمەس. ئەكسىچە، ئىنساننىڭ ئىنساننى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشى توغرىدۇر. ئىككى ئادەم بىر - بىرى بىلەن پەقەت

زۆرۈرىيەت تۈپەيلى چۈشىنىدۇ ۋە ئېھتىياج سەۋەبىدىن بىرلىشىدۇ. بۇ بىرلىشىش ۋە چۈشىنىشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەب نېمە بولسا بولسۇن، بىرلەشكەن مەزگىلدە ئۇلاردىن بىرسى مۇتلەق غالىب، يەنە بىرسى مۇتلەق مەغلۇپ ھالەتتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرتقا قارشى شەكىللەندۈرگەن بىرلىكى، ئۇلاردىكى قورقۇنچ داۋاملاشقان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ. قورقۇنچ، ۋەھىمە يوقالغان ھامان، دەرھال ئايرىلىشلىرى ۋە بىر - بىرىدىن نەپرەتلىنىشلىرى توغرىدۇر. ئىنسانلىق پرىنسىپلىرىدىن «دائو سەبىئى (دا سىمى = ) ھايۋانىيلىق خۇمارى» دەپ ئاتىلىدىغان پرىنسىپ مانا شۇدۇر.

يەنە باشقا بىر قوۋم بولسا بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەمچىلەرگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە قايىل بولىدۇ. لېكىن، يەنە بىر قوۋم، بۇ بىرلىشىشنىڭ پەقەت زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىچە، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان كىشى، بىرقىسىم ئادەملەرگە زورلۇق بىلەن قەھىر - غەزەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ. ئاندىن بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقىلارغا زورلۇق ئىشلىتىپ قۇللىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ. بۇ ياردەمچىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇلارمۇ ئۇ تەرەپتىن زورلۇق بىلەن قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن كىشىلەر- دۇر. مەسىلەن ئۇ ئۆزى بۇلارنىڭ ئارىسىدا جىسمانىي جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشى قورال - ياراقنى ئىگە بولغىنى ئۈچۈن كۆزگە چېلىققان ئادەمنى ئېلىپ ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئارقىلىق باشقىلىرىغا زورلۇق ئىشلىتىپ قۇل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنە باشقىلىرىغا زورلۇق قىلىپ، مۇشۇنداق زەنجىرسىمان شەكىلدە ئۆزى خالىغانچە ياردەمچى تاپىدۇ. ئاندىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ كەيپى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرى يولىدا قورال ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

يەنە باشقا بىر قوۋم بولسا، بۇ خىل ئۇيۇشۇشنىڭ سۆيۈشۈشنىڭ ۋە ماسلىشىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل توپلىشىشنىڭ قانداق كۈچ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغانلىقى مەسىلىسىدىكى پىكىرلىرىدە ئىختىلاپ بار. بەزىلىرى بىر ئاتىدىن كېلىپ چىققان بولۇشنى بۇ خىل ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، ماسلىشىش، سۆيۈشۈشنىڭ ۋە باشقىلارنى يېڭىش ياكى باشقىلار تەرىپىدىن يېڭىلىشنىڭ ئاساسى سەۋەبى ھېسابلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارشىچە، ئايرىلىش ۋە نەپرەت ئاتىنىڭ ئايرىمىلىقىدىن تۇغۇلىدۇ. ئەڭ كۈچلۈك تۇتاشتۇرغۇچىنى، ئەڭ يېقىن ۋە ئۆز دادىسىنىڭ بىرلىكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ بىرلىك كېيىنكىسى ئادەملەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. ئاخىر شۇنداق دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئارىدىكى بۇ باغلىنىش پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قارشىلىق نەپرەت ھېسلىرى ئىگىلەيدۇ. زۆرۈرىيەت ئۇلارنى پەقەت تاشقى قورقۇنچنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن چوڭ بىر جامائەت ھالىتىدە توپلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بەزىلىرى بۇ ئۇيۇشۇشنى ئەۋلاد قالدۇرۇش - باراۋەرلىكنىڭ نەتىجىسى دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بىر تائىپىنىڭ ئوغۇل باللىرى يەنە بىر تائىپىنىڭ قىزلىرىدىن باللىق بولىدۇ، بۇنى (ئۆزئارا ئورۇق - تۇغقان بولۇش) (مۇستاھارەت) دېيىشىدۇ.

بەزى كىشىلەر بولسا، بۇ ئۇيۇشۇشنىڭ سىرىنى، ئۆزلىرىنى دەسلەپتە يېغىپ تەدبىر كۆرسەتكەن، ئۇلارنىڭ زەپەر قازىنىپ جاھىللارغا خاس مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن كاتتا رەئىسلەرنىڭ (باشلىقلارنىڭ) ئەتراپىغا توپلىنىشتا، دەپ قارايدۇ.

باشقىلىرى بولسا، بۇ ئۇيۇشۇشنى ياۋلارنى يېڭىش ۋە ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى يوقىتىش مەقسىتى بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلماسلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئىچكەن قەسىمىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىشىدۇ.

بەزىلىرى بۇ ئۇيۇشۇشنىڭ ئەخلاقى ئوخشاشلىق، مىجەزدىكى ئوخشاشلىقتا، تىل ۋە شېۋە ئوخشاشلىقىغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىچە، مىللەتلەر بىر -

بىردىن ئۈچ جەھەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتلەردىكى پەرق باشقا جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

باشقا كىشىلەر، بۇ ئۇيۇشۇشنى ئەينى بىر مەھەللە ۋە ئەينى رايوندا بىللە ئولتۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇلار ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۆي بىرلىكى ئاندىن كوچا بىرلىكى، ئاندىن مەھەللە بىرلىكى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبتىن قوشنىلار بىر - بىرىگە يار بولىدۇ، دېيىشىدۇ. قوشنا - بىز بىلەن بىر مەھەللە، بىر كوچىدا ئولتۇرغان كىشىدۇر. ئاندىن كېيىن، شەھەرلەرنىڭ بىرلىكى، ئاندىن شۇ شەھەر جايلاشقان رايوننىڭ بىرلىكى كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كىچىكرەك بىر جامائەنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ياكى ئىككى كىشى ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئامىللار ئىچىدە، بىر يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىش، ماكانلىشىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن مەسىلەكداشلىق، دەرداشلىق قاتارلىق ئامىللارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. دەردلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان دەرداشلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ئاجايىپ زور بىر تەسەللى بولىدۇ! بۇنىڭدىن تاشقىرى، لەززەت ۋە بەزمە - مەشرەپ ئورتاقلىقى بىلەن ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك يوللاردىكى سەپەرداشلىق ھەم بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

*ئادالەت [جاھىل شەھەر چۈشەنچىسىدىكى 35.]*

ئېيتىشتىكى، قەبىلىنىڭ قەبىلىدىن، شەھەرنىڭ شەھەردىن، پىرقىنىڭ پىرقىدىن ۋە مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن [قىسقىسى] ھەرقانداق بىر تائىپىنىڭ باشقا بىر تائىپىدىن ئايرىلىشى (پەرقلىنىشى) بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىدىن ئايرىلىشىغا ئوخشايدۇ. تائىپىلەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئادەملىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆز ئىچىدىمۇ سوقۇشۇش، ئۇرۇشۇشلار بولۇشى تەبىئىي.

ئارىلىرىدىكى تالاش - تارتىش تېمىسى، سالامەتلىك، شان - شەرەپ، بايلىق، لەززەت ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارغا ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىلەردۇر.

شۇ سەۋەبتىن ھەربىر تائىپە باشقا تائىپىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلىرىنى يۇلىۋېلىشنى ئويلايدۇ. ھەربىرىنىڭ باشقىسىغا قارشى ۋەزىيەتتە بولۇشى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەندۇر. قايسىسى باشقىسىنى بويسۇندۇرۇپ ئەزسە غەلىبە قىلغان، شەرەپ قۇچقان بەختىيار شۇ بولىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ۋە ھەربىر تائىپىنىڭ روھىدىكى بۇ خىل تەبىئىي خاھىشلار، مەۋجۇداتلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ھەربىر تەبىئىي شەيئى ئادالەتكە ئويغۇنلۇقىدىن، پەيدا بولۇشتىنلا ئادالەتنىڭ نەق ئۆزى بولىدۇ. ئادالەت باشقىلارنى ئەزمەكتۇر. مەغلۇپ بولغۇچى بولسا يا بەدىنىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ ياكى ھالاك بولۇپ، ئۆلۈمىگە يەر تۇتۇپ غالىبقا ئۆز ھاياتىنى بىكارغا تاپشۇرىدۇ ياكى بولمىسا، مۇشكۈل بىر ئەھۋالدا ياشاش شەرتى بىلەن غالىب تەرىپىدىن قۇل ئورنىدا پايدىلىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غالىبنىڭ ياخشىلىقى ۋە مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن غالىبنىڭ مەغلۇپ بولغۇچىنى ئىشلىتىشى ئادالەت ھېسابلانغىنىغا ئوخشاش، مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ غالىبقا خىزمەت قىلىشى ھەم ئادالەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ بابتىكى تەبىئىي ئادالەت پەزىلەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. مۇشۇ سۈرەتتە ھەرىكەت قىلىشمۇ پەزىلەتلىك پېئىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

غالىب تائىپە بۇ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەڭ زور تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە ئەڭ زور ئۈلۈش بېرىدۇ. تائىپىنىڭ ئۇتۇقى شۆھرەت ۋە شەرەپتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەڭ كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىگە شەرەپنىڭ ئەڭ چوڭى بېرىلىدۇ. ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى مالدىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ مال بېرىلىدۇ. باشقا ئولجىلارمۇ شۇ تەرتىپتە تارقىتىلىدۇ. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ قارىشىدا، تەبىئىي بىر ئادالەتتۇر.

ئۇلار ئېيتىشتىكى، ئېلىش - بېرىشتە، ئامانەتلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشىدا غەزەپلىنىش ۋە زورلۇق قىلىشنى تەرك ئېتىشتە، ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئىشلاردا، قورقۇش، ئاجىزلىق ياكى تاشقى زۆرۈرىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇلارنىڭ پىكرىچە، شەخس بولسۇن، مەيلى تائىپە بولسۇن، ھەر ئىككى تەرەپ كۈچ جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زورلۇق قىلغان تەقدىردە، بۇ سوقۇشۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى ۋە ھەربىرىنىڭ بۇ سەۋەبتىن تارتىدىغان ئازابلىرىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى تەبىئىيدۇر. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ ئارىلىرىدىكى ئىنساپ توغرىسىدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، ھەربىرى باشقىسىغا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرقىسمىنى تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ كۆزقاراش ۋە ئىشەنچلىرىدە ئۆزگىرىش بولمىغان ھالدا، ھەربىرى مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا يەنە بىرىنىڭ قولىدىكى مىلىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە چېقىلماسلىقىقا كېلىشىم ھاسىل قىلىشىپ مۇرەسسەلىشىپ سۈلھى تۈزىدۇ.

ئۆز ئارا ئېچىنىش ۋە ھەمكارلىشىش قاتارلىقلارغا كەلسەك، بۇلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى شۇ دەرىجىدە ئاجىز ھېس قىلىشى ۋە بىر ـ بىرلىرىدىن قورقۇشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. بۇ ھال داۋاملاشسا، ئارىلىرىدىكى باراۋەرلىك داۋام قىلىدۇ. مۇبادا ئىككى تەرەپتىن بىرى ئۆزىنى قارشى تەرەپتىن كۈچلۈك سەزسە، شۇزامان شەرتلەرنى بۇزۇپ ئىلگىرىكى زوراۋانلىققا قايتىدۇ.

ياكى ھەر ئىككى تەرەپ سىرتتىن كەلگەن ۋەھىمىنى پەقەت ئۇرۇشۇپ يوقىتىشقا ۋە قول تۇتۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسە، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ياكى بولمىسا، ئۇلاردىن ھەربىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە پەقەت باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى ماقۇل كۆرىدۇ.

ئەمدى، بۇ سەۋەبلەر يۈزىسىدىن باراۋەرلىك داۋام قىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەۋلادلار كۆرگەنلىرى ۋە ئۆزلىرى ئىچىدە ياشىغان نەرسىلەرنى ئادالەت ھېسابلايدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئادالەتنىڭ قورقۇنچ ۋە ئاجىزلىق ئاساسىغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

شۇڭا، ئۇنى تەتبىق ئېتىشتىن غۇرۇر ھېس قىلىشىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ نەرسىلەرگە قىممەت بەرگەن كىشى يا ئاجىزدۇر ياكى ئىنتىلگەن [زورلۇقنىڭ] ئاقىۋەتلىرىدىن شەخسەن زەخمەت يېيىشتىن قورققان كىشىدۇر.

*[ 36.جاھىل شەھەر ئاھالىسىنىڭ قارىشىدىكى ]*
***ئىتائەتمەنلىك***

ئىتائەتمەنلىك دېمەك ـ ئالەمنى بىر ئىلاھنىڭ ياراتقانلىقىغا، دىندارلارنىڭ پۈتۈن ئىشلارنى ئىدارە ۋە كونترول قىلىدىغانلىقىغا، ئىلاھنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، تەسبىھ ئېيتىپ مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىغا، ئىنساننىڭ ـ غەپلەتتە تۇرماستىن ئىبادەت قىلسا ۋە ھاياتتىكى كۆڭۈل بەرگەن بۇ دۇنيالىقلىرىدىن كەچسە ـ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ھەم ئۆلگەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىبادەتنى تاشلاپ، ھاياتنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرىگە بېرىلىپ، بۇ دۇنيالىق ئىشلار بىلەن قۇۋانسا، ئاخىرەتتە جازالىنىدىغانلىقى ۋە ئېغىر ئازابلارغا دۇچار قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىر گۇرۇھنىڭ يەنە بىر گۇرۇھنى ئالداش ۋە تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن توقۇپ چىقارغان ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە ئالدامچىلىقتىن باشقا نېمە بولاتتى. بۇ نەرسىلەر دۇنيا نېمەتلىرى ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارا كۈرەش قىلىشقا ئاجىز كىشىلەرنىڭ قورقماستىن، ئويدۇرۇپ چىقارغان تەرتىپ ۋە تۇزاقلىرىدىن ئىبارەتتۇر. دۇنيا لەززەتلىرىنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تەلەپ قىلىشقا، قولى ۋە ئەسۋاب ـ ياراقلىرىنى ئىشلىتىپ بىرنەرسىگە ئېرىشىشكە، ھېچ كىشىدىن ياردەم سورىماستىن قولغا كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدىغانلارنىڭ نەيرەڭلىرىدۇر، خالاس.

[خەلقنى]بۇ دۇنيالىقنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بىرقىسمىدىن ۋاز كەچتۈرۈش مەقسىتى بىلەن قورقۇنچ ۋە تەھدىت سېلىشى، دۇنيا مەئىشەتلىرىگە يول ئېچىش ئۈچۈندۇر. دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىنتىلىشتىن ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن قورقىدىغان كىشى كۆرۈنۈشتە بۇ دۇنيالىقلارنىڭ قۇلى بولمىغان ھېسابلىنىپ،

ھۆرمەتكە لايىق كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، گۇمانلانمايدۇ. ھېچكىشى ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ. مەقسىتى يوشۇرۇن بولغىنى ئۈچۈن ھەرىكىتى ۋە ئورۇنۇشلىرى خۇدا يولىدا بولۇۋاتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. [دىندارلارنىڭ] قىلىق ۋە قىياپەتلىرىدىمۇ بۇ دۇنيالىق مەئىشەتلەرگە ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قىلىقى ۋە قىياپەتلىرى ئەمەستۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئېتىبار قىلىنىپ، مال - دۇنيا ئاتىلىدۇ ھەم ھەربىر كىشى يۈرىكىدىن ئۇلارغا باغلانغان بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى تەرىپىدىن سۆيۈلگىنى ئۈچۈن، نەپسىگە قانچىلىك قۇل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەپۇ قىلىنىدۇ. قىلغان پۈتۈن ئەسكىلىكلىرى خۇش كۆرۈلىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن ئېتىبار، رىياسەت، مال - مۈلۈك، لەززەت ۋە ھەر خىل مەئىشەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇلار ھەركىمدىن كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن ۋەزىيەتتىدۇر. گوياكى پۈتۈن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا بولغاندەك.

ھايۋانلار ئوۋ ئولجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھىيلە ۋە قىلتاق ئويلاپ چىقارسا [دىندارلارمۇ] دۇنيا مەئىشەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشاش ھىيلە - نەيرەڭ ۋە تۇزاقلاردىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەم بالىسى بۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى، بىز يۇقىرىدا ئېيتقان مەقسەتلەر يولىدا ئەمەس، بەلكى باشقا مەقسەتلەر يولىدا بولىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلاردىن گۇمانلانمايدۇ، قاچمايدۇ ۋە قورقمايدۇ. ھېچكىم ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار مەقسەتلىرىنى ئاسانلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. [ئىنتائەتمەنلىك] دەيدىغان بۇ نەرسىگە داۋاملىق ھالدا ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولغانلار، ماددىي مەقسەتلەرگە يەتمەك، يەنى دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ئېرىشمەك ئۈچۈن تاشقى كۆرۈنۈشتە سوپىلاردەك كۆرۈنۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئېتىبار ۋە ھۆرمەتنى، ئەقىل - ھېكمەت، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن دەستەكلىۋېلىشنى بىلسە، خەلق نەزىرىدە تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە تېخىمۇ شۆھرەتلىك بولىدۇ.

بۇ دۇنيالىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆز نەپسى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلغان كىشى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالدانغان، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان، بەختسىز، ئەخمەق، ئەقىلسىز، مەنپەئىتىنى ئويلاش ئىقتىدارى يوق، قەدىر - قىممەتتىن مەھرۇم ۋە بەتنام ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى چاقچاق بىلەن كۆپتۈرىدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ رىقابەت دائىرىسىدىن چەتتە ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال - دۇنيالىرىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ يولدا داۋاملىق مېڭىشىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۇنىڭ بۇ يولدىكى پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىنى ماقۇل كۆرىدۇ. يەنە باشقىلار بولسا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالدانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ.

بارلىقلاردا كۆرۈلگەن بۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جاھىلانە پىكىرلەر نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ روھلىرىدا يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۇ كىشىلەر مەزكۇر مال - دۇنيالارنى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنى كېمەيتمەي ساقلاش ۋە داۋاملىق ئارتتۇرۇشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرقىسمىمۇ دۇنيا نېمەتلىرىنى ھەم بىر - بىرلىرىدىن، ھەم باشقىلاردىن يۇلۇش پىكرىدىدۇر. بۇلارنى ساقلاش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن يا ئۆزئارا ئېلىش - بېرىش ۋە ئالماشتۇرۇش قىلىدۇ ياكى بۇلارنى باشقىلاردىن زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. بىرقىسىم كىشىلەرمۇ بۇ نېمەتلەرنى ھەر ئىككى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئارتتۇرۇش پىكرىدىدۇر. يەنە باشقىلىرى بۇ پىكىرنى قوللاش بىلەن بىرگە كۈچلىرىنى ئىككىگە بۆلىدۇ. بىرقىسمى بۇ نېمەتلەرنى ئىشلىتىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. يەنە بىرقىسمى ئورۇش ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارلىرى بىر - بىرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى گۇرۇپپا شەكىللىنىدۇكى، بىرى ئورۇشتا، يەنە بىرى ئىرادىي ئىشلاردا [قابىلىيەت كۆرسىتىدۇ]. يەنە باشقىلىرى بولسا ئىرادىي ئىشلارنى خوتۇنلارغا قالدۇرۇپ، ئورۇشنى ئەركەكلەرگە يۈكلەش پىكرىنى ياقلايدۇ. ئەركەكلەردىن جەڭدە ئاجىزلىق قىلغانلارنى ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ئارىسىغا

قوشۇۋېتىدۇ. بۇ يەردىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، كېرەكسىز پارازىتلار ئارىسىغا كىرىدۇ.

يەنە بىرقىسىملىرى، ئىش كۆرگەنلەرنىڭ، يېغىلگەن ۋە قۇللۇقتا چۈشۈرۈلگەن كىشىلەردىن تالانماسلىقنى ياقلىشىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەنماللارغا قارىغۇچى قىلىش ھەم ماللارنى قوغداش بىلەن ئىشلىتىپ كۆپەيتىشكە مەسئۇل قىلىش كېرەك، دېيىشىدۇ. باشقا بىر قىسىملار بولسا، بارلىقلار ئارىسىدىكى جەڭ ھەر خىل جىنسلار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

ئەينى بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى بىرلىكى، ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشنى توسۇپ، سۈلھى ـ كېلىشىم بىلەن ياشىشىغا دەۋەت قىلىدۇ. پەقەت ئۇلاردىن پايدا كۆتكەن كىشىلەر بىلەن سوقۇشۇپ، پايدا ئۈمىد قىلمىغان تۇردىكىلەرنى قالدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيانلىق (خەتەرلىك) كۆرۈنگەنلەرنى يوقىتىپ، زەرەرسىز بولغانلارنى قويۇپ قويۇش لازىمدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرىدىن كۈتكەن نېمەتلەرنى ئىرادىي مەسىلىلەر يولى بىلەن باشقىلاردىن ئىزدىگەن نېمەتلىرىنى كۈچ يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشلىرى مۇمكىن. كېيىنكىلەرنىڭ تىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىرادىي ھەرىكەتتىن مەھرۇمدۇر.

[بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىپ] ئېيتىدۇكى، تەبىئىي ئىنسان مانا شۇنداق بولىدۇ. ھالبۇكى ھەربىي ئادەم جەڭ قىلىۋاتقاندا تەبىئىي ئەمەستۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا تەبىئىيلىكتىن يىراق بىر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تائىپىنىڭ بولۇشى كېرەك بولسا، ئۇ تائىپىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ باشقا تائىپىلەرنى يوقىتىپ، قوللىرىدىكى ماللىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى لازىمدۇر. مانا شۇنداق ئويلايدىغانلار، تەبىئىي مىللەت ياكى تەبىئىي بىر تائىپىنىڭ ـ پەقەت سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئايرىپ، تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرۈش ياكى تارتىۋېلىنغان ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ـ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن

ھەرقانداق بىر تائىپە ئىككى خىل ئايرىم كۈچتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. يەنە بىرى بىلەن ئىش قىلىدۇ. شۇڭا مۇداپىئەگە ئاجراتقان بۇ كۈچ ئۆزىنىڭ ئىستەك ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۇرۇش قىلمايدۇ. پەقەت چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزنى يوقىتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن جەڭ قىلىدۇ.

بۇ تەرىزدە چۈشىنىدىغانلار ئالدىنقى تائىپىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىدۇر. بۇلار سۈلھىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تاشقىرىدىن ھېچقانداق تاجاۋۇز بولماسلىقى لازىم دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىرلىرى بولسا ئۇرۇشنىڭ سىرتنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلغۇچى شەھەرنىڭ نەزەرىيىسىمۇ مەيدانغا چىققان بولىدۇ.

***37. جاھىل شەھەرلەر توغرىسىدا***

جاھىل شەھەرلەرنىڭ بىرقىسمى زۆرۈرىي، بىرقىسمى ئۆزگەرتىلگەن (ئاينىتىلغان)، بىرقىسمى چۈشكۈن، بىرقىسمى ئابرۇيپەرەس، بىرقىسمى بولسا (ئىجتىمائىيدۇر). ⑦

ئىجتىمائىي شەھەر ئاھالىسى ھېسابقا ئېلىنمىغاندا، قالغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى غايىدە ئورتاقلىققا ئىگىدۇر. ئىجتىمائىي شەھەرنىڭ مەقسەتلىرى ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. مەقسەتلىرى ـ ئۇرۇش قىلىش ۋە قوغدىنىشقا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇرەسسەچى شەھەرلەرنى ئۆز ئارىلىرىغا ياكى ئۆزگە تەئەللۇق شەھەرلەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن قالدۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، بۇ شەھەر ئاھالىسى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بىر گۇرۇپپىسى بۇ ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ [شەھەرلەر] ئۆزلىرىنىڭ مال ۋە نېمەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى مۇشۇ يوسۇندا قوغدايدۇ. جاھىل شەھەرلەر تۈركۈمىگە كىرگەن بۇ سۈلھىچى تائىپىنىڭ خەلقى پاك، روھلۇقتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇش ۋە تالىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇرۇشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولغانلار ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ. قادىر بولمىغانلار بولسا ھىيلە ـ نەيرەڭ، ئالدامچىلىق، يالاقچىلىق، جازانىخورلۇق، ئېزىتقۇلۇق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن، سۈلھىچى شەھەر ئاھالىسى بولغان يەنە باشقىلار بەخت ۋە تاكامۇللۇققا

ئېرىشىش مۇمكىنلىكىگە، بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا پەزىلەتنى سۆيۈش ۋە پازىل ئىشلارنى قىلىش لازىملىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇلار ئەتراپلىرىغا قارىغاندا، نەزەرلىرىگە تاشلانغان تەبىئىي بارلىقلارنىڭ ئىنكار ۋە گۇمانغا ئورۇن قالدۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتىدۇكى: ھەرقانداق شەيئى تەبىئىيلىكنى پەقەت كۆزگە كۆرۈنگەن قىياپەتتە پەيدا قىلسا، جاھالەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلماق لازىمدۇر. ئەمما بىزنىڭ مۇشۇنداق چۈشەنگىنىمىز توغرا بولىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن تەبىئىي بارلىقلارنىڭ بۇگۈنكى ۋۇجۇدلىرىدىن (بارلىقىدىن) باشقا ۋۇجۇدلىرىمۇ باردۇر. بۇگۈنكى ۋۇجۇدلىرى تەبىئىي بولماستىن - ھەقىقىي تەبىئىي بولغان - يەنە بىر ۋۇجۇدلىرى بىلەن زىددىيەت ھالىتىدە بولىدۇ. تەبىئىي مۇكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى بولغان يەنە بىر ۋۇجۇد (بارلىق) نىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن، بۇگۈنكى ۋۇجۇدنىڭ يوق بولۇشى لازىمدۇر. چۈنكى زاھىرى ۋۇجۇد (بارلىق) كامالەتكە ئۇلىشىشىمىزغا توسقۇندۇر. پەقەت ئۇنىڭ يوقىلىشى بىلەنلا كامالەتكە يېتىش مۇمكىن بولىدۇ.

يەنە باشقىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئويلايدۇ. بارلىقلار بۇگۈننىڭ مەھسۇلىدۇر. لېكىن ئۇلارغا بىر تۈركۈم شەيئىلەر قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنى بۇزۇپ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا توسالغۇ بولغان، خېلى كۆپلىرىگە ئەسلىدىكى سۇرەتلىرىدىن باشقىچە سۇرەتلەر بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بولمىغانلار ئىنسان دەپ قارىلىپ، ئىنسان بولغانلارمۇ ئىنسان بولمىغان ھېسابلانغان. ئىنسانىي پېئىللارنىڭ بىزگە تەۋە ئەمەسلىكى ۋە ئىنسانىي پېئىللاردىن بولمىغان شەيئىلەرنىڭ بىزگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار بۇگۈنكى كۈندە قىلىنماسلىقى تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشقا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلماسلىققا باشلىدى. [شۇنىڭغا ئوخشاش] سادىق بولمىغان نەرسىلەر سادىق ھېسابلىنىپ، مۇمكىن بولىدىغان شەيئىلەر مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

ھەر ئىككى نەزەرىيىنىڭ ئىگىلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىدا ئورتاق پىكىردىدۇر. كۆز بىلەن كۆرۈلگەن بارلىق (مەۋجۇتلۇق) يوقىلىشى كېرەككى، بۇنىڭدىن يەنە بىر تەبىئىي بارلىق ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىي بارلىقلاردىن بولۇش بىلەن بىرگە، ھازىر تەبىئىي بارلىقنى ياشمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي بارلىقى بۇگۈنكى بارلىقىدىن باشقىدۇر. بۇگۈنكى بارلىقى ھەقىقىي بارلىقى بىلەن زىت ھالەتتە بولۇپ، ئەسلى بارلىقىغا قايتىشى يولىدىكى توسالغۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر ياشاۋاتقان بىر ئىنساننىڭ بۇگۈنكى ھالىتى تەبىئىي ئەمەستۇر.

يەنە بەزى كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىدۇ: روھنىڭ تەنگە كىرىشى تەبىئىي ئەمەستۇر. ئىنسان ئەسلى روھتۇر. تەننىڭ روھ بىلەن بىرلىشىشى ئۇنى بۇزۇپ، پېئىللىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. خۇنۇكلۇك تەننىڭ روھ بىلەن بىرلىشىشىدىن تۇغۇلىدۇ. روھنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە پەزىلىتى تەندىن قۇتۇلىشىدۇر. ئۇ بەخت سۈپىتىدە تەنگە موھتاج بولمىغىنىغا ئوخشاش، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ نە تەنگە، نە تەننىڭ سىرتىدىكى مال - مۈلۈك، دوست، ئۇرۇق - تۇققان ۋە شەھەر ئاھالىسى قاتارلىقلارغا موھتاج ئەمەستۇر. چۈنكى، تەننىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرگە ۋە شەھەر جامائەلىرىگە پەقەت جىسمانىي بارلىق موھتاج بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ نەزەرىيە ئىگىلىرى روھنىڭ جىسمانىي بارلىقتىن قۇتۇلۇشى لازىملىقىنى ياقلايدۇ.

باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىدۇ: تەن ئىنساننىڭ تەبىئىي بارلىقىدۇر. ئۇنىڭدا ھەقىقىي تەبىئىي بولمىغان نەرسە روھنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىدۇر. (ئارزۇلىرى) بەختكە ئۇلاشتۇرىدىغان كەم - كۈتىسىز پەزىلەت بولسا بۇ (روھىي) كۆرۈنۈشلەرنى (ئارزۇلەرنى) ھالاك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ ھالنى ئاچچىق (غەزەپ) شەھۋەت ۋە شۇلارغا ئوخشاش بولغان كۆرۈنۈشلەرگە تەتبىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۆرۈنۈشلەر ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغان - ئىقبال، بايلىق ۋە لەززەت قاتارلىق ئېھتىراسلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىبارەتتۇر. زوراۋانلىق ھەۋەسىنىمۇ، ياتلىق ۋە نەپرەت ھېسلىرىنىمۇ ئاچچىقنىڭ ۋە غەزەپلىنىش قۇۋۋىتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى يوق قىلىشنى توغرا تاپىدۇ.

بەزى كىشىلەر، بۇ پىكىرنى يالغۇز ئاچچىق ۋە شەھۋەت تۈرىدىن بولغان نەرسىلەرگە تەتبىق ئېتىپ، پەزىلەت ۋە مۇكەممەللىكلەرنى بۇلارنىڭ ھالاكىتىدە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. باشقا كىشىلەر، قىزغانچۇقلۇق، پىخسىقلىق قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر (ئارزۇ) ھەققىدىمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ.

شۇڭا بەزى كىشىلەر شۇنداق دەيدۇ: تەبىئىي بارلىقتا پايدىلىق بولغان شەيئىلەر، بۈگۈنكى بارلىقىمىزغا پايدىلىق بولغان شەيئىلەردىن پەرقلىق بولىدۇ. شەھۋەتنى، ئاچچىقنى ۋە باشقا روھىي ئارەزلەرنى (كۆرۈنۈشلەر) مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەبلەر نۇتۇق قىسمىغا پايدىلىق بولغان سەۋەبلەرگە زىتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېمپېدوكل①غا ئوخشاش كىشىلەر ئىش قىلغۇچىنىڭ زىتلىقىغا يۈكلەيدۇ. بۇ قاراش پارمېنىد②ۋە باشقا تەبىئەتشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا چىقىدۇ. بۇ قاراشلاردىن بىرى قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، خۇلاسىسى شۇنداقتۇر: «ئىرادە بىلەن ئۆل، تەبىئىتىڭ بىلەن ياشايسەن». چۈنكى، ئۇلار ئىككى تۈرلۈك ئۆلۈم بار دەپ قارىغان بولۇپ، بۇلار تەبىئىي ئۆلۈم ۋە ئىرادىي ئۆلۈمدۇر. ئىرادىي ئۆلۈمدىن مەقسەت شەھۋەت ۋە غەزەپلىنىشكە ئوخشاش روھ ئارەزلىرىنى (تاشقى كۆرۈنۈشلەرنى) يوق قىلماقتۇر. تەبىئىي ئۆلۈمدىن مەقسەتمۇ روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. [ئەمەلىيەتتە] تەبىئىي ھاياتتىن مەقسەت مۇكەممەللىك ۋە بەختكە ئېرىشىشتۇر. بۇ پىكىردە بولغۇچىلار، شەھۋەت ۋە غەزەپلىنىش قاتارلىق روھ ئارەزلىرىنىڭ ئىنساندا، شۈبھىسىز، ئارزۇغا خىلاپ ھالدا بىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا نەقىل قىلغان بىرقىسىم ناتوغرا قاراشلار، نادان شەھەرلەردە مەزھەپ ھالىتىدە ساقلانغاندۇر.

بەزى كىشىلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تەبىئىي بارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇشاھىدە ئېيتىپ (كۆزىتىپ)، بارلىقلارنىڭ ھەر خىل ۋە قارىمۇ قارشى بولىدىغانلىقى ۋە بارلىقلارنىڭ بەزىدە بار بولۇپ، بەزىدە يوق بولىدىغانلىقى ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدۇكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېس قىلىنغان (مەخسۇس) ۋە ئەقىلغە مۇۋاپىق بولغان (ماقۇل) بارلىقلار، چەكلىك، جەۋھەرلەرگە ھەم ھەر بىرى ئايرىم خۇسۇسىي تەبىئەتكە ئىگە ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرى تەبىئىتىنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەيئى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار شۇنى كۆردىلەركى، ئۇ بارلىقلاردىن ھەر بىرىنىڭ ـ مەسىلەن، ئىنساننىڭ جەۋھىرى ـ چەكسىز نەرسىلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇ سۆزدىن جەۋھەرنىڭ چەكلىك بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز نەرسىلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. بۇ شۇنچىلىك دەرىجىدىكى، ئىنساننىڭ جەۋھىرىدە بىز ھېس قىلغان نەرسە، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ھېس قىلىنغان (مەخسۇس) نەرسىدۇر. بىز چۈشەنگەن نەرسىمۇ ئۇنىڭدىن چۈشەنگەن نەرسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھېس قىلىنغان (مەخسۇس) ۋە ئەقىلغە ئۇيغۇن بولغان (ماقۇل) نەرسىدىن باشقا بىر نەرسە بولماسلىقىمۇ توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھازىر بولغان بىر نەرسىنىڭ يەنە بولىشىمۇ جائىزدۇر (توغرىدۇر). ئۇنىڭ جەۋھىرى يالغۇز بۇ ماقۇل سۆزىدىن ئىبارەت ئەمەستۇر. لېكىن، بۇنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە سەزمىگەنلىكىمىز ۋە چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، باشقا شەيئىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇبادا ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان شەيئىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى تونۇيغان ۋە چۈشەنگەن بولاتتۇق. قولىمىزدا بار نەرسە شۇ تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال.

شۇڭا بىر كىشى: «تەبىئەت ھەر بىر سۆزنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىنىڭ تەبىئىتىدۇر. ھازىر بىز چۈشەنگەن شەيئىنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر. لېكىن، چەكسىز ھالدا باشقا شەيئىلەردىن ئىبارەتتۇر» دېگەندە، ئۇ مۇشۇدۇر. ئەمما بىز بىلگەن شەيئى باشقا بىر شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېسە، [ئىككى سۆز ئارىسىدا] ھېچبىر پەرق يوقتۇر. چۈنكى جائىز (كېرەك) بولغان شەيئى بىلەن بولۇشى پەرىز قىلىنغان شەيئىنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولماسلىقى شەرت ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۇنىڭدىن باشقىسى جائىز (كېرەك، توغرا) ئەمەستۇر، دېيىش بىلەن، ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇمكىندۇر دېيىش، بىزنى ئوخشاش نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ باشقا شەيئى بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا بۇ شەيئىنىڭ مۇتلەق ھالدا ئۆزى بىلەن كۆپەيتىلگەن بىر سان تۇرىدىن، يەنى «ئۈچ كەرە ئۈچ توققۇز بولىدۇ» دېگەن تۇرىدىن بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. بۇ ئۇنىڭ جەۋھىرى بولماسلىقى بىلەن بىرگە،

① ئېمپېدوكل (Empedokles) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 492 ـ 432 يىللار، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، تەرجىماندىن
② پارمېنىد (parmenides) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 515 ـ 445) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ، تەرجىماندىن

بۇنىڭدىن تۇغۇلغان ساندىكىسى باشقا بىر شەيئى بولىدىغانلىقى، ياكى بىز سەزمىگەن ۋە بىلمىگەن باشقا بىر شەيئى بولۇشى، ياكى بولمىسا بىز هازىرغىچە سەزمىگەن ۋە بىلمىگەن چەكسىز هالەتلەردىن ۋە ماقۇللاردىن (ئۇيغۇنلۇقلاردىن) بولۇشى ۋە ياكى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن سېزىلىپ بىلىنمىگەن بىر شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى هەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىگە لازىملىقىنى ـ جەۋهەر بىرلىكى كېرەكلىكىنى ـ يوق دەپ لازىم قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا شۇ شەكىلدە دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا، تاشقى بىر تەسىر ئۇنىڭ بۇ ئەهۋالىدىن بىرەرسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ هالدا باشقىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەرتلەر هازىرلانغاندا مەۋجۇت بولغان هەر بىر هال ئۈستىدە هاسىل بولىدۇ. هەممىسىمۇ يا دۇچ كېلىپ قېلىشنىڭ نەتىجىسىدە شۇنداق بولىدۇ ياكى هەر ئىككىسىگە سىرتتىن كەلگەن بىرەر تەسىر ۋۇجۇد (بارلىق) ئاتا قىلغان بولىدۇ.

سۆزىمىز ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ئورنىدا، بۇگۈن بىز بىلەلمەيدىغان باشقا بىر شەيئىنىڭ هازىر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. سىرتقى تەسىرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى، ئۇ شەيئىنى بۇ ماقۇلنىڭ (ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇق) قىياپىتىدە قويمىسا، ئۇنىڭ سۈرىتىدە باشقا كىشىنى كۆرۈش ۋە بىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا چۈشەنگەنلەرنىڭ قارىشىدۇر: بۇگۈن چۈشەنگەن هەربىر شەيئىنىڭ زىتى ۋە قارىمۇ قارشىسى توغرا بولىدۇ. مۇبادا بۇگۈن كۆرگەن شەيئىنىڭ هەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى يا تاسادىپىي ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەهۋالدا گۇمان قىلغان بولايلى، ئىنسان سۆزىدىن چۈشىنىلگەن شەيئىنىڭ بۇگۈن باشقا بىر شەيئى ئىكەنلىكىنى ياكى چەكسىز شەيئىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولايلى، گەرچە، بۇ شەيئىلەرنىڭ هەر بىرى بىز چۈشەنگەن زاتنىڭ تەبىئىتى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ شەيئىلەر بىلەن بۇگۈنكى ماقۇل (ئۇيغۇنلۇق، مۇۋاپىقلىق) سان جەهەتتىن شۇ بىر شەيئى بولسا ۋە ئەگەر ئۇلار بىر شەيئى بولماي كۆپلۈك بولسا هەم دائىرىسى تۇرلۇك بولسا، بۇ ئىنسان دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بىر توپنىڭ هەممىسىگە قارىتىلغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر ئۇلارنىڭ هاياتتا بىر يەردە كۆرۈنۈشلىرى مۇمكىن بولسا، بۇگۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن پەرقلەندۈرگۈچى سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا چەكسىز شەيئىلەرمۇ سان جەهەتتىن بىر بولىدۇ. ئەمما بىرلا ۋاقىتتا بولماي ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلغان بولسىمۇ، پۈتۈنلۈك هالدا بىر ـ بىرىگە زىت ۋە قارىمۇ قارشى هالەتتە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە چەكسىز ياكى چەكلىك بولغان بولسا، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، «ئۆزىدىن باشقىسى ياكى قارىمۇ قارشىلىقى توغرا بولمىغان شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈك هالدا قارىمۇ قارشىسى، زىتى ياكى تاقابىل (قارشى) تۇرغۇچىسى بولىدۇ» دېيىش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما [بىر شەيئىنىڭ] بەدىلى ياكى قارشىسىغا كەلسەك، ئۇ توغرىدىكى هېچقانداق سۆز توغرا بولماسلىقى كېرەك بولغاندەك، سۆزلەنگەن هەر بىر سۆزنىڭمۇ راست بولۇشى ۋە كائىناتتا هېچقانداق مەۋجۇت بولماسلىقى لازىمدۇر. چۈنكى، بىر شەيئى باشقا بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتىگە كىرگەندە، بۇگۈن ئۇنىڭ سۆزىدىن مەقسەت قىلىنغان نەرسىدىن باشقىسى بولمايدۇ.

بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتىمۇ؟ سېزىش ئۈچۈن بىلىش ياكى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىقى ئېهتىماللىق هېسابلىنامدۇ؟ بۇگۈن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، ئەقىلغە ئۇيغۇن (ماقۇل) بولمىسا، نېمە ئىكەنلىكىنى بىز بىلمىگەن بۇ شەيئى ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن، ئۇنىڭ زىتى ياكى قارشى تۇرغۇچىسى بولۇشى مۇمكىندۇر دەپ ئويلايمىز هەم مۇشۇنداق. بىزنىڭ قارىشىمىزدا يوق هېسابلانغان شەيئىنىڭ يوق بولماسلىقىمۇ مۇمكىنچىلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بۇلارغا ئوخشاش پىكىرلەر هېكمەتنى بۇزۇپ يوققا چىقىرىدۇ. روهلاردا ئەكس ئەتكەن شەيئىلەرنى يوق قىلىدۇ. هالبۇكى، بۇلار هەقىقىي ۋە جەۋهەرلىرى ئېتىبارى بىلەن بار شەيئىلەردۇر. بارلىقلار جەۋهەر ۋە ئارەزلىرى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز ئارا زىت ۋە چەكسىز ۋۇجۇدلاردىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە هېچبىر شەيئىنىڭ يوق بولۇشىغا ئەسلا ئېهتىماللىق قالدۇرمايدۇ.



# ئېرىم ئۆيدە يوق

(ھېكايە)

فىڭ يەن

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

جىڭ ئېر بىلەن دالىنىڭ توي قىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولۇۋېدى، دالى كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ، شۇ كەتكىنىچە بىرەر ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. گەرچە ئۇ ھەر كۈنى تېلېفون ئۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپلا تېلېفون ھەققىنى تېجەيمەن دەپ تۇرۇپكىنى قويۇپ قويىدى.

بىر كۈنى جىڭ ئېر دالىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزگەندەك ھەر كۈنى ئۇرۇپ قويىدىغان تېلېفوننى ئېلىپ بولۇپ، غۇژژىدىلا ئاچچىقى كەلدى. «مۇھەببەتلەشكەن چېغىمىزدا تېلېفوننى ئېلىۋالساڭ بىر - ئىككى سائەت سۆزلەپمۇ بولدى قىلمايتتىڭ، مانا ئەمدى شېرىن ئايلىرىمىزنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا تېلېفون ھەققىنى تېجەشكە باشلىدىڭ. ھىم، سەن ئۇياقتا تېلېفون ھەققىنى تېجىسەڭ، مەن بۇياقتا كومپيۇتېرنى ئاچىمەن - دە، تورغا چىقىپ پاراڭلىشىمەن، قېنى قانداق قىلىسەنكىن؟»

جىڭ ئېر قېيىدىغىنىچە تورغا چىقىپ، «ۋاقتىڭىز بولسا ئولتۇرۇپ كېتىڭ» دېگەن بىر پاراڭخانىغا كىردى - دە، ئۆزىگە ئىختىيارىچىلا «ئېرىم ئۆيدە يوق» دەپ ئىسىم قويىدى.

ئەمدىلا كىرىشىگە بىرەيلەن ئۇنىڭغا سالام بەردى:

- ھەي، ياخشىمۇسىز! سىز نېمىشقا مېنىڭ ئىجادىيىتىمنى ئوغرىلىۋالىسىز؟

جىڭ ئېر شۇنداق قارىۋىدى، «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» دەيدىغان بىرسى بولۇپ چىقتى.

- ئىككىمىز ئوخشاشلا مۇساپىركەنمىز، ئۇچرىشىپ نېمىشقا تارتىمىز ئازاب؟- جىڭ ئېر ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى ئەلا پۈتتۈرگەن قىز بولغاچقا دەررۇ جاۋابلىششقا باشلىدى.

- ھەر كۈنى يېرىم كۈن ھال - مۇڭ بولىمىز، مۇساپىر ئاتىقى كەلمەس بىزگە باب،- ئۇ تەرەپتىنمۇ شۇئانلا جاۋاب كەلدى.

جىڭ ئېر ئۇنىڭ ئازراق ئەدەبىي دىتى بارلىقىغا قاراپ كەسكىن تالاش - تارتىش قىلدى. ئۇ بىرنېمە دېسە، بۇ بىرنېمە دەپ پاراڭلىششقا باشلىدى، جىڭ ئېر سەپتىن چۈشكەندە يېرىم كېچە سائەت بىر بولۇپ قالغانىدى. ئىككىسى ئەتىسى پاراڭخانىدا يەنە ئۇچرىشىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئەتىسى ئىككىسى دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ، ئىقىم مەسىلىلىرىدىن ئەدەبىياتقىچە، نىكاھ - ئائىلىگىچە ناھايىتى ئوبدان مۇڭداشتى، شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك توردا كۆرۈشۈپ، دېيىشمەيدىغان گېپى يوق سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

«خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» جىڭ ئېرغا خوتۇنىنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكى، يىل بويى سىرتتا يۈرىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى تەس ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقى، ۋاقتىنىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغانلىقى، توپقا قېتىلىپ ھاراق ئىچىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقى، كىتاب ئوقۇش، مۇزىكا ئاڭلاش، تورغا چىقىشقىلا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. جىڭ ئېرمۇ قارشى تەرەپكە ئېرىنىڭ كەسپى دىرېكتور ئىكەنلىكى، ئۇنىڭمۇ دائىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى، ئېرىنىڭ توي قىلىشتىن ئاۋۋال

يانفوننى سىقىمدىۋېلىپ ئۇنىڭغا قولىقىنى پاك قىلىۋەتكىدەك ئۇرغان بولسا، تويدىن كېيىن ئوخشىماي قالغانلىقى، خۇددى ئىت قوغلىغان گاچىدەك ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» جىلك ئېرغا نەسىھەت قىلىپ، «ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق، بۇ ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، توي قىلىش بىلەن مۇھەببەتلىشىش دېگەن باشقا - باشقا ئىش، سىز رولىڭىزنى ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئورۇندىشىڭىز كېرەك» دېدى. جىلك ئېر «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» نىڭ سۆزىگە دەرگۇمان بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ ئىچى خېلىلا بوشاپ قالغانىدى. شۇڭا ئېرىدىن كېلىدىغان ھەر كۈنكى تېلېفوننى ئالغاندا سەل مۇلايىملىشىپ، ئازراق ئاغرىنىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىككىيلەن توردا يەنە ۋاقتىدا ئۇچراشتى. «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» جىلك ئېرغا:

- ئۆگۈنلۈككە خوتۇنۇم قايتىپ كېلىدىغان بولدى، - دېدى.

- سىز نېمىدېگەن بەختلىك - ھە! - دېدى جىلك ئېر ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ، - مېنىڭ ئېرىم يەنە بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىنلا ئاندىن قايتىپ كېلىدۇ، خوتۇنىڭىزغا ئوبدان ھەمراھ بولۇڭ!

- شۇنداق! - دېدى «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق»، - ھە، راست، مەن خوتۇنۇم ماڭا ئېلىپ بەرگەن پادىچى ئىشتىنىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاي دېگەنىدىم، ئەمما بۈگۈن قارىسام ئۇنىڭ ستىرىتمىسىنى تارتقىلى بولمىدى.

- بۇ قىيىن ئەمەس، - دېدى جىلك ئېر قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ، - ئۆيىڭىزدە شام بارمۇ؟ سىيرىتمىغا شامنى سۈرۈپ سىناپ بېقىڭ.

- بولىدۇ، سىناپ باقاي! - دېدى «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، - ھەي، ماڭا تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرەمسىز، مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق، ئاۋازىڭىزنىڭ پەرىزىمدىكىدىن قانچىلىك پەرقلىنىدىغانلىقىنىلا بىلىپ باقماقچىدىم.

- مۇنداق قىلسام قاملاشماسمىكىن؟ تور دېگەن تەخمىنىي بولىدۇ، ئۇچراشقاندىن كېيىن يەنە تونۇشۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

- بىز يا كۆرۈشمەيدىغان تۇرساق، ئاۋازىمىزنى ئاڭلاشقانغا نېمە بولاتتى، سىزگە بىئەپ تۇيۇلۇۋاتامدۇ يا؟

جىلك ئېر بەك چىڭلىق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يانفون نومۇرىنى ئۇنىڭغا ئۇرۇپ بەردى. ئۇ سەل پەم ئىشلىتىپ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئۇنىڭغا بەرمىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن كۆرۈشمىگەن تورداشلار تۇرسا، قارشى تەرەپنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى كىم بىلىدۇ!

- ئۇنداق بولسا ئەتە سىز بىلەن توردا كۆرۈشمەيمەن، سىزگە تېلېفون بېرىمەن.

ئەتىسى كەچتە جىلك ئېر تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۆينى بىر ئەر قۇر يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، كومپيۇتېرنى ئاچتى - دە، خەۋەر كۆرگەچ ئولتۇرۇپ «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» نىڭ تېلېفوننى ساقلىدى، يانفون جىرىڭلاپ، قارشى تەرەپتىن ئەر كىشىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

- سىز «ئېرىم ئۆيدە يوق» مۇ؟

- سىز «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» مۇ؟

- ئاۋازىڭىز پەرىزىمدىكىگە ئوخشايدىكەن.

ئاۋاز بىلەن كۆرۈشۈش تۇيغۇسى خەت بىلەن كۆرۈشۈش تۇيغۇسىغا نېمىلا دېگەنبىلەن ئوخشىمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئىككىسى ئېچىلىپ - يايرىغىنىچە پاراڭلىششقا باشلىدى.

جىلك ئېر:

- خوتۇنىڭىز قايتىپ كەپتۇ، بىز يەنە تورغا چىقىپ پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى.

- نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ - دېدى «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق»، - بەلكىم خوتۇنۇم مەن بىلەن بىللە سىز بىلەن پاراڭلىششى مۇمكىن! ئىككىڭلارنىڭ مىجەزى بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ، جەزمەن چىقىشىپ كېتىسىلەر، بىر كۈنى ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي!

تۇساتتىن جىلك ئېر قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن يوق يەردىن گەپ چىقىرىپ:

- ئىشتىنىڭىزنىڭ سىيرىتمىسىنى ياسىۋالدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھوي، راست، سىزگە رەھمەت ئېيتاي

دەپ تۇراتتىم، سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز ھەقىقەتەن ئەسقاتتى.

ئىككىيلەن يەنە بىردەم تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ، تېلېفوننى قويۇپ قويدى.

جىڭ ئېر ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە بۇرۇلدى، ئەمما ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قورقۇپ كەتتى، يەنە بىر قارىۋىدى، ئەسلىدە دالى قايتىپ كەلگەنىكەن.

ـ ئەجەب بالدۇر قايتىپ كەپسىزغۇ؟ ـ دېدى جىڭ ئېر ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق بىلەن. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقى، كۆكرىكىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدى.

ـ سىز نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى جىڭ ئېر بىرنېمىدىن ئەنسىرەپ، ـ مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي.

ـ يەنە نېمىنى چۈشەندۈرەتتىڭىز؟ ھېلىقى كىشى كىم؟ ئىشتىنىڭىزنىڭ سىيرىتمىسى دېگەن قانداق گەپ؟ مەن ھەقىقەتەن قايتىپ كەلمىسەم بوپتىكەن، مەن سىزنى ئۆيدە يالغۇز زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشلىرىمنى ئالمان ـ تالمان تۈگىتىپلا قايتىپ كەپتىمەن، كېيىنمىدىن لاللما ئەرلەر بىلەن تېپىشىپ قالىدىغىنىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، ـ دالى سەپرا مىجەز ئادەم بولغاچقا، ئاچچىقىدا سەل ئاۋايلىماي سۆزلەپ قويدى.

جىڭ ئېر دالىنىڭ ئاڭلاشقا تېگىشلىك گەپلەرنى ئاڭلىماي قېلىپ، ئاڭلىماسلىققا تېگىشلىك گەپلەرنى ئاڭلىۋالغىنىنى ئۇقۇپ، ئۇپۇل ـ توپۇللا بۇنىڭ بىر توردىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، تېخى كومپيۇتېرنى ئېچىپ دالىغا كۆرسەتتى. ئەمما دالى جىڭ ئېرنىڭ توردىكى ئىسمىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى.

ـ مەن سىزنىڭ مۇنداق ئادەملىكىڭىزنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىكەنمەن، ئېرىڭىز ئۆيدە بولمىسا تالاغا قارايدىكەنسىز.

ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي يوتقىنىنى ئېلىپلا مېھمانخانىدىكى سافادا يېتىشقا چىقىپ كەتتى.

جىڭ ئېر تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى، يانفوننى ئېچىپ قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتى ـ دە، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى، لېنىيە زادىلا بوشىمىدى، قارىغاندا «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» تورغا چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭغا خەت ـ چەك ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلايمىكىن دېسە، بۇ يەنە ناھايىتى بىمەنىلىكتەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن: «ھەي، ھازىر دالى خاپىلىق ئۈستىدە، ئەتە دالىغا ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويارمەن! » دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى جىڭ ئېر ئورنىدىن تۇرغاندا دالى ئىشقا كەتكەنىدى، كەچتە دالى غەرق مەست قايتىپ كەلگەندە جىڭ ئېر ئۇخلاپ قالغانىدى. سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن داۋاملاشتى، جىڭ ئېر بۇ ئىشنىڭ مۇنداق كېتىۋەرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» تىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭ دالىغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما تېلېفون بەرسە ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى، ئېلېكترونلۇق يوللانما ئەۋەتسە جاۋاب قايتمىدى، خوتۇنى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ كەتتىمۇ يا؟

جىڭ ئېر ئۇشتۇمتۇت تېرىكىپ بولالماي قالدى: «سەن نېمىشقا بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ ئۆزۈڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىرتتا ئالدىراش يۈرىسەن، مەن تورغا چىقىپ پاراڭلىشىپ قويسام نېمە بوپتۇ! قورسىقىمدا ئاغرىق يوق، تاۋۇز يېيىشتىن قورقمايمەن! » ئۇ شۇ ئاچچىقىدا دالىغا چۈشەندۈرۈشتىنمۇ يالتايدى.

بىر كۈنى دالى ئىشتىن بالدۇرراق چۈشتى، جىڭ ئېرغا بۇرۇنقىدەكلا تەرىنى تۇرۇپ:

ـ ساۋاقدىشىم داچېن ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بولسىڭىز، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى، ـ دېدى. جىڭ ئېر ئارتۇقچە سوئال سوراشتىن ئېرىنىپ، «دالىنىڭ ساۋاقدىشى بولغاندىكىن، يوقلاپ بارىدىغان يولىمىز بار» دەپ ئويلىدى ـ دە، دالى بىلەن بىللە باردى.

شەھەرلىك دوختۇرخانا سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ 606 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدىكى 2 ـ كارىۋاتتا بىر پۇتى ئېسىپ قويۇلغان بىر كىشى ياتاتتى، دالى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، كونا ساۋاقداشلار ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. دالى داچېن بىلەن جىڭ ئېرگە بىر ـ بىرىنى تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، داچېن بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، جىڭ ئېر ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلىشالماي بىر چەتتە ھاڭۋاقىنىچە ئولتۇردى.

شۇ چاغدا كېسەلخانىنىڭ سىرتىدىن ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنىڭ «تاق، تاق» قىلغان جاراڭلىق

ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى يېقىنلاشتى. بىر چاغدا ئۆزى چىرايلىق، تەبىئىتى قالتىس كەلگەن ياش بىر ئايال قولىغا خورۇم سومكا ئېلىۋالغىنىچە كىرىپ كەلدى، ئەسلىدە ئۇ داچېننىڭ خوتۇنى لۇ شياۋيۈ ئىدى.

تۆتەيلەن بىر - بىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، لۇ شياۋيۈ سومكىسىنى ئېچىپ، چاققانلىق بىلەن خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى چىقاردى - دە، داچېنغا مۇنداق دېدى:

- سىز بۇ يۇتىڭىز بىلەن دوختۇرخانىدا ئاز دېگەندە يەنە بىرەر ئاي ياتىدىغان ئوخشايسىز، مەن سىزنى دەپ خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى ئارىيەتكە ئېلىپ تۇردۇم. يانفونىڭىز ئارقىلىق تورغا چىقسىڭىز بولىدۇ، مەن ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە كاماندىروپكىغا چىققۇدەكمەن، ئۇ سىزگە ھەمراھ بولسۇن!

داچېن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كەينى - كەينىدىن:

- چاققان ئېچىلىڭ، سىناپ باقاي، - دېدى. لۇ شياۋيۈ ئۇنىڭغا سىمنى ئۇلىشىپ بېرىپ، كومپيۇتېرنى ئاچتى.

داچېن خاتىرە كومپيۇتېرنى قۇچىقىغا قويۇۋېلىپ، دالىنى يېنىغا چاقىردى ھەمدە ئۇنىڭغا:

- مەن يېقىندا توردا بىر سىرداش دوست تۇتۇۋالغانىدىم، ئىككى كۈندىن بېرى دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ ئالاقىلىشالمىدىم، ئۇنىڭ ماڭا ئېلېكترون يوللانما ئەۋەتكەن - ئەۋەتمىگەنلىكىگە قاراپ باقاي، - دەپ شىۋىرلىدى.

دالى خاتىرە كومپيۇتېرنى تېخى ئىشلىتىپ باقمىغاچقا، ناھايىتى ئەجەبسىنگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ باردى - دە، داچېننىڭ ئۆز ئىسمىنى «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» دەپ ئۇرغانلىقىنى، ئارقىدىنلا «ئېرىم ئۆيدە يوق» ئەۋەتكەن ئىككى پارچە ئېلېكترون يوللانمىنى كۆردى. ئۇنىڭ بىرىدە: «سىز بىلەن سۆزلەشكىنىم ئېرىمدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويدى، مۇھىم نۇقتا ئىشتاننىڭ سىيرىتمىسى بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى قىلىۋاتقىنىمىزغا ئىككى كۈن بولدى، سىزنىڭ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ، يەنە بىرىدە: «سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئەقەللىي ئىشەنچمۇ بولمىسا، مۇنداق ئۆيىنى تۇتمىغانمۇ تۈزۈك» دەپ يېزىلغانىدى.

- ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! - دەپ ۋارقىرىدى داچېن، - شياۋيۈ قاراڭە، سىز ماڭا ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى پادىچى ئىشتىنىنى يادىڭىزدىمۇ؟ سىيرىتمىسى بۇزۇلۇپ قېلىپ، توردا «ئېرىم ئۆيدە يوق»تىن مەسلىھەت سورىغانىدىم، نەتىجىدە. . .

جىڭ ئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، دالى ئۇنى كاپىدە تۇتۇۋېلىپ، بىردەم قىزارسا، بىردەم تاتاردى.

شۇ چاغدا داچېن دالىغا يەنە سۆزلىدى:

- مېنىڭ توردا تونۇشقان بۇ دوستۇم ھەقىقەتەن ياخشىكەن، ئىقتىدارلىقكەن، يەنە ئاق كۆڭۈلكەن، ئۇ ئېرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئېرى خىزمەتكە ئالدىراپ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاز مۇڭدىشىدىكەن، ئەمدى مۇنداق ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولسا، شۇ تاپتا ئۇلار ئىككىسى قانداق قىلىشىۋاتىدىكىنتاڭ؟

ئۇشتۇمتۇت داچېن بىرنېمىنى يادىغا ئېلىپ، يانفوننى قولىغا ئالدى - دە، بىركىمنىڭ نومۇرىنى باستى.

- مەندە ئۇنىڭ يانفون نومۇرى بار ئىدى، ھۇي. . . يانفوننى ئېتىپ قويۇپتۇ.

دالى شۇ چاغدا جىڭ ئېرنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى، جىڭ ئېر بۇنى چۈشىنىپ ھېچنېمە دېمىدى.


ئىككىسى خوشلىشىپ يېنىپ چىقىپ، يول بويى ئۈنچىقمىدى.

دالى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئىككى قولىنى كونۇپكا تاختىسىدا ئوينىتىشقا باشلىدى. جىڭ ئېر بىر چەتتە بۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

دالى «ئېرى قايتىپ كەلدى» دېگەن بىر ئىسىمنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، «خوتۇنۇم ئۆيدە يوق» قا بىر پارچە ئېلېكترون يوللانما ئەۋەتتى: خوتۇنۇم - «ئېرىم ئۆيدە يوق» قا ھەمراھ بولۇپ پاراڭلاشقانلىقىڭىزغا رەھمەت، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە جىق پۇرسەت چىقمايدۇ، مەن ئۇنىڭ تېلېفون لىنىيىسىنى دائىم ئىگىلىۋالىمەن» .

جىڭ ئېر كۆزىگە ياش ئالغىنىچە كۈلۈۋەتتى، دالى كەينىگە بۇرۇلۇپ جىڭ ئېرنى كەڭ باغرىغا باستى.

( «ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 6 - سانىدىن)



# دېرىزە ئالدىدىكى ئاي نۇرى

(ھېكايە)

**روۋ ئالكارلا (باراگۋاي)**
**داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى**

ھاۋا ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغۇدەك تىنجىق بولۇپ كەتكەن دېكابىرنىڭ بىر ئاخشىمى، كىچىك ئاپام ئانتونىيە چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۆينىڭ گۈللۈككە قارايدىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇ دېرىزىدىن قورۇغا قاراپ قويۇپ، ھەر خىل گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشپۇراق ھىدىغا تولغان ھاۋادىن قانغىچە بىر نەپەس ئېلىۋالدى.

كىچىك ئاپام ياشىنىپ قالغان، چاچلىرى تامامەن ئۆچتەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بىراق مەريەم ئانىنىڭكىدەك نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىدا ئەينى يىللاردىكى ئاجايىپ جەزبىدارلىقنىڭ ئىزنالىرى مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا ھەسرەتلىك ھەم لەززەتلىك بىر ھېكايە يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھېكايىنى ئېغىزدىن چىقىرىش كىشىنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدىغان ئىش دەپ ئويلامدىكىن - تاڭ، ئىشقىلىپ سۆزلەپ بەرمەيتتى. ئەمما شۇ ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭدا قىپقىزىل ئېچىلغان چوڭ يەسمەننىڭ ئۆتكۈر ھىدىغا تولغان ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋېتىپ، شۇ چاغقىچە بېسىپ كېلىۋاتقان قىزىقىشىمنى قاندۇرۇپ قويۇشنى ئىختىيارسىز تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىم. كىچىك ئاپام چىڭ تۇتۇۋېلىشىمغا بەس كېلەلمەي، بىر ئېغىز ئۇھ تارتىۋەتتى - دە، ھېكايىسىنى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

. . . . .

— ئۇ ناھايىتى سۇباتلىق، قاملاشقان يىگىت ئىدى.

ئۇنى بىر پەيشەنبە كۈنى مەن مىسسا ئاڭلاپ بولۇپ چېركاۋدىن چىقىۋاتقىنىمدا كۆرگەنىدىم. ئۇ ياش، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، مېڭىش - تۇرۇشلىرىمۇ جايىدا بىر يىگىت بولۇپ، مېنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالدى.

شۇ چاغدا قەلبىم ھاياجانلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا، كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. نامەلۇم بىر خىل قورقۇش ئارىلاش ئاجايىپ شېرىن خىياللار بىردەمدىلا قەلبىمنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرمۇش مەن ئۈچۈن يېپيېڭى، شەرھلەپ بەرگۈسىز ئەھمىيەتلىك تۈس ئالدى. ئۇنىڭ غىل - پاللا ئۆتۈپ كېتىدىغان تەبەسسۇمى مېنى كۈن بويى مەستخۇش قىلىۋېتەتتى. ناۋادا قايسى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىماي قالسام، شۇ كۈنۈم ماڭا مەڭگۈ ھەسرەتلىكتەك بىلىنەتتى.

مەن ئۇ توغرۇلۇق شۇنداق شېرىن، لەززەتلىك خىياللار ئىلكىدە مەستخۇش بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بىلەن بىر توغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشتۇق. بۇنىڭغا گەرچە شۇنچە ئۇزۇن يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ كەچقۇرۇندىكى شۇ مەنزىرە خۇددى تېخى ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ شۇ كۈنى ماڭا ئېيتقان سۆزلىرى ھېلىمۇ قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. خوشلىشىدىغان چېغىمىزدا بارلىقىمنى، پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇۋەتكىنىم، ئۆزۈمنى مەڭگۈ ئۇنىڭغا

ئاتنىۋەتكىنىم. . . ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. . .

كىچىك ئاپام ھېكايىسىنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تازا بىر ھۇزۇرلىنىپ تىنىۋالدى. ئۇنىڭ شۇ ئۆتكەن ئىشلاردىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇ ھەر كۈنى ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتكەندە مەن بالكوندا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇنى كۈتەتتىم. ئۇ – يەنى سالۋادو پىيادە ياكى ئاتلىق كۆرۈنگەن چاغدا، پارلاق قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتى يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقاندەك بولۇپ كېتەتتىم. ئۇ ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويدى، مەن دەل شۇنى كۈتۈپ يۈرگىنىم ئۈچۈن، ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بەردىم. ئۇ ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە، يۈرىكىم ئىختىيارسىز ھالدا ئەنسىز تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئىپادىسى ناھايىتى سالماق ۋە سالاپەتلىك بولسىمۇ، ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمىكىنتاڭ، ئىشقىلىپ چىرايى تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە قىزغىنلىق بىلەن ئالدىغا بېرىۋىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېھمانخانا ئۆيگە يىغىلغانىدى. ئۇ ھەر بىرەيلەن بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ بىرنەچچە ئېغىزدىن پاراڭلىشىپ، ھەممىسىدە ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

تويغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىمىزدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. كېسەللىك ئازابىدىن بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلەتتىم. قىزىتمام ئۆرلەپ، دائىم قارا باساتتى. چۈشۈمدە سالۋادو ئارقىغا قاراپمۇ قويماي، قاپقاراڭغۇ يولغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىشىنى ئازابلىق نالىلىرىم بىلەن ئىلتىجا قىلساممۇ قۇلاق سالمايتتى. ھەسرەت - نادامەتلىرىمگە پىسەنت قىلمايتتى. . . بىر كۈنى يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىغىنىمچە شۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ كەتتىم. قىزىتمام بەك ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئاچسام سالۋادو كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاپ تۇرسىمۇ زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ كۆڭلۈمنى ياسايتتى. ئائىلە دوختۇرىمىز ئىنتايىن قىزغىن ئادەم ئىدى. ئۇ «ئۇنى تېزرەك ساقايسۇن دېسەڭلار، يېزىغا بېرىپ بىر مەزگىل ھاۋالىنىپ دەم ئالغاچ داۋالانمىسا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىدىم، چۈنكى سالۋادودىن ئايرىلالمايتتىم. ئەمما يەنىلا دوختۇرىمىزنىڭ دېگىنىچە ئىش تۇتماي بولمىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا بىر پەيتۇن ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پەيتۇننىڭ دېرىزىلىرىگە قارامتۇل قىزىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان، ئىچىگە كارىۋات ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يىراق بىر قورۇقتىكى خۇددى ئاپامدەكلا مېھرىبان ئاچامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىلدىم.

پەيتۇنغا چىقىدىغان چېغىمدا جۇدالىق ھەسرىتى يۈرەك - باغرىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتتى. سالۋادو مېنى شەھەر سىرتىغىچە ئاتلىق ئۇزىتىپ چىقتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ توپا - چاڭ تۇزۇتقانچە شەھەرگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە قانداقتۇر بىر خىل غەلىتە سېزىم مېڭەمدە ئاجايىپ بىر خىل ئەندىشە قوزغىۋەتتى. بۇ سېزىم قورۇقتا دەم ئالغاچ داۋالىنىۋاتقان كۈنلىرىمدىمۇ كۆڭلۈمگە ئارام بەرمىدى. خىيالىي پەرەزلىرىم كۆچىيىپ كەتتى. چۈشۈمدە كۆرىدىغىنىم يەنىلا شۇ – سالۋادونىڭ قاپقاراڭغۇ يول بىلەن مېنىڭدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىشى. . . ئويلىغانچە يۈرىكىمنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

قورۇقتا ياخشى كۈتۈنۈشلىرىم، يېزىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىسى، كىشىلەرنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرقانداقى سالۋادودىن ئايرىلىشتىن پەيدا بولغان ھەسرەت - نادامەتلىرىمنى باسالمىدى. سائەت ساناپ، كۈن ساناپ ئاي ئۆتكۈزۈپ دېگۈدەك تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. تۆت ئاي بولغاندىمۇ سالۋادودىن خەت كەلمىدى. مېنى كۈتۈۋاتقان تۇغقانلىرىمنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېچىش مەقسىتىدە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلمەكچى بولغان ھەرقانداق جايغا رازىمەنلىك بىلەن باردىم. ئەمما نەگىلا بارماي، جۇدالىق ھەسرىتىنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا يوشۇرۇپ كەلدىم.

ياش قورۇق ئىگىلىرى بەس - بەس بىلەن ماڭا تەلەپ قويۇشتى. ئەمما مەن ھېچقايسىسىغا

پىسەنت قىلماي يۇرۇۋەردىم. مەندىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر مېنىڭدىن بۇنداق ئۇمىد كۈتۈشنىڭ ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ جىمىقىشتى.

شۇنداق تەقەززالىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئېغىر كۈنلىرىمنىڭ بىرى، بىر تۇغقىنىم جېيەن قىزىم مارىيەنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ. خەتتە: «شەھەردىكىلەر سېنى شۇ يەردىكى ياش، ھەم كېلىشكەن بىر قورۇق ئىگىسى بىلەن توي قىلىۋاپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. سېنى تەبرىكلەيمەن» دەپ يېزىلغانىكەن.

خەتنى ئوقۇپ، شۇئان ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالدىم. ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شېرىن خىيال، ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنىڭ بەربات بولغانلىقىنى چۈشەندىم. ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىدىم، ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىمنى ھېچكىمگە ئاڭلاتمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى قانچە - قانچە كېچىلەرنى قورقۇنچلۇق ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئۇخلىيالماي ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتىم. كۆز ياشلىرىم توختىماي قۇيۇلاتتى. ئۆلۈپلا تۈگىشىشنى ئويلىدىم. بىراق بىر خىل كۈچلۈك تەكەببۇر ھېسسىياتىم بىلەن كۆڭلۈم ئاز - تولا ئىمىن تاپقاندەك بولاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي سالۋادونىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم دوروراتسى بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مېنىڭ ئاچام - تېخى شۇ چاغقىچە قىز پېتى ئۆتكەن ئاق كۆڭۈل ئايال مېنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنىڭ سەۋەبلىرىنى پەرەز قىلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە تەسەللى بېرىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن سۆيگۈ - مۇھەببەت ھېسسىياتىدا ھاياجانلىنىپ باقمىغان كۆڭلى مېنىڭ دەردىمنى، قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ ئۇ ماڭا تەلمۈرۈپ يۈرگەنلەر ئارىسىدىن ماڭا لايىق بىرەرسىنى تېپىپ بەرمەكچىمۇ بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى پوزىتسىيىسى شۇنداق تەبىئىيلىك، سەمىمىيلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان بولسىمۇ، مېنىڭ ئاھۇ - زارلىرىمغا دال بولالمايدىغان، پۇچىلانغان يۈرىكىمگە تەسكىنلىك بەخش ئېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى.

مېنىڭ يۈرىكىم ناھايىتى ئېغىر جاراھەتلەنگەن، كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يېگەنىدى. گەرچە مەن تەكەببۇرلۇقىمغا سۆيۈنۈپ كۆڭلۈمنى تىنجىتىۋالغان بولسامۇ، كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتلىرى قەلبىمنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىلگىرىكىدەكلا لاۋۇلداپ، يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتەيتتى. چۈنكى مەن «شۇ سۆيگۈمگە ئەبەدىلئەبەد سادىق بولىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن. شۇڭا شۇ سۆيگۈم ئۈچۈن چوقۇم ھايات قېلىشىم، ياشىشىم... كېرەك.

سالامەتلىكىم تامامەن ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كەلدىم. خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ھېچكىم سالۋادونىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. بىراق بۇ قەدىمىي دېرىزەمنىڭ رىشاتكىلىرىغا، رامكىلىرىغا قانچىلىغان ھەسرەتلىك ياشلىرىمنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇ دېرىزە كىشىگە ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلىتەلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنىڭ بارلىقىنى يەنە كىم ھېس قىلالايدۇ؟

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كېچىك ئاپام جىمىپ كەتتى. مەن ئىختىيارسىز سوراپ سالدىم:

- ئۇنى قايتا كۆرمىدىڭىزمۇ؟

- كۆردۈم. مىللەتلەر كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن تانسا كېچىلىكىدە كۆردۈم. ئېگىچە - سىڭىللىرىم «پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، سېنى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ دەپ قاراپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمىسۇن» دەپ مېنى تانسا كېچىلىكىگە بېرىشقا ئۇندىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم ۋە مېھمانلىق كىيىملىرىمنى تەييارلاتقۇزۇپ، تانسا كېچىلىكىگە بېرىشقا تەرەددۇت قىلدىم.

«قارا سېنى، بىر ياسىنىۋېدىڭ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ. باشقىلارغا باھا بېرىشكە ئامراق ئادەملەر سېنى ‹تانسا كېچىلىكى خانىشى› مىكىن دەپ قېلىشىدىغان بولدى» دېيىشتى ئۇلار.

مېنىڭ شۇنداق جەزبىلىك ياسىنىشىمدىكى مەقسىتىم شۇ گۈزەللىكىم ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئىدى. مېنىڭ تەكەببۇرانە ئىززەت - ھۆرمىتىمنى ساقلاش تۇيغۇمدىن يۈز - كۆزلىرىم يالىلداپ، كۆزلىرىم چاقناپ كەتتى. مەن بىردەمدىلا ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلىۋېتىدىغان

بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. مۇشۇنداق ياسىنىپ تانىسغا بارغىنىمنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم مېنىڭ يۈركى پىراق ئوتىدا پۇچۇلىنىپ ئېغىر زىدىلەنگەن، قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەسرەت بىلەن تولغان بىر ناتىۋان ئايال ئىكەنلىكىمنى ھەرگىز قىياس قىلالمايتتى. .

ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىۋىدىم، بەدىنىمگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولىشىپ، يۈركىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ ھاياجىنىمنى تېزلا بېسىۋالدىم. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە مېنى تانىسغا تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدا سەل ئىككىلىنىپ قالغان بولساممۇ، ھاكاۋۇرلۇق تۇيغۇم مېنى ئۇنىڭ بىلەن تانىسغا چۈشۈشكە ئۈندىدى. پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يىغامنى زورىغا يۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تانىسغا چۈشتۈم.

مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ قاتتىق ئەيىبلەش تۈسىنى ئالغان ئاۋازى قەلبىمدە، قۇلىقىمدا ھازىرغىچە ئېنىق ساقلىنىپ قالدى.

– ئانتونىيە، تۇغقانلار، دوستلار سېنى يېزىدا توي قىلدى دېيىشىدىغۇ. . .

– نېمە؟ مەن. . .

ئۇنىڭغا خېلىغىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدىم. كۆزلىرىم ئۇنىڭغا گەرچە خۇددى نەشتەردەك قادالغان بولسىمۇ، سوئالىمنى يەنىلا قايتىلىدىم:

– مەن؟ . . .

ئۇنىڭ چىرايى شۇئان ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە قاتتىق ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ماڭا بىرھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى. پۈتكۈل بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىۋاتاتتى.

– قارىغاندا، بىزگە ناھايىتى يامان نەيرەڭ ئىشلىتىپتىكەن، شۇنداقمۇ؟ . . .– دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىغانىدى.

مەن خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتەيلا دەپ قالدىم. چۈنكى ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈپ توي قىلىۋالغان ئەمەسكەن. مەندەك ئاشىقىي بىقارار ئايالنىڭ تەكەببۇرلۇقى تەۋرىنىشكە باشلىدى. مەن قەلبىمنى قاپلاپ، شۇنچە ئايلاردىن بېرى مېنى توختاۋسىز ئازابلاپ كەلگەن ھەسرەت - نادامەتلىرىمنى ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم - دە، يۈگۈرگەنچە نېرى كەتتىم.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۆيۈمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمگە ھەر خىل ئىشلار كەچكەن ھالدا تىنچلىنالماي قالدىم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم ئۈزۈلمەي قۇيۇلاتتى. شۇ يىغلىۋېلىشىم بىلەن ئىچىم بوشاپ كۆڭلۈم خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى. «نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مېنى ئۇنتۇماپتۇ، مېنى تاشلىماپتۇ» .

مەن مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، كۆڭلۈمدە «مەڭگۈ ئۇنىڭ بولغۇسى ئايالى بولىمەن. . . » دەپ قەسەم ئىچتىم. ئۈمىدسىزلىككە تولغان يۈركىم بوش مۇڭلىنىپ قالدى. يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغامۇ پەسەيدى. بەلكى شېرىن خىياللىرىمدىن پەيدا بولغان خاتىرجەملىك يىغىسىغا ئايلاندى. مەن ئىبادەتخانىغا كىرمىگەن بولساممۇ، ئەمما ئىبادەتخانا تۈرمۈشىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. يىگىرمە ياشقا كىرىپلا تەركىيدۇنيا بولۇۋېلىشىم يۈركىمنى پەقەت بىرلا قېتىم بىرلا ئادەمگە تەقدىم قىلالايدىغىنىم ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى مەن يۈركىمنى سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن، مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايمەن. . .

– كىچىك ئاپا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئۇ ئاپئاق چاچلىرىنى سىلىكىپ قويدى. سۈتتەك ئايدىڭدا ئۇنىڭ چاچلىرى بەئەينى كۈمۈش كۆككۈندىسى چېچىپ قويغاندەك تېخىمۇ ئاق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېشى گەرچە يەتمىشكە ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىر جۈپ كۆزىدىن خۇددى ياش قىزلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر نۇرلار چاقنايتتى.

– كۆرمىدىم،– دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا كۆزلىرىگە لىق ياش تولغانىدى.



# ئازابلىق خىيال

(ھېكايە)

ئايشەمگۈل غوپۇر

تۈن كېچە، ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا. مەن بولسام ئاچچىق ھەم ئازابلىق خىيال ئىچىدە تولغىنىۋاتىمەن. ئەتراپىمدا شېرىن ئۇخلاۋاتقانلارغا تۇرۇپلا ئاچچىقىم كېلەتتى. تۇرۇپلا بۇ ئىشلارغا كۈلگۈمۇ كېلەتتى. بىراق مېنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان بۇ رېئاللىقتىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايتتىم، ئۆزۈمنى ئاقلاپمۇ بولالمايتتىم. باشقىلار تەرىپىدىن راستلىققا ئىشەندۈرۈۋېتىلگەن بۇ پاكىت ئالدىدا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن.

تۇرمۇش ئاجايىپ بولىدىكەن. سەن تىلىگەن نەرسە ئەمەس، يىرگەنگەن نەرسە ساڭا چاپلىشىپلا يۈرىدىكەن. مەن ئاران ئېرىشكەن خىزمەت ئورنۇمدا ياخشى ئىشلەپ، ياشلىقتىن گۈزەل ئىزلارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئارتۇقچە غەم - ئەندىشىلەردىن خالىي، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى «تەلەيلىك قىز»، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرمىگەن، ساددا ۋاقىتلىرىم ئىدى. نېمىشقىكىن باشقىلار مېنىڭ سۇلغۇن چىرايىمنى، ئازابلىق قەدەملىرىمنى كۆرەلمەيتتى. نۇرغۇن خاپىلىقلارنى سىڭدۈرۈپ كەتكەن، كۈلگۈنچەك قەلبىم خۇشاللىق ئىزدەيدىغان، ئازابنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان كۆزلىرىم كىشىلەرنى بۇ خىل قاراشتىن خالىي قىلالمايدى.

ئەنە شۇنداق غەمسىز ياشاۋاتقىنىمدا، تۇرمۇش ماڭا چاقچاق قىلدى. قىلغاندىمۇ قاتتىق چاقچاق قىلدى.

شۇ كۈنى مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغان، ئەتە ئۇنىڭ تويى بولىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بەرگىلى، ئاتا - ئانىسىدىن ئەھۋال سورىغىلى بارغانىدىم. ئىشلار تۈگىمەي بەك كەچ قالدىم، شۇڭا ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆيگە قانداق كىرىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. بۇ ئۆيدىكىلەر ماڭا ھېچقانداق تونۇش كەلمەيتتى. مەن پەقەت ئۇلار بىلەن خىزمەتداش ئىدىم. ئۇلار مېنى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئۆيىگە ئاچقىنىۋالغانىدى. يۈرىكىم بىر خىللا سىيلىپ كەتتى. «كىرمەيمۇ يا؟ توختا، كىرمىسەم تېخىمۇ خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن يەنە» بۇنداق كەچ قېلىپ باقمىغاچقا ئىككىلىنىش ۋە تارتىنىش ئىچىدە ئۆيگە كىردىم. ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئۆي مېھمانخانا بولۇپ، ئۇلار مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ چىقىپ كەتكەچكە، گەپ قىلمىدى. مەنمۇ ئۇلاردىن نومۇس قىلىپ، ئۇدۇل ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتىم، بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى ھەببە ھەدەم كىرىپ قالدى ۋە ئۇدۇللا:

- سىز ئەسقەر دېگەن ئادەمنى تونۇمسىز؟

- قانداق دەيسىز؟

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

- ئىشخانىدىكى ئەسقەركاممۇ؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى. دېمەك، بۇ ئەمەس. «ھەببە ھەدەم نېمىشقا بۇنى سورايدىغاندۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

- گېزىتخانىدىكى ئەسقەركامنىمۇ تونۇيمەن.

ئۇ يەنىلا بېشىنى لىڭشىتتى.

- باشقىلارنى تونۇمايمەن. سىز نېمە

دېمەكچى، نېمانداق غەلىتىلا گەپ قىلىسىز؟

- ئەسقەر دېگەن بىرسى تېلېفون ئۇرۇپتۇ. سىز ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئويناتقىلى ئەكىتىپتىكەنسىزغۇ، ياخشى ئويناتقانسىز.

ئۇ ماڭا بىر خىللا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىنلا «سەنمۇ باشقا بىزەڭ قىزلاردىن قىلىشمايدىكەنسەن» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز سوقۇشى بىكار ئەمەسكەن - دە.

- بالا ئوينىتىپتىمەن، «ئەسقەرنىڭ»، توۋا دەڭە. بۈگۈن چۈشكىچە ئۆيدە بولدۇم. چۈشتىن كېيىن ئىككىلەردە خىزمەت بىلەن چىقىپ كەتتىم. كەچتە سىزگە دەپ قويغان بويىچە دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشەنمىسىڭىز خىزمەتداشلىرىمدىن، دوستۇمدىن سوراڭ، نېمانداق چۈشىنىكسىزلا گەپ قىلىسىز. ئوينىشىۋاتمايدىغانسىز، - دېدىم خىيالى هالدا.

- شۇنداق قىپسىزغۇ، نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ، «بالام تېخى كەلمىدى، نەگە ئەكەتكەندۇ؟» دەيدىغۇ، - دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ماڭا ئۇ مەن بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى كۈلكىسى ماڭا قەستەن چاقچاق قىلىپ، مېنى سىناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

مەن يەنە ئىشەنمىگەن هالدا، ئۇنىڭ قىزىدىن «راستىنلا تېلېفون كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ «ئوينىشىپ قويدۇق» دېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق ئۇنىڭ جاۋابىمۇ ئوخشاش بولدى. ئۇ گەرچە بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا مېنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە بۇنى ماڭا يەنە چاقچاقتەكلا كۆرسەتتى. مەن بۇنداق ئادەمنى تونۇمىسام، بۈگۈن قىلغان ئىشىم بايىقىدەك تۇرسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟

- ئويناشماڭە؟

- توۋا ماۋۇ ئاچامنى، ئىشەنمىسىڭىز مەيلى.

ئۇلارمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. مەنمۇ ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ قالدىم. بىراق كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلەمدىغان، يوتقاننى هېلى ياپىمەن، يەنە ئاچىمەن. ئۇخلاي دېسەممۇ ئاشۇ گەپلەر قۇلاق

تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ كۆزۈم سەل يۇمۇلۇپ قالسىلا قالايمىقان چۈشلەر مېنى قىينايدۇ. غايىۋى ئادەملەر كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ بۇ پاكىتنى ماڭا قوبۇل قىلغۇزۇشقا تىرىشاتتى. شۇ تاپتا مەندەك ئازابلىنىۋاتقان ئادەم بولمىسا كېرەك. تۈنۈگۈن كەچتە چۈشۈمنىڭ بۇزۇلغىنى، بۈگۈن يۈرىكىمنىڭ سېلىشى بىكار ئەمەسكەن - دە. ئازابلىق هەم قورقۇنچلۇق خىيال ئىچىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. قاچان تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن. بېشىم شۇنداق ئاغرىۋاتاتتى. بەدەنلىرىم ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ناهايىتى خامۇش هالدا ئىشقا چىقىپ كەتتىم. لېكىن يەنىلا بۇ ئىش خىيالىمدىن كەتمىدى. بۇ ئىشنىڭ شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن ئىش تېخى ئالدىمدىكەن ئەمەسمۇ؟ بۈگۈن چۈشتە ئۆيگە كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ، دەپ دېلىغۇل بولغان هالدا كىردىم. هەببە هەدەم تاماق ئېتىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ:

- كىردىڭىزمۇ؟ - دەپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى.

بىر ۋاقىتتا مەن هەببە هەدەمنىڭ قىزىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشىپ بېرىۋاتاتتىم، تېلېفون كەلدى.

- نېمە دەيدىغانسىز، بۇ قىز مېنىڭ قېشىمدا، بالامنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. تېلېفون بەرمىدى، نېمانداق ئىشەنمەيسىز.

- گۈلنار، هازىر تېلېفون ئۇردىڭىزمۇ؟

- ياق... - دېدىم. بۇ سۆزۈمدە بىر خىل ئەجەبلىنىش هەم قورقۇش بار ئىدى.

- مانا باهارگۈل تېلېفون بەرمەپتۇ، - بەلكىم قارشى تەرەپ قايناپ سۆزلەپ كەتكەن بولسا كېرەك، - تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بۇ قىز بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ سىزگە تېلېفون بېرەي، - تېلېفونىڭىز قانچە؟

هەببە هەدەم تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋاتاتتى. مەن بولسام تېگى يوق خىياللار ئىچىدە ئىدىم. ئۇ تېلېفون نومۇرىنى يۈزۈمگە يېزىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

- گۈلنار، سىزگە ئەمدى دېمىسەم بولمىدى.

يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى، «ئۇ ماڭا نېمىنى دەيدىغاندۇ؟»

- بىزنىڭ ئۆيگە غەيرىي تېلېفونلار كېلىدىغان بوپقالدى. بۇ ئايالنىڭ دېيىشىچە سىز ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئويناپسىز، تېخى توي قىلماقچى ئىكەنسىلەر. ئىشەنمەي دېسەم ئىسمىڭىز، ھەتتا ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ بىلىدىكەن. بۇنداق قىلسىڭىز بۇ ئۆيدە تۇرماڭ. مەن تېخى سىزنى خېلى ياۋاش قىز دەپ ئويلاپتىمەن.

- تۇنۇگۈن شۇنداق دېسىڭىز ئويىنىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. سىز ئويلاپ بېقىڭ، مەن تېخى بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپمۇ باقمىسام، ئايالى بار ئەر بىلەن ئارىلىشىشىم مۇمكىنمۇ، سىز نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسىز؟

- مەنمۇ دەسلەپتە ئىشەنمىگەن، لېكىن دەل شۇ كۈنى سىز «دوستۇمنىڭ ئۆيىنى ياسىشىپ بېرىمەن» دەپ چىقىپ كەتتىڭىز ھەم كەچ كەلدىڭىز، ئۇ ئايال دېگەن ۋاقىت بىلەن سىزنىڭ كەلگەن ۋاقتىڭىز ئوخشاش چىقىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنۈگۈن دوستۇمنىڭكىگە بارىمەن دەپ نەگە باردىڭىز كىم بىلىدۇ؟

- دېمەك، ماڭا ئىشەنمەيسىز شۇنداقمۇ؟ بولدى ماڭا تېلېفون نومۇرىنى بېرىڭ، ئۆزۈم سۆزلىشەي، مەن چوقۇم ئاق ياكى قارا بولىمەن. ھازىر چۈشەندۈرگىنىم بىلەنمۇ بىكاركەن. ئېرى باشقا گۈلنار بىلەن ئوينىسا، ئىسمىمنىڭ ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن مەن ئەيىبلىكمۇ، راست قىزىقكەنغۇ بۇ؟

- قېرى ئەمەسكەن، ئوتتۇزغا كىرىپتۇ.

مەن گەپ قىلمىدىم، يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمەن. ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك ھالغا كەپقالغانىدىم. شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە مەن بۇنداق بەتنامغا ئۇچراپ باقمىغانىكەنمەن، باشقا قىزلاردەك ئاز - تولا ئويناپ قويىدىغان بولسامغۇ بىر گەپ. ئۆگىنىشنى، خىزمەتنىلا بىلىدىغان مەندەك قىزنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدۇ - دە. ھازىر خۇددى «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندەك» ئىش بولدى. تېخى ئۇ پاسكىنىنىڭ ئىسمىنىڭ مېنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشى، ھازىر مەن يېتىۋاتقان ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنىڭ ئاشۇ ئەرنىڭ يانفونىدا پەيدا بولۇشى مېنى ھەقىقەتەنمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى، ياكى بىرەرسى مېنى قەستلەۋاتامدۇ يا؟ توختا، بۇنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك.

مەن ئۇ ئايالغا تېلېفون بېرىپ سۆزلەشمەكچى بولدۇم. ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن تەڭ ئۇنىڭ تىللىرى يېغىپ كەتتى.

«ۋۇ سارالڭ قېرى» دېدىم ئىچىمدە، لېكىن يەنىلا ئىشنى چىرايلىقچە ھەل قىلماقچى بولدۇم. بىراق مېنىڭ چىرايلىقچە قىلغان گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس.

ھەببە ھەدەمنىڭ دېيىشىچە مەن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن رەسمىگە چۈشۈپتىكەن، شۇ يادىمغا كەلدى - دە:

- سىز ماڭا پەقەتلا ئىشەنمەيۋاتىسىز، بولدى، بىز كۆرۈشەيلى، ئۇ قىز ئېرىڭىز بىلەن رەسىمگە چۈشۈپتىكەن. قېنى تونۇپ بېقىڭ، كۆرمەي تۇرۇپ تىللاۋەرمەي.

- ھە! سەن كەلمىگەن ئۆي قالغانتى. كەل، ئىككىڭگە ئوبدان جاي راسلاپ بېرىمەن. ۋۇ شەرمەندە.

خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. «شەرمەندە، شەرمەندە» دېگەن بۇ سۆز قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراشقا باشلىدى. «مەن راستتىنلا شەرمەندىمۇ؟» ھازىرغىچە بىرەرسى مېنى بۇنداق دەپ تىللاپ باقمىغانىدى. ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭغا مەنمۇ ۋارقىراشقا باشلىدىم:

- قانداق نېمە سەن؟ چىرايلىقچە گەپ قىلسا، نېمانداق تىللاپ كېتىسەن. مەن سېنىڭ ئېرىڭنى نەدە كۆرۈپتىمەن، سارالڭ خوتۇن.

- قىلىدىغان ئىشنى قىلغاندىكىن چىرايلىق سۆزلىمەي، ۋارقىرامتىڭ ئەمىسە... - ئۇ بىرنەرسىلەرنى دەپ چالۋاقاپ كەتتى. ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي تىللاۋاتاتتۇق. خۇددى قويۇپ بەرسە ھازىرلا چاچلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم.

ھەببە ھەدەم قولۇمدىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ ئۇ ئايالغا:

- مەن بۇ قىزنى ئېلىپ ھازىر باراي، ئەگەر مۇشۇ قىز بولسا مەنمۇ بۇنداق پاسكىنىنى

تونۇمايمەن دەپ تاشلاپ بېرىپ كېلىمەن. نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ. ئەگەر بولمىسا، ئىش ئۇ بويىچە بولسۇن.

ئارقا - ئارقىدىن قىلىنغان بۇ سۆزلەرگە قانداق چىداپ تۇرغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. «تووۋا، ئادەم هايات بولسا كۆرىدىغان كۈنى تېخى ئالدىدا ئىكەن ئەمەسمۇ؟» شۇ تاپتا مەن ناهايىتىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. دۇنيادا ئادەمنىڭ ئۆزى قىلمىغان ئىشقا جاۋابكار بولۇپ قېلىشى بەك يامانكەن. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەندە ئاشۇ يەرگە بېرىپ، شۇ ئەر بىلەن يۈزلىشىش، ئاشۇ ئايالغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. بىر تۇرۇپ، بۇ ئايالنى سوتقا ئەرز قىلايمۇ يا، ئۇ ۋاقىتتا مەنمۇ كىشىلىك هوقۇقىمنى قوغدىغاندىن سىرت، يەنە تۆلەمگە ئېرىشىمەن دەپمۇ ئويلىدىم. كاللام قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

هەببىبە هەدەم ئىككىمىز ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا ماڭدىم. مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باقمىغان، بۈگۈن تۇنجى قېتىم جىنايەتچىلەردەك ماڭماقتا ئىدىم. هەببىبە هەدەم سۆزلەۋاتاتتى، مېنىڭ بولسا بۇنداق گەپلەر هازىر قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. پۈتۈن ئەس - يادىم ماڭا چاپلانغان ئەرنى كۆرۈپ بېقىشتا ئىدى. بىز ئالتاي يولىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردىكەن.

- شۇنچىۋالا گەپ قىلسام، مىتمۇ قىلمايسىزغۇ؟

«ماۋۇ گەپنى، مۇشۇنداق بەتنامغا قالغان ئادەم يەنە نېمە قىلسام بولاتتى» دېدىم ئىچىمدە. بىز بىر تېلېفون بوتكىسىغا بېرىپ ئۇ ئايالغا تېلېفون بەردۇق. ئۇ ئايال بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئالدىمدا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق، مېھرىبان بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن تېلېفوندا تىللىشىپ كەتكەن ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئېرىچۇ؟ هېلىقى بۇزۇق ئەر قېنىدۇ؟ ئەتراپقا قارىدىم، هېچبىر ئەر بىزگە قاراۋاتقاندەك ئەمەس.

- هە، باهارگۈل، بۇ قىز رەسىمدىكى قىزغا ئوخشامدىكەن،- دېدى هەببىبە هەدەم.

ئايال تۇرۇپ كېتىپ:

- ئۇ چاغدا بۇ قىز چېچىنى قويۇۋېتىپتىكەن. چېچى مۈرىسىدىكەن، چىرايىنى ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم. پاكار قىز، يۈز قىسمى سوزۇنچاقراقمۇ دەيمەن.

- بۇ قىزنىڭ چېچى كاسىسىدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىنى پەقەت قويۇۋەتمەيدۇ،- دېدى هەببىبە هەدەم.

ئۇھ دېدىم مەن، گەرچە ماڭا قىلىنغان بۆهتان بولسىمۇ هەرهالدا ئىسپاتلاندى.

- بىراق نېمىشقا ئىسمى ئوخشايدۇ، يانفوندىكى نومۇرمۇ سىلەرنىڭ چىقىدۇ. ماڭا ئەمىسە ئاشۇ قىزنى تېپىپ بېرىڭ.

- ساراڭمۇ سىز، مەن تېخى ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلمىغىنىمغا خۇش بولۇڭ، سىزگە تېپىپ بېرىدىغانغا مەن ساقچى ئەمەس. قانداق دېگەن گەپ بۇ، ئىشنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئاشۇ قىز شۇمۇ، ئەمەسمۇ، ئېنىق پاكىتىڭىزمۇ يوق، ئادەمنى تىللاپ كېتىدىكەنسىز. تاكسى پۇلىنى سىز تۆلەپ بېرىشىڭىز كېرەكتى ئەسلى.

- ئېرىڭىز قېنى، كۆرۈشۈپ باقايلى،- دېدى هەببىبە هەدەم.

- ناماز ئوقۇغىلى كەتكەن، ۋۇي، ئاۋۇ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟

- چاقىرىپ چىقامسىز،- دېدى هەببىبە هەدەم.

- چاقىرسامۇ چىقمايدۇ،- ئايالنىڭ سۆزلىرى پەقەتلا بىر - بىرىگە باغلانمىغان، ئۇ يەر - بۇ يەردىنلا سۆزلەيتتى.

- ئەمىسە بىز چاقىرىپ چىقايلى، بوي تۇرقى قانداق، ئېيتىڭە.

- بولدىلا، مەن ئۆزۈم چاقىراي.

ئايال ئاشخانىغا كىرىپ بىر ئادەمنى باشلاپ چىقتى. ئۇ ئادەم بۇغداي ئۆڭ، پاكار، كۆزلىرىدىن شەھۋانىيلىق چىقىپ تۇرىدىغان، سودىگەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان، چىرايى كۆرۈمسىز ئادەمكەن.

- مۇشۇ ئەرمۇ، مەن هەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنداق ئەرلەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرەرمەنمۇ، قانچىلىك چىرايلىقكىن دەپتىكەن. سىزگە ئوشۇق كېتىپتۇ بۇ ئەر. ها... ها... ها.

ئايالنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ

ئوقۇمۇشلۇق ئايالدەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ خۇددى بىرنەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، بىرنەرسىگە تەلپۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مېنىڭچە، ئۇ ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ گەپلىرىم ئەرگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تىكىپ ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قارىشىدىن «مېنى ئاشۇ قىز شۇ» دەپ تۇرۇۋالارمۇ دېگەن ئەندىشە قاپلىدى.

– بۇ قىز ئەمەس، مەن ساڭا دېگەن ئۇلارنى ئاۋارە قىلما دەپ، ئەگەر بەك كۆرگۈڭ بولسا مەن ئەكېلىپ كۆرسىتىپ قوياي. ھامىنى توي قىلىدىغان بولغاندىكىن.

يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. ماڭا تومۇرلىرىمنىڭ سوقۇشى ئىلگىرىكىدىن تېزلەشكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن ئەرگە ئاچچىقىم كەلدى. بىر چىرايلىق ئايالنى نېمىدەپ قويۇۋېتىدۇ. بۇ ئايالمۇ بۇنداق ئەرگە بۇنچە قىلغۇچە ئاجراشسا بولمامدىغاندۇ؟ تېخى ئايالنىڭ دېيىشىچە، ئايال جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن. ئەر بولسا ماشىنا سودىسى قىلىدىكەن. شۇ ھالىغا ئايالىغا نېمانداق قىلىدىغاندۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسە بارمۇ؟

مەن ئۆز خىيالىم بىلەن بوپ كېتىپتىمەن، بىر ۋاقىتتا ھېلىقى ئايال ھەببىبە ھەدەمگە دەردىنى ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ.

– مەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايالى، دەسلەپكى ئايالىدىن بىر بالىسى بار، مەندىن بىر بالىسى بار، ئارىمىزدا بالا تۇرسا، مەن ئاجراشمايمەن، شۇنداقلا ئۇنى توي قىلغۇزمايمەن، ئاشۇ جالاپنى تېپىپ ئەدىپىنى بېرىمەن. ئېرىمنى ئازدۇرغىنىغا تۈيغۇزۇپ قويمىسام.

قارىغاندا بۇ ئايال ئېرىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ھەي، ئىشق - مۇھەببەت ئۈچۈن خارلانغان ئايال، بۇ ئەر شۇنىڭغا ئەرزىمدۇ؟ ئۇنىڭدىن ۋاپا كېلەرمۇ؟ مەن ئايال ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقىم يېنىپ قالغانىدى. ئەكسىچە مەندە ئۇنىڭغا قارىتا ھېسداشلىق شەكىللەندى.

– قاراڭ، سىزمۇ بىر ئوبدان ئايالىڭىز تۇرسا، بۇنداق ئىشلارنى قىلسىڭىز بولامدۇ؟ – دېدى ھەببىبە ھەدەم.

– يۈز - خاتىرە قىلسا بىلمەيدۇ بۇ، تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىدىغان تۇرسا.

– سەنمۇ باشقا جالاپلار بىلەن ئوينىغاندىكىن مەنمۇ چېكىمەن، قانداق قىلاتتىڭ؟

«سېنىڭمۇ بۇ ئەرگە چاپلاشقىنىڭ بىكار ئەمەسكەن، ئۆزۈڭدىمۇ باركەن ئەمەسمۇ، ئەسلى ئىككىڭلار تازا ماس كەپسىلەر. بىكار ئىچ ئاغرىتىپتىمەن» دەپ ئويلىدىم. ماڭا خۇددى ئۇلار قەستەن بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك، بىزگە ئويۇن قويۇۋاتقاندەك بىلىندى.

– بولدى قىلىڭلار، بىز سىلەرنىڭ ئويۇنىڭلارنى كۆرگىلى كەلمىدۇق. ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار. بىز ماڭايلى. سىزمۇ ئەر بولغاندىكىن قىلغان ئىشىڭىزغا مەسئۇل بولۇڭ. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ قىز ئايالىڭىزدەك چىرايلىق ئەمەستۇ. سىزمۇ بۇنداق ئەرگە بۇنچە قىلىپ كەتمەڭ.

ھەببىبە ھەدەم ئايالنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ئايال ئايالنىڭ قاياشى دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

ئىشمۇ ئۆز يولىدا ھەل بولدى. بىراق بىكاردىن بىكار ماڭغىنىم، بۇلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق بەتنامغا قېلىشىم پەقەت كاللامدىن ئۆتمىدى. ماڭا بۇ يەر ناشايان ئىشلار توپلانغان يەردەك بىلىنمەكتە ئىدى. بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىش، بارلىق خاپىلىقلارنى تاشلاپ كېتىشنى ئويلىدىم. بىراق ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغىنىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە سانجىلغان تىغ. ماڭا تەقدىرنىڭ تاشلىغان سوئالى بەلكىم. ھەر بىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باساي.

تۈن كېچە بىلەن باشلانغان ئازاب يەنە تۈن كېچىدە ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن كېچە ماڭا داۋاملىق ھەمراھ بولۇپ، مېنى ئويلاندۇردى. قاچانمۇ بۇ كۆڭلەرگە «خوش» دەرمەن.

# ۈرۈمچى نىيە تۇرمۇش بۇيۇملىرى تەتقىقات - ئېچىش شىركىتى

# 乌鲁木齐市尼雅日用化妆品研究开发有限公




قەشقەردىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى، ئۆمىدۋار تاللا بازىرى، تولۇن ئاي گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى، A رايون 2 - قەۋەت 140 - دۇكان؛ مارالبېشىدىكى سېتىش ئورنى: ئاباس تاللا بازىرى؛ مەكىتتىكى سېتىش ئورنى: ئارزۇ تاللا بازىرى؛ قاغىلىقتىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ يېڭىساردىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ پەيزاۋاتتىكى سېتىش ئورنى: گۈلدىيار تاللا بازىرى؛ يەكەندىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ يېڭىشەھەردىكى سېتىش ئورنى: مەھلىيا تاللا بازىرى؛ كونىشەھەردىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ غۇلجىدىكى سېتىش ئورنى: ئالتۇن نۇر بازىرى 2 - دۇكان؛ تېكەستىكى سېتىش ئورنى: گىرىم ملىبى بىناسى ئارقا سېپىلا 17 - نومۇرلۇق دۇكان، ئارزۇ تاللا بازىرى؛ قورغاستىكى سېتىش ئورنى: زۇننار خانىم سېتىش تۈزۈش ياسىش مەركىزى؛ كورلىدىكى سېتىش ئورنى: كورلا 1 - ئىستامبۇل تاللا بازىرى، ئىگىلىكان تاللا بازىرى، ئاق ئەستېركۆل تاللا بازىرى؛ ئارا ئەسىردىكى سېتىش ئورنى: سەللىي بۇيۇملار تۈپ ۋە پارچە سېتىش ئورنى؛ ئاقسۇدىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ بايدىكى سېتىش ئورنى: ئارمان تاللا بازىرى؛ تۇرپاندىكى سېتىش ئورنى: بۈگۈن سەرخىل مۇلازىمەت مەركىزى؛ قاراماي دىكى سېتىش ئورنى: ئارمان تاللا بازىرى، ئەنتېرلان تاللا بازىرى؛ بۆرتالادىكى سېتىش ئورنى: يېڭى بازار 2 - قەۋەت گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى؛ ماناستىكى سېتىش ئورنى: ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ ئاتۇشتىكى سېتىش ئورنى: ئاتۇش چىمەنزار تاللا بازىرى؛ قۇمۇلدىكى سېتىش ئورنى: گۈل ئەزىمەر تاللا بازىرى؛ خوتەن شەھىرىدىكى سېتىش ئورنى: ئىستىقبال داڭلىق گىرىم بۇيۇملار دۇكىنى سال تۈزۈتلاش مەركىزى؛ تۇرپاندىكى سېتىش ئورنى: هاراق - تاماكا شىركىتى 1 - قەۋەت گىرىم بۇيۇملىرى سېتىش ئورنى؛ پىچاندىكى سېتىش ئورنى: پىچان ئىستامبۇل تاللا بازىرى؛ توقسۇندىكى سېتىش ئورنى: چىكتىن تاللا بازىرى؛ موڭغۇلكۈرەدىكى سېتىش ئورنى: يى خې سودا سارىيى ئۆتۈبىرسال تاللا بازىرى؛ چۆچەك دۆربىلجىندىكى سېتىش ئورنى: ھېممەت ئابدۇكېرىم تاللا بازىرى؛ بۆرتالادىكى سېتىش ئورى: تۇرغۇن سودا - سارىيىدىكى ئارمان تاللا بازىرى.




国际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58—83 零售价：5.00元